«جۇڭگو سەرخىل ژۇرناللار سېپى»دىكى نەشرىي ئەپكار
入选《中国期刊方阵》的刊物
«شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن نەشرىي ئەپكار
荣获《新疆期刊奖》的刊物

中国期刊方阵
双效期刊
中华人民共和国新闻出版总署



1
2009


# 新疆文化

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

ISSN 1008-6498
01>
9 771008 649003

•XINJIANG CIVILIZATION•СИНЬЦЗЯНСКАЯ КУЛЬТУРА•シンキョウ ブンカ•مجلة حضارة شنجيانغ•

www.uyghurkitap.com



تالانتلىق يازغۇچى مۇھەممەت باغراش ئەپەندى

●شوئارىمىز: خەلقچىللىق، ئىلمىيلىك، ئاممىباپلىق، ئوقۇشچانلىق●

# بۇ ساندا

## پەخىرلەن دۇنياغا مەھمۇد ۋەتىنى


مەھمۇد كاشغەرىي تەۋەللۇتىنىڭ 1000 يىللىقىنى خاتىرىلەش بويىچە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى ........................ ئابدۇشۇكۇر ئابدۇكېرىم 2

لاگناۋشا ................ (شېئىر) ................ شياۋ جۇگېي 3

مەھمۇد تىلى ................ (« ») ................ ئابدۇرېھىم ئابدۇللا 4


## ئاجايىباتلارغا تولغان بۇ دۇنيا


شوپۇر ئېيتقان ھېكايە ................ (ھېكايە) ................ نۇرمۇھەممەت توختى 5


## سەھرا سۈرەتلىرى


سەھرادىكى ھېكايە ................ (ھېكايە) ........ ئابدۇرەھمان ئەزىز ئوغلى 13


## غالىبلىق ۋە پەزىلەت


غالىبلاردىن ئەندىشىلىرىم ........................ ئەسئەت ئەمەت 19


## تارىخ سەپىرىدە


مەكىت، يىلتىز، دولان ........................ روزىمۇھەممەت مۇتەللىپ 31


## تەگتۇشلارغا سۆز


بىزدىكى ئۈچ غەلەت ........................ دىلئارام قۇربان ئايتۇرك 40


## تاغدىن ـ باغدىن


«تىلماچلار چايخانىسى»دىكى پاراڭلار ...... ئىلھامجان نىياز قاتارلىقلار تەرجىمىسى 47


## تەپەككۇر كۆزى


تەپەككۇر مېۋىلىرى ........................ ئەزىمەت مەشرەپ قاتارلىقلار 58


## ئاگاھ ۋە دانا بولۇڭ


ئەپەندى ۋە سودا ........................ مەھمۇت ئىلياس ئىدىقۇتلۇق 65


## ئەخلاق ـــ ئادەم زىننىتى


كوچىدا ئاڭلىغان ئۈچ دەرس ........................ زۇنۇن ھوشۇر 69


## بىز باسقان يوللار


بىزنىڭ كارۋان ........................ ئابدۇقەييۇم ئوبۇلقاسىم 71


## ئاقىلغا ئىشارەت، نادانغا جۇۋالدۇرۇز


ئەقىل ئۆتەڭلىرىدە ........................ ئابدۇقەييۇم ئوبۇلقاسىم قاتارلىقلار 73


مۇقاۋىدا: قىزچاق (ماي بوياق)　　رەسسام: ئابدۇشۇكۇر كېرەم كۆك

**بۇ ساننىڭ ئىجرائىيە مەسئۇل مۇھەررىرى ۋە تېخنىك رېداكتورى: قۇربان مامۇت**


# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

( 58 ـ يىل نەشرى )

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال
ئەدەبىي ژۇرنال
2009 ـ يىل 1 ـ سان
( ئومۇمىي 295 ـ سان )



باش مۇھەررىر:
**زۇنۇن باقى** ( قوشۇمچە )
( ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى ئىشخانىسىنىڭ باشقارما دەرىجىلىك مەمۇرى )

دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل
ئىجرائىيە مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
**قۇربان مامۇت**
( ئالىي مۇھەررىر )

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
**رىسالەت مۇھەممەت**
( كاندىدات ئالىي مۇھەررىر )

تەكلىپلىك مۇھەررىر ۋە گۈزەل سەنئەت لايىھىلىگۈچى:
**نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۈچقۇن**
( ئەدەبىيات ماگىستىر ئاسپىرانتى )

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# دۇنياۋى شۆھرەتلىك ئۇلۇغ تىلشۇناس، ئېنسىكلوپېدىك ئالىم مەھمۇد كاشغەرىي تەۋەللۇتىنىڭ 1000 يىللىقىغا تەنتەنە قىلىمىز

## مەھمۇد كاشغەرىي تەۋەللۇتىنىڭ 1000يىللىقىنى خاتىرىلەش بويىچە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

ئابلەت ئابدۇرېشىت، تۆمۈر داۋامەت، ئىسمائىل ئەھمەد تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى

ئېلىمىزنىڭ 11 ـ ئەسىردە ياشىغان ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى، دۇنيا سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقىدىكى بۈيۈك نامايەندە ۋە تىل تەسىرى تەتقىقاتىنىڭ ئاساسچىسى مەھمۇد كاشغەرىي تەۋەللۇتىنىڭ 1000يىللىقىنى خاتىرىلەش بويىچە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى 2008 ـ يىل 15 ـ دېكابىر شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈلدى.

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقلىرىدىن تۆمۈر داۋامەت، ئىسمائىل ئەھمەد تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتىپ، ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلۈشىگە تىلەكداشلىق بىلدۈردى.

ئىگىلىنىشچە، 2008 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ب د ت مائارىپ، ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت تەشكىلاتىنىڭ 34 ـ قېتىملىق يىغىنى ئېلىمىزنىڭ 11 ـ ئەسىردە ئۆتكەن ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد كاشغەرىي تەۋەللۇتىنىڭ 1000يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن 2008 ـ يىلىغا «مەھمۇد كاشغەرىي يىلى» دەپ نام بەرگەن. بۇ قارار جاكارلانغاندىن كېيىن بېيجىڭدا، تۈركمەنىستاننىڭ پايتەختى ئاشخاباد، تۈركىيىنىڭ ئەنقەرە، ئىستانبۇل، رىزە شەھەرلىرىدە ۋە قازاقىستاننىڭ ئالما ـ ئاتا شەھىرىدە تەبرىكلەش پائالىيەتلىرى ھەم ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرى ئۆتكۈزۈلگەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە جۇڭگو بىلەن تۈركىيە ھەمكارلىقىدا 2008 ـ يىل 24 ـ نويابىردىن 26 ـ نويابىرغىچە بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن يىغىننىڭ كۆلىمى ئەڭ زور، دەرىجىسى ئەڭ يۇقىرى بولغان.

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئۇيۇشتۇرغان بۇ قېتىمقى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا مىرسۇلتان ئوسمانوف، ھاجى ئىمىن تۇرسۇن، ئازاد رەھمىتۇللا سۇلتان قاتارلىق 10نەچچە ئالىم ـ مۇتەخەسسىس، تەتقىقاتچى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ھاياتى، مەقبەرىسىنىڭ ئېنىقلىنىشى ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ ئىلمىي قىممىتى قاتارلىق تېمىلاردا تەتقىقات

### پەخىرلەن دۇنياغا مەھمۇد ۋەتىنى

ماقالىلىرىنى ئوقۇدى. يىغىندا مەھمۇد كاشغەرىي ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى» تەتقىقاتى ئۈچۈن كەۋدىلىك تۆھپە قوشقان تىلشۇناس مىرسۇلتان ئوسمانوف بىلەن جامائەت ئەربابى، تىلشۇناس، تارىخ، مەدەنىيەت تەتقىقاتچىسى، ئەدىب ھاجى ئەمەن تۇرسۇنغا تون كىيدۈرۈلدى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ رەھبەرلىرى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىغا يېڭىدىن نەشر قىلىنغان « تۈركىي تىللار دىۋانى»دىن بىر يۈرۈش تەقدىم قىلدى. ساخاۋەتلىك تىجارەتچى ئابلىمىت خالىس ھاجىم شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىغا ھەم مىرسۇلتان ئوسمانوف بىلەن ھاجى ئەمەن تۇرسۇنغا «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىن بىر يۈرۈشتىن سوۋغا قىلدى.

يىغىنغا ماھنۇر قاسىم، مىجىت ناسىر، ئامىنە غاپپار قاتارلىق پېشقەدەم رەھبەرلەر، ھەرساھەدىكى ئىلىم ئەھلىلىرى، ئىلمىي خادىملار، ئىلىم تەلەپكارلىرى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلىرىدىن 400گە يېقىن كىشى ئىشتىراك قىلدى.

— ئابدۇشۈكۈر ئابدۇكېرىم

«شىنجاڭ گېزىتى»مۇخبىرى(M2)

# لاڭتاۋشا

## — مەھمۇد كاشغەرىي تەۋەللۇتىنىڭ مىڭ يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن[1]

بۇ شېئىر شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۆتكۈزۈلگەن «مەھمۇد كاشغەرىي تەۋەللۇتىنىڭ 1000يىللىقىنى خاتىرىلەش بويىچە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»دا دېكلاماتسىيە قىلىنغان

**شياۋ جۇڭيى**

ئەسلىي زاتى قاراخانىيلاردىن جەمەت[2]،
«ھەزرىتى مەۋلام» دېيىلەن تارىختا نامى تا ئەبەد،
قورغىلىنىڭ تۇپرىقىغا مەنزىرە ئالىم سۈپەت[3].
ئايدالانى قىلدى مەكتەپ قورقۇنچ-سەرسان ئارا،
بىلىمدىن مەڭگۈ جەۋلان خاسىيەت.

مەدەنىيلىك ئويى-پىكىردىن ئالدى قەد[4]،
گەر پاناھ باغداد، يۈرەكتە قايغۇ-دەرد[5]،
ئانا تىلنىڭ روھىدىن ئالەمدە يەكتا بىر لۇغەت[6]،
ھەم بۈگۈن ھەم كەلگۈسىدە ئەلگە ئۆرنەك ئەۋلىيا[7]،
كاشغەر ئاسمانى ئۈزرە سەلتەنەت[8].

ئىزاھلار:

[1] 2008-يىلى مەھمۇد كاشغەرىي تەۋەللۇتىغا مىڭ يىل بولغاندا، ب د ت مائارىپ، ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت تەشكىلاتىنىڭ 34-قېتىملىق يىغىنى بۇ يىلنى «مەھمۇد كاشغەرىي يىلى»دەپ نام بەردى. بۇ، ئېلىمىزنىڭ 11-ئەسىردە ياشاپ، ئىجاد قىلغان بۈيۈك تۈركىي تىل ئالىمى مەھمۇد كاشغەرىيگە ئىنئام قىلىنغان يۈكسەك شان-شەرەپ، تۈركىي تىللىق مىللەتلەر قالتىس پەخىرلىنىدىغان كاتتا ئىش. ئۇيغۇرلار ئۈچۈن، شۇنداقلا، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز ئۈچۈنمۇ زور شان-شەرەپ. 2008-يىلى 24-نويابىردىن 26-نويابىرغىچە بېيجىڭدە ئېچىلغان« «تۈركىي تىللار دىۋانى، خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» ئېلىمىزدە تۇنجى قېتىم چاقىرىلغان خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ھېسابلىنىدۇ. «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلغان تەرجىمانلاردىن بىرى بولۇش سۈپىتىم بىلەن شادلىققا چۆمدۈم ۋە بۇ بىر پارچە نەزم ئارقىلىق كۆڭلۈمنى ئىزھار قىلماقچى بولدۇم.

[2] مەھمۇد كاشغەرىينىڭ بوۋىسى قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ خانى. ئۇنىڭ خانلىق ئورنىنى چوڭ ئوغلىغا، يەنى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ يەتتەسۇ رايونىدىكى بارسخاندا ئەمىر بولۇپ تۇرغان دادىسىغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن. شۇڭا بۇ يەردە مەھمۇد كاشغەرىي خان ئەۋلادى — شاھزادە تەرىقىسىدە تىلغا ئېلىنىدۇ.

[3] 1058-يىلى شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقى ئوردىسىدا سىياسىي ئۆزگىرىش يۈز بەردى. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ بوۋىسىنىڭ خانىشى ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ دادىسىنىڭ تەخت ۋارىسى بولغانلىقىغا ئۆچمەنلىك قىلىپ، جەمەت ئىچىدىكى ئورغۇن كىشىنى زەھەرلەپ ئۆلتۈردى ۋە ئۆزىنىڭ ئوغلىنى يۆلەپ تەختكە ئولتۇرغۇزدى. بۇ قانلىق سىياسىي ئۆزگىرىشتە مەھمۇد كاشغەرىي ئامان قالدى. تۈركىي قەبىلىلەر ياشايدىغان يايلاقلاردا ئون نەچچە يىل سەرگەردان بولدى. شۇنداقتىمۇ جاپالىق ۋە خەتەرلىك مۇھىت ئىچىدە قىلچە بوشاشماي، غايەت زور چىدام ۋە ماتانەت بىلەن تىنىمسىز ئۆگەندى، ئەل ئىچىگە چۆكۈپ، تۈركىي مىللەتلەرنىڭ تىلى، ئەدەبىياتى، تارىخى، ئۆرپ-ئادەتلىرى قاتارلىقلار ئۈستىدە ئەتراپلىق، چوڭقۇر تەكشۈرۈشتە بولۇپ، قىممەتلىك ئەسلىي مەنبەلەرگە ئېرىشتى.

[4] مەھمۇد كاشغەرىي ئۇزۇن مۇددەت سەرسانلىقتا تۇرمۇش كەچۈرۈپ، ئاخىرىدا 11-ئەسىردىكى ئەرەب-ئىسلام سىياسىي، مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزى بولغان باغدادقا بېرىپ پاناھلاندى ۋە شۇ جايدا ئالەمشۇمۇل گىگانت ئەسەر «تۈركىي

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتابلىرى

تىللار دىۋانى»نى يېزىپ تاماملايدۇ.

[5] بۇ يەردىكى «دىۋان» «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى كۆزدە تۇتىدۇ. 11-ئەسىردىكى ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتىگە كۆرە مەھمۇد كاشغەرىي تۈركىي خەلقلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى نامايان قىلىش، «ئەرەب تىلى بىلەن تۈركىي تىلىنىڭ خۇددى بەيگىگە چۈشكەن ئىككى ئاتتەك» چېپىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئانا تىلغا بولغان يۈكسەك ئەقىدىسىنى ئىپادىلەپ، بۇ ئېنسىكلوپېدىك بۈيۈك ئەسەرنى يېزىپ چىققان.

[6] ئەۋلىيا دېگەن سۆز مەھمۇد كاشغەرىيگە بولغان ھۆرمەت — ئېھتىرامنى ئىپادىلەيدۇ.

[7] كاشغەر — مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئانا يۇرتى. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دەك ئالەمنىڭ ئانا يۇرتىغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتى ئەكس ئېتىدۇ. كاشغەر رايونى مەدەنىيەت تىنىدۇرمىسىغا باي تۇپراق، گۈزەل زېمىن. ئۇيغۇر مەدەنىيەت پۇرىقى قويۇق. بىز بۇ زېمىنغا ۋە ئۇ يەردىكى مىللەتكە ئېھتىرام بىلدۈرىمىز. مەھمۇد كاشغەرىينى — كاشغەردىن چىققان بۇ دۇنياۋى شۆھرەتلىك ئۇلۇغ ئالىمنى شېئىرىي مىسرالىرىمىز بىلەن مەڭگۈ ئەزىزلەيمىز.

ئىمىن ئەھمەدىي تەرجىمىسى

---

ئاپتور: خەنزۇ، ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تەتقىقاتچىسى، «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىلارنىڭ بىرى(M1)

# مەھمۇد تىلى

## ئابدۇرېھىم ئابدۇللا

بۇ شېئىر «مەھمۇد كاشغەرىي تەۋەللۇتىنىڭ 1000 يىللىقىنى خاتىرىلەش بويىچە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»دا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى تەرىپىدىن كوللېكتىپ دېكلاماتسىيە قىلىنغان.

— مەسئۇل مۇھەررىردىن

كۆرۈڭ، ئالەمدە ئۇيغۇرزادە مەھمۇد تۇردە — شۆھرەتتە،
ئەبەد ئۆلمەس ئۆمۈر تاپتى دىۋانۇ تۈركىي لۇغەتتە.

نەۋانى يايرىغان تىل بۇ، ئالەمنى سايرىغان تىل بۇ،
بوۋام تۇردى مۇقام ئېيتقان ئانا تىل لەۋزى شەربەتتە.

بۇگۈن توي، تەڭرىتاغ، پامىر رىزا ئۈز ئوغلىدىن چەندان،
لەھەل قىرغاقتا سايرام چايقىلار مارجانۇ زۇمرەتتە.

تىلەكتە جارىدۇر بۇ تىل، يۈرەككە دارىدۇر بۇ تىل،
تىلىم سەلتەنىتىدىن تاڭ قېلىپ بۇلبۇلمۇ ھەيرەتتە.

كۆنەس راسلاپ يېشىل مەخمەل پاياندار سالدى باغرىدىن،
ئەنە، ئابرال بىلەن بوغدا شەرەپتىن كۆركى ئۇسرەتتە.

قاراڭ، ھەيھات! بىلەن پارىژ سالامدا موسكۋا، لوندون،
پۈرۈخسىز جەڭدە شان قۇچقان يېتۈك ئوغلانغا ھۆرمەتتە.

سامادا شوخلىنىپ كاشغەر، مۇقامنىڭ پەيزىدە ياركەنت،
ئىلى بۇلبۇللىرى كۈيدە، قۇمۇل يايرايدۇ مەشرەپتە،


دېڭىزلار قاغجىراپ بەلكىم چۆكەر تاغ تەكتى سىراغا،
لېكىن تىل شەۋكىتىم ئۆلمەس، ھايات مەھمۇدمۇ ئەلۋەتتە.

ئانا تىل بەيگىسى ئەلنىڭ، ئانا تىل تاجىدۇر شاننىڭ،
ئانا تىل ئېپتىخارىدا بوۋاق ئۈنلەيدۇ لەززەتتە.

---

ئاپتور: شائىر، شىنجاڭ ئۈن-سىن نەشرىياتىنىڭ ئەدەبىيات مۇھەررىرى(M1)

رەسسام: غازى ئەھمەد




## 1

مەن باشلىقىمدىن يولۋاستىن قورققاندەك، ئالۋاستىدىن قورققاندەك، ئەزرائىلدىن قورققاندەك قورقىمەن. ئەمما ئۇ ئۇنچىۋالا چوڭ مەنسەپدار ئەمەس. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭغا چوڭ مەنسەپدارلاردەكلا پىكاپ سەپلەپ بېرىلگەن. ياپونىيىدە ئىشلەنگەن، قوملۇقتىمۇ بىمالال يۈرەلەيدىغان كۈچلۈك دالا پىكاپى. مەن ئەنە شۇ ئېسىل دالا پىكاپىنى ھەيدەيدىغان شوپۇر — ئىشچى. شوپۇر — ئىشچى دېگەنمۇ ئادەمغۇ. ئەمما مەن باشلىقىمنىڭ نەزىرىدە مەڭگۈ ھارمايدىغان، مەڭگۈ بۇزۇلۇپ قالمايدىغان، مەڭگۈ دەم ئالمايدىغان، مەڭگۈ غىڭ قىلمايدىغان بىر ماشىنا.

بىز كۆپ چاغدا سىرتلاردا، داللاردا، قۇملۇق چۆللەردە، تاغ-ئېدىرلاردا چېپىپ يۈرۈيمىز. باشلىقىم يېنىمدا — يېنىمدىكى ئورۇندۇقتا قاپىقىنى تۈرۈپ ھال تارتىپ ئولتۇرىدۇ. ئۇنىڭ قاپىقى راستىنلا كۆك ياڭاقتا، توڭ تېزەككە ئوخشايدۇ. مۇز يېغىپ تۇرىدۇ. سىلەرگە ئۇنداق بىلىنمەسلىكى مۇمكىن. ئەمما ماڭا شۇنداق تۇيۇلىدۇ. ئۇمۇ بىر ئۇخلىمايدىغان ماشىنا.

ئاجايىباتلارغا تولغان بۇ دۇنيا

بىرە-بىرە ئەسنەپ سالىدۇ. ئەسنەك تۇتسىلا دەرھال تاماكا تۇتاشتۇرىدۇ. بۇ، زېرىككەنلىكى. بىكارچى بەكرەك زېرىكىدۇ ئەمەسمۇ. چۆل-سايلاردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىمىزدا بىرەر-تىرى پىيادىلىك ئۇچراپ قالسا، دەرھال پىكاپنى توختاتقۇزۇپ ئۇنى پىكاپقا چىقىرىۋالىدۇ. يېمەكلىك تەڭلەپ، ئۇسسۇزلۇق تۇتىدۇ. ھال سوراپ، مۇڭدىشىپ كېتىدۇ. مۇنەججىمدەك نەسىھەتلەر قىلىپ، مەسلىھەتلەر بېرىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى زېرىككەنلىكتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن. ئەمما مەن ھەيدەيدىغان پىكاپ قايسى ساياقنى مەنزىلىگە، قايسى كېسەل ۋە ئېغىر قات ئايالنى دوختۇرخانىغا يەتكۈزۈپ قويمىغان دەيسىز؟ قايسى ھاجەتمەننىڭ ھاجىتىدىن چىقمىغان دەيسىز؟ ھەممىسى ئاشۇ توڭ قاپاق باشلىقىمنىڭ بۇيرۇقى بىلەن. ۋەھالەنكى، مەن باشلىقىمنىڭ بۇنداق ياسالما خەلقپەرۋەرلىكىدىن بەكمۇ بىزار. ئاچچىقىمدا چىشلىرىم غۇچۇرلاپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ مېھرىبانلىقىغا ھۆ بولۇپ قۇسقۇم كېلىدۇ. ئەمما بۇيرۇغان ئىشنى قىلماسلىققا ھەددىم ئەمەس. پىكاپ ئۇنىڭ تۇرسا. تۇخۇم تاشقا تەڭ كېلەلەيتتىمۇ؟ باشلىقنىڭ ئىشخانىدا ئولتۇرغان چاغلاردا، تۈگمەس يىغىنلارغا قاتنىشىۋاتقان چاغلاردا ئارام ئېلىۋالىدىغانسەن دېيىشىڭلار مۇمكىن. ياق، كېچە-كۈندۈز ئىشلىگىنىم ئىشلىگەن. ماڭا ھېيت-بايرام يوق، دەم ئېلىش كۈنى يوق. ئاشۇ تۆت پاي چاقنى توختىماي چۆرگىلىتىمەن.

بەزىدە مۇشۇ پىكاپ بىر بۇزۇلۇپ قالسىكەن دەيمۇ

ئويلايمەن. ئاشۇ ياپون پاكارلىرىنىڭ پىكاپىنى مۇنچىۋالا چىدامىلىق ياسىغانلىقىغا ئاچچىقىممۇ كېلىدۇ. ئەمما بۇ بىرنىمە ئاچقۇچنى تولغىساملا گۇر قىلىپ ئوت ئېلىپ تۇرسا، ماڭا نېمە ئامال؟ باشلىقىم ئىشخاندا ئولتۇرغان ياكى توگىمەس يىغىنلارغا قاتنىشىۋاتقان چاغلاردىمۇ توت پاي چاق توختىماي چۆرگىلەپ تۇرىدۇ. ئەگەر سىلەر بۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭ خوتۇن-باللىرىنى توشۇيدىكەنسەندە، دەپ ئويلىغان بولساڭلار، خاتالاشقىنىڭلار. ئاشۇ غورا قاپاق، سۆرۈن تەلەتنىڭ قەلبىدە ماڭا رەھىم بولمىغاندەكلا باللىرىغىمۇ كۆيۈنۈش يوق. ئۆزۈم شاھىت بولغانمەن. شۇ كۈنى سۆرۈن تەلەتنىڭ قىيناتىسى تۇيۇقسىز ئاغرىپ قاپتۇ. قىزىنى جىددىي چاقىرتىپ خەۋەر كەلدى. ئارىلىق پىكاپ بىلەن ئىككى سائەتلىك يول ئىدى. كەچ كىرىپ قالغان. مەن ئەمدى خېنىمنى كېسەل بوۋاينىڭ يېنىغا ئاپىرىدىغان بولدۇم دەپ ئويلىدىم. نەدىكىنى، قىزىنى چاقىرتتى دېگەن گەپ كۆيئوغلىنىمۇ چاقىرتتى دېگەن گەپقۇ. ئۆزىغۇ بارمىدى، خىزمەتنىڭ ئالدىراشلىقىنى باھانە قىلىپ. خوتۇننى بولسىمۇ مەن ھەيدەيدىغان پىكاپ بىلەن يولغا سېلىپ قويمىدى. « كېچىلىك ئاپتوبۇس بىلەن مېڭىڭلا» دېدى. ماۋۇ باغرى تاشلىقنى كۆردىڭىزمۇ؟ بىچارە خېنىم ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ ئاتىسىنىڭ ئۆيىگە بارغىچە تۈن قاراڭغۇسىدىن قورقمامدۇ؟ ئەسكى-پەسكىلەرگە ئۇچراپ قالسا قانداق قىلغۇلۇق؟ سۆرۈن تەلەتنىڭ ئوغۇل-قىزلىرى مەن ھەيدەيدىغان مۇشۇ پىكاپقا ــ ئاتىسىنىڭ پىكاپىغا بىر قېتىممۇ ئولتۇرۇپ باققان ئەمەس. ئاشۇ سۆرۈن تەلەت ئۇلارنى ئۆز پىكاپىغا ئولتۇرغۇزۇپ بىرەر قېتىممۇ سەيلە-ساياھەتكە ئېلىپ چىققان ئەمەس. باغرى تاش ئادەم مانا شۇنداق بولىدۇ. قەلبىدە مېھىر-مۇھەببەت يوق ئادەم مانا مۇشۇنداق بولىدۇ... باشلىقىڭ ئىشخاندا ئولتۇرغان، توگىمەس يىغىنلارغا قاتنىشىۋاتقان چاغدا ئەمىسە كىم ئۈچۈن توت پاي چاقنى پىرقىرىتىسەن؟ بىكاردىن-بىكارغا پىرقىرىتىۋېرىشنىڭ ئورنى يوققۇ دېيىشىڭلار مۇمكىن. ۋاي-ۋۇي، مەن توشۇيدىغان ئادەم سان-ساناقسىز. ئۇنى قاچاندۇر بىر چاغدا ، ئۇزاق يىللار ئىلگىرى ئوقۇتقان قېرى مۇئەللىمنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ-ئەكېلىمەن. قاچاندۇر بىر چاغدا چوڭ مەنسەپ تۇتۇپ، ئەمدى پىكاپسىز قالغان بىر سابىقنى ئاتا-بوۋىسىنىڭ تۇپراق بېشىغا دۇئاغا ئاپىرىپ، ئەكېلىمەن. قايسىبىر داموللامنى نەدىدۇر بىر يەردە ئوقۇلىدىغان مېيت نامىزىغا ئاپىرىشىمۇ، قايسىبىر خىزمەتچىنىڭ كېسەل خوتۇنىنى تېۋىپقا كۆرسىتىشىمۇ مېنىڭ ۋەزىپەم. ئۈرۈمچى- قەشقەردىن، غۇلجا-تۇرپاندىن كېلىشىپ تۇرىدۇ. ئالىم-ئەللامە دەمدۇ، سەيياھ-ئارخېئولوگ دەمدۇ، شائىر-يازغۇچى دەمدۇ، سەنئەتكار-ھاپىز دەمدۇ، چېكى يېسقمايدۇ. ئاشۇنداق داڭلىق كىشىلەرنىڭ مۇبارەك قەدەملىرى شەھىرىمىزگە يەتكەنلىكىنى ئاڭلىسىلا توك قاپاق ماڭا پىكاپنى ھەيدىتىپ ئۇلارنىڭ ھۇزۇرىغا سالامغا ئالدىرايدۇ. ئۇلارغا داستىخان سالىدۇ. ئاسارىئەتىقە، سەيلە-تاۋاپ نۇقتىلىرىدا زىيارەت قىلدۇرىدۇ. قايتماقچى بولسا ئۇزىتىدۇ. ھەتتا كېيىنكى مەنزىلىگە يەتكۈزۈپ قويىدۇ. مەن ھەيدەيدىغان ئۇنىڭ پىكاپىنى كىملەر ئىشلەتمىگەن دەيسىز؟ يېنىمدىكى مۇشۇ يۇمشاق ئورۇندۇقتا كىملەرنى ئولتۇرمىغان دەيسىز؟ پروفېسسورلار، دوكتورلار، تەتقىقاتچىلار. مەن ئۇلارنى تونۇمايمەن. باشلىقىم تونۇيدۇ. ئۇلارنى بىرياقلارغا ئەكېتىۋاتقىنىمدا باشلىقىم ئۇلار بىلەن ئاجايىپ مەسىلىلەر توغرىسىدا پاراڭ سېلىشىدۇ. مەن يېرىم چۈشىنىپ، يېرىم چۈشەنمەي قۇلاق سالىمەن. چۈشەنمىسەممۇ زەن قويۇپ ئاڭلاۋېرىمەن. چۈنكى ئاشۇ گەپلەردە بىر خىل تارتىم بار. سىرلىق، مەپتۇنكار بىر نەرسە بار. باشلىقىم ئۇلارنىڭ ئالدىدا پىلىكتەك ئەۋرىشىم، كىچىك مەسچىتنىڭ ئىمامىدەك كىچىك پېئىل بولغان بىلەن، ماڭا كەلگەندە ئەركەك شىردەك ھاكاۋۇر. ئۇ ھەتتا پىكاپىمىزغا ئولتۇرغان مۇبارەك زاتنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىشنىمۇ راۋا كۆرمەيدۇ. تونۇشتۇرۇپ قويۇش دېگەنغۇ يەتتە قات ئاسماننىڭ نېرىسىدىكى ئىش. مەن ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويۇپ خېلى كۈندىن كېيىن، پىكاپىمىزغا يەنە بىر زاتى مۇبارەك ئولتۇرغاندا ، توك قاپاق ئۇ كىشى بىلەن قايسى كۈنى كىمنىڭ كېلىپ كەتكەنلىكى، نېمىلەرنى دېيىشكەنلىكى توغرىسىدا پاراڭ سالغاندىلا ئاندىن ئاشۇ قېتىم ماشىنامغا كىمنىڭ ئولتۇرغانلىقىنى بىلىمەن. قەلبىمنى پۇشايمان ئىگىلەيدۇ. قوش قوللاپ كۆرۈشۈۋالمىغىنىمغا، نۇر-ئەنۋەر جۇلالاپ تۇرىدىغان جامالىغا ھۆرمەت بىلەن قارىۋالمىغىنىمغا ئەپسۇس چېكىمەن. ئېست ئەيلەيمەن. ئەمما بۇ مېنىڭ ئۆمرىدە ماشىنىسىغا باشلىقنىڭ خوتۇن-باللىرىدىن باشقىسىنى ئولتۇرغۇزۇپ باقمىغان، مەكتەپ بىلەن يەسلىگىلا قاتراپ يۈرۈيدىغان كەسىپداشلىرىم ئالدىدا ماختىنىشىمغا تەسىر يەتكۈزمەيدۇ. بىرەر يەردە كۆرۈشۈپ قالغىنىمىزدا، «قارا، قايسى كۈنى ماشىنامغا قايسى ئالىمنىڭ ئولتۇرغانلىقىنى بىلەمسەن؟» دەپ سوراپ قويىمەن گېدىيىپ. « كىم ئولتۇردى؟» دەپ سوراپ كېتىدۇ ئۇلار قىزىقىپ. «ئىمىن تۇرسۇن ھاجىم» دەپ جاۋاب بېرىمەن مەن. « ھېلىقى تېلېۋىزوردا سۆزلىگەن ئالىممۇ؟» دەپ ھەيران قالىدۇ ئۇلار.

ئىشلار مانا شۇنداق. مەن توك قاپاق باشلىقىم ئۈچۈن كېچە-كۈندۈز ئىشلەيمەن. بايرام-دەم ئېلىش دېيىشىمگە رۇخسەت يوق. ئازراق بويۇن تولغىساملا« ئىش ئورنىدىن قېلىش» ماڭا ھۆق تەڭلەپ تۇرىدۇ. ئىشخانا بىناسىنىڭ ماڭلىيىغا يېزىپ قويۇلغان « بۈگۈن خىزمەتكە تىرىشمىسىڭىز، ئەتە تىرىشىپ خىزمەت تېپىڭ» دېگەن تەھدىتلىك شوئاردىكى ھەيۋە پەقەت مەن ئۈچۈنلا يېزىرىپ تۇرغاندەك تۇيۇلىدۇ. «بىكار يۈرگىچە بىكارغا ئىشلە» دېگەن تەمسىل بارغۇ بىزدە. مەنغۇ ئىشلىگىنىمگە ۋايساپ كەتمەيمەن. لېكىن ماڭا ئەڭ ئېغىر كېلىدىغىنى ــ ئۇنىڭ مېنى كۆزگە ئىلماسلىقى، ئادەم قاتارىدا كۆرمەي ماشىنا-زاپچاس قاتارىدا كۆرۈشى. ماشىنامغا ئولتۇرغان

www.uyghurkitap.com

ئاشۇ زاتى مۇبارەكلەرنى ماڭا تونۇشتۇرۇپ قويسا، بىرەر نېمىسى كەملەپ كېتەرمىدى ئۇنىڭ؟ مەنغۇ ئۇلار بىلەن تونۇشۇپ مۇڭداشقۇدەك سالاھىيەتكە ئىگە ئەمەس. ئەمما ھېچنېمىنى بىلمەيدىغان تومتۇۋاق قارا تۇرۇكمۇ ئەمەس. «قازانغا يولۇقسا قارىسى يۇقار» دېگەن تەمسىلنىڭ ئەكسىچە، ياخشىغا يېقىن تۇرساڭ ياخشىلىق يۇقىدىكەن. ئالىمغا يېقىن تۇرساڭ ئىلىم يۇقىدىكەن. ئاشۇ زاتى مۇبارەكلەر ماشىنامغا كۆپ ئولتۇرغاچقا، كېيىنكى كۈنلەردە مەنمۇ ئانچە-مۇنچە بىرنەرسە ئۇقىدىغان، ئالەم ئىشلىرىنى چۈشىنىدىغان بوپقالدىم. قايسى زاتى مۇبارەكنىڭ پىكاپىمغا ئولتۇرغانلىقىنى بىلسەم، شۇنىڭ كىتابىنى تېپىپ ئوقۇيدىغان بولدۇم. شۇنداقكەن، ئۇلارنى ماڭا تونۇشتۇرۇپ قويسا نېمىسى كېتىدۇ؟ ئەمما سۆرۈن تەلەت باشلىقىمغا: «ئۇلارنى ماڭا تونۇشتۇرۇپ قويسىلا» دەپ تەلەپ قويالمايمەن. ئۇنىڭ غورىدەك توك قاپاقلىرىغا كۆزۈم چۈشسىلا تىلىم تۇتۇلىدۇ. بىئختىيار سۈر باسىدۇ. ئېغىز ئاچالمايمەن. قانداقتۇر بىر خىل قورقۇش-ئەنسىزلىك سەۋەبىدىن پۈت-قولۇمدا جان قالمايدۇ. مانا بۇ مەندىكى باشلىقتىن قورقۇش كېسىلى. بۇ ئاشۇ قېتىمقى جېدەلدىن قالغان ئاسارەت. ئاشۇ قېتىمقى جېدەلنى سۆزلىسەم گەپ ئۇزىراپ كېتىدۇ. ئەمما سۆزلىمەيمۇ بولمايدۇ.

## 2

بۇ، تۆت-بەش يىل بۇرۇنقى ئىش. مۇشۇ ئىدارىگە يېڭىدىن يۆتكىلىپ كەلگەن چېغىمدىكى ئىش. شۇ كۈنى يىراق تاغدىكى «ئەسكەپسار»غا كېيەن ئوغرىلىرىنىڭ سوغۇق قول تەگكۈزگەنلىكى توغرىسىدا خەۋەر كېپقالدى. بۇنداق ئىشلار كۆپىيىپ قالغان، جىددىي بىر تەرەپ قىلىنمىسا بولمايتتى. دەرھال يولغا چىقتۇق. قۇياش غەرب تامان پەسلىگەن — كەچ كىرىۋاتاتتى. بىپايان ساي، ساي باغرىنى يېرىپ يىراققا سوزۇلغان يول قۇياش نۇرىدا زەپەدەك سارغىيىپ ياتاتتى. مەنزىلگە يېتىۋېلىش ئۈچۈن ئالدىرىمساق بولمايتتى. ماينى راسا بېسىپ تۆت پاي چاقنى پىرقىرىتىپ ئۇچۇپ باراتتىم. يېنىمدا توك قاپاق باشلىقىم قاپىقىنى سۈزۈپ خىيالغا غەرق بولۇپ ئولتۇراتتى. تېز مېڭىشىم، قىلىورغىدەك سىلىق مېڭىشىم ئۆزۈمنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن ئىدى. چۈنكى مەن ئىدارىغا، باشلىققا يېڭىياچى ئىدىم. يۆتكىلىپ كەلگىنىمگە بىرئايمۇ بولمىغانىتى. بىرئايدىن بېرى شەھەر ئىچىدىلا ماڭدىم. شەھەردىكى مېڭىشلارنى سەپەر دېگىلى بولسۇنمۇ؟ ۋارقىرىسا ئاڭلانغۇدەك قىسقا مۇساپىدە قانچىلىك ھۈنەر كۆرسەتكىلى بولسۇن؟ «ئېتىڭنى سەپەردە سىنا» دەيدىغان تەمسىل بارغۇ. باشلىق بۈگۈن مېنى سىناپ باقسۇن. قانچىلىك تېز ماڭالايدىغانلىقىمنى، قانچىلىك سىلىق ماڭالايدىغانلىقىمنى كۆرۈپ قويسۇن. ئۇچۇۋاتاتتىم. يول ياقىسىدىكى ستولبا، قورام تاش، يالغۇز يۇلغۇن ۋە يەنە ئاللىنېمىلەر ئالدىمىزغا يۈگۈرۈپ كېلەتتى ۋە يەنە شۇنداق سۈرئەت بىلەن يېنىمىزدىن ئۆتۈپ، ئارقىمىزغا

ئۇچۇپ كېتەتتى. ئالدىمىزدا — خېلى ئۇزاقتا بىر قارا-قۇرا كۆلەڭگە كۆرۈندى. ئۇمۇ بىز تامان ئۇچۇپ كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. ھايالشمايلا كۆلەڭگىنىڭ بىز بىلەن ئوخشاش يۆنىلىشكە كېتىۋاتقان ئادەم ئىكەنلىكى ئايان بولدى.

— ماشىنىنى توختىتىڭ، — دېدى باشلىقىم تۇيۇقسىز ئېغىز ئېچىپ.

— تاھارەتكە چۈشەمدىلا؟ — سورىدىممەن. شۇ گېزدە ئالدىمىزدىكى ھېلىقى كۆلەڭگە غۇيي قىلىپ يېنىمىزدىن ئۆتۈپ كەتتى.

— ئاۋۇ ئادەمنى ماشىنىغا ئېلىۋالايلى.

— كەينىمىزدىن كېلىدىغان كەچلىك ئاپتوبۇسقا چىقىۋالار، — دېدىممەن تېزلىكنى بىرخىل ساقلاپ، — كىرا ماشىنىسى ئەمەسقۇ بۇ...

— ماشىنىنى توختات!

غەزەپلىك ۋارقىراش قۇلاقلىرىمغا ئۇرۇلدى. بۇرۇلۇپ قارىدىم. توك قاپاق ئاستىدىكى چەكچەيگەن كۆزلەردىن غەزەپ ئۇچقۇنداپ تۇرۇپتۇ. تۇيۇقسىز سەنلەپ «توختات!» دەپ ۋارقىرىغانلىقىدىن چۆچۈدۇممۇ ياكى چەكچەيگەن كۆزلەردىن قورقتۇممۇ، بىئختىيارتورمۇزغا دەسسىدىم. تورمۇز سەت چىرقىراپ كەتتى. يەردىن ئوت چىقارغۇدەك سىيرىلىپ بېرىپ توختىدۇق. باشلىق ئورۇندۇقتىن قاڭقىپ ئالدى ئەينەككە ئۇسمىدىيۇ، بىر غېرىچ كۆتۈرۈلگەن كاسىسى زوككىدە ئولتۇرۇپ قالدى.

— ماشىنىدىن چۈش!

بۇمۇ ماڭا بېرىلگەن بۇيرۇق ئىدى. نېمە قىلىشنى، نېمە دېيىشنى بىلمىدىم. ئىككىنچى قېتىملىق ۋارقىراش قۇلىقىمغا ئۇرۇلغاندا بىئختىيار ئىشىكنى ئېچىپ پىكاپتىن چۈشتۇم. باشلىق رولغا ئولتۇردى ۋە پىكاپنى كەينىچە قوزغاپ ھېلىقى پىيادىلىككە قاراپ ماڭدى. «ئۇمۇ ماشىنا ھەيدىيەلەيدىكەندە». بۇ چاغدا پىيادىلىك 150-200مېتىردەك نېرىدا قالغانىدى.

يول ياقىسىدا خۇددى قارانچۇقتەك لال بولۇپ تۇرۇپ قالدىم. ئۇ مېنى ئاشۇ چۆلدە تاشلاپ كېتەرمۇ؟ نېمە سەۋەنلىك سادىر قىلدىم؟ ئەمدى بۇ نېمە ئىش بوپكەتتى؟ نېمە ئۈچۈن توختايدىغانلىقىنىمۇ سورىيالمىسام، شوپۇرلۇقىم نەگە كەتتى؟ ئۈچرىغانلا ئادەمگە توختايدىغان تاكسى بولمىسا يا بۇ؟ توختىمىغانلىقىمغا ئاچچىقى كەلدى ھەقاچان. ئاشۇ ئاچچىقىدا، گېپىمگە ئۇنىمىغان شوپۇرنىڭ لازىمى يوق، ئۇنى ئىشلەتمەيمەن دەپ تۇرۇۋالسا، ھەتتا مۇشۇ چۆلدە تاشلاپ كەتسە ، قانداق قىلغۇلۇق؟ ئۇ چاغدا ھەممە ئىش يوققا چىقىدۇ. ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇۋەتسە قالدۇرۇۋېتىۋېرىدۇ. 15 يىل ئىشلىگەن ترانسپورت شىركىتىمۇ قالدۇرۇۋېتىۋەرگەن. كادىرلار ئىدارىسىدىكى تونۇشقا تالاي قېتىم يول مېڭىپ، تالاي قېتىم مېھمانغا چىللاپ، ئىككى توقماق شۇڭگۇتۇپ، «كارخانىلاردىن

www.uyghurkitap.com

كەسپى ـ مەمۇرىي ئورۇنلارغا ئادەم يۆتكەشكە بولمايدۇ» دېگەن بەلگىلىمىدىن يوچۇق ئېچىپ ئاران يۆتكىلىپ كەلگەندە، ئەمدى مۇنۇ توك قاپاق ھەممە ئىشنى بۇزارمۇ؟ ئاشۇ ماڭغان يول، شۈمگۈتكەن پۇللارنى بىكار قىلارمۇ؟ ھەي ي، ئۆزۈمدىنمۇ كەتتى. «توختاك» دېگەندىكىن توختىساملا بولغان. بىر پوجاك تۇماقنى ئېلىۋالغانغا ماشىنا ھېرىپ قالماستى. ھەي ي، ئۇ مېنى راستىنلا مۇشۇ چۆلدە تاشلاپ كېتەرمۇ، خۇددى ئېزىز «نېگىر» ئۆز باشلىقنى چۆلدە تاشلاپ كەتكەندەك؟ ئېزىزغۇ ئۆزىگە بىھۇدە شالىنى چاچقان باشلىقنى چۆلدە تاشلاپ كەتكەن. بۇ، شوپۇرنىڭ باشلىقنى چۆلدە تاشلاپ كېتىشى. ئەمدى مانا باشلىقنىڭ شوپۇرنى چۆلدە تاشلاپ كېتىشى يۈز بېرەرمۇ؟ ھەي ئىست، «توختاك» دېگەندە نېمىشقا توختىمىغاندىمەن؟ نېمىشقا توختايمىز دەپ سورىغاندىمەن. ھەي ي، مۇشۇ ئاغزىمنىزە...

چىپىپ كەلگەن پىكاپ سىلىق سىيرىلىپ چىپپىدە توختىدى. پىكاپنىڭ تونۇش ئاۋازىمۇ، ياكى ئۇ ئۇچۇرۇپ كەلگەن شامالمۇ، خىياللىرىمنى يىراقلارغا قوغلىغانىدى. توك قاپاق باشلىقىمنىڭ پوجاك تۇماقنى ئېلىپ قايتىپ كەلگەنلىكىنى بىلدىم. لەپپىدە قارىدىم. باشلىق رولدا، پوجاك تۇماق بولسا ئالدىنقى ئورۇندۇقتا ــ باشلىق بىلەن قاتارلىشىپ ئولتۇرۇپتۇ.

ــ ماشىنغا چىق!

ئۇ ماڭا بېرىلگەن بۇيرۇق ئىدى. چۈشەندىم. ئەمما نەدە ئولتۇرىمەن؟ توك قاپاق رولنى بىكارلايدىغاندەك ئەمەس. دېمەك، ئەمدى ئارقا رەتتە ئولتۇرىدىكەنمەن ـ دە. شوپۇر ئارقىدا! ماۋۇ ئىشنى كۆرۈك. خان ئانا ئايسىنگرو نارا (سىشتەيخۇ) نىڭ ماشىنىسى ئەمەستە بۇ شوپۇر ئارقىدا ئولتۇرۇپ ھەيدەيدىغان.

ــ ماشىنغا چىق دەيمەن!

توك قاپاق پاپىرۇسنى تۇتاشتۇرۇپ بۇيرۇقنى ئىككىنچى قېتىم تەكرارلىدى. بىئىختىيار ئارقىغا چىقىپ ئولتۇردۇم. قانداقتۇر بىر خورلۇقتا تەۋە تۇيغۇ قەلبىمنى ئېزىپ كېلەتتى. شوپۇر تۇرۇپ رول تۇتالماي بىكارچى ھەمراھدەك ئارقىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرسام خورلۇق تارتماي قالاتتىممۇ؟ ئەمما توك قاپاقنىڭ پەرۋايى پەلەك، پىكاپنى قوزغىتىپ يۈرۈپ كەتتى. كۆڭلۈم غەش. مىڭبىر خىيالغا پېتىپ ئولتۇرىمەن. شۇنداقتىمۇ توك قاپاق بىلەن پوجاك تۇماقنىڭ پاراڭلىرى قۇلاق پەردىلىرىمگە ئۇرۇلۇپ تۇردۇ.

ــ پىيادە يول يۈرۈپ ئۇسساپ كەتكەنلا، ئاتا، سۇ ئىچىۋالسىلا، ــ توك قاپاق «ئابىھايات» ماركىلىق مىنېرال سۇنى پوجاك تۇماققا تەڭلىدى. ھېلى ماڭا گۇندىپايدەك ۋارقىرىغان قوپال ئاۋازى ئەمدى ياغدەك يۇمشاپ كەتكەنىدى.

ــ خوش، خوش غوجام، ئۆزلىرى ئىچىۋەرسىلە، ئېسىل ئىچىملىك بىزگە لايىق ئەمەس. بىزمۇ ئۆز سۈيىمىزنى ئىچەيلى... ــ ئاۋاز ماڭا تونۇشتەك بىلىندى. ئۇنىڭغا قاراپلا قالدىم. ئۇ، خۇرجۇنىدىن كىچىككىنە قاپاقنى چىقاردى ۋە قاپاق ئاغزىدىكى مەدەكنى ئېلىۋېتىپ غورتۇلدىتىپ بىرنەچچە يۇتۇم سۇ ئىچتى.

ــ نان يەملا، ئاتا، يۇمشاق گىردە...

ــ خوش، غوجام، ئۆزلىرى بېقىۋەرسىلە، بىزمۇ ئۆز نېنىمىزنى يەيلى.

ئاۋاز راستىنلا تونۇش ئىدى. ئەمما نەدە، قاچان ئاڭلىغىنىمنى ئاڭقىرالمايتتىم. پوجاك تۇماق يەنە خۇرجۇنىغا قول سېلىپ زەپەدەك بىرپارچە سېرىق زاغرىنى ئالدىدە، غورسۇلدىتىپ چايناپ يېيىشكە باشلىدى.

توك قاپاق ئۇڭايسىزلىنىپ قالدى. ئۇ، بوۋاينىڭ ئەلپازىدىن ئۆزى قىلماقچى بولغان مەرھەمەتنىڭ قوبۇل قىلىنمايدىغانلىقىنى سەزگەنىدى. كۆزۈم پوجاك تۇماقتا. تونۇش ئاۋازلىق مۇشۇ ئادەمنى ئەسكە ئېلىشقا ئۇرۇناتتىم. ئەمما ئارقىسىدىن قاراپ قانداق تونۇغىلى بولسۇن؟ خۇداغا شۈكۈر، شۇ ئەسنادا ئۇ گويا ئارقا ئورۇندۇقتىكى ئادەمنى ئەمدى سەزگەندەك ئارقىغا بۇرۇلۇپ كۈلۈمسىرىدى. بۇرۇلۇشىدىمۇ، كۈلۈمسىرىشىدىمۇ سالاملىشىش ــ تىنچلىق سوراش مەنىسى بار ئىدى. خىجىلچىلىق ــ ئەپۇ سوراش مەنىسىمۇ باردەك قىلاتتى. ئورۇق، ئوراكۆز، چاڭگا ساقال... ئۇنى تونۇدۇم. ئەتىيازدا قويىمىزنى قىرقىپ بەرگەن، قېچىپ كەتكەن ئوغۇللىرى ۋە قوشنىسىنىڭ تىماھ قۇيرۇقلۇق ئوغلى توغرىسىدا ھېكايە سۆزلىگەن ئادەمنىڭ دەل ئۆزى ئىدى. ئالەم نېمىدېگەن تار؟ بىز يەنە ئۇچرىشىپ قالغانىدۇق. مەن تونۇشلۇق بەرمەكچى بولدۇم. ئەمما كۆڭلۈم غەش ئىدى. توك قاپاقنىڭ تىمساھنىڭكىدەك سوغۇق نەزىرى ئاستىدا قانداق ئېغىز ئاچقۇلۇق؟

ــ كەچ كىرگەندە ، ئۇزاق سايدا نەگە ماڭغانتىلە، ئاتا؟

مەن ئېغىز ئېچىپ بولغۇچە توك قاپاق ئېغىز ئاچتى. قاتتىق زاغرىنى چايناۋاتقان بوۋاي بىر قېقىلىپ قويۇپ جاۋاب بەردى:

ــ ئوغلۇمنى ئىزدەپ يۈرۈيمەن. قېچىپ كەتكەن ئوغلۇمنى. ئاق ئالمىدەك سۈزۈك چىراي، قوشۇما قاش... بەك چىرايلىق بالا ئىدى دېسىلە.

چۈشەندىم. بوۋاي تېخىچە ئوغۇللىرىنى ئىزدەپ يۈرۈپتۇ. يېزىدىن قېچىپ كەتكەن ئاشۇ ياغاچ قۇلاق ئوغۇللىرىنى. توك قاپاق ھېچنېمىنى چۈشەنمىگەنىدى.

ــ بالام يوقاپ كەتكەن دېسىلە. ۋاي ئىست، ئاتا دېگەنگە بالا دەردى يامان. قەللاپلارمۇ كۆپىيىپ كەتتى مۇشۇ زاماندا. بالا شوخلۇق قىلىپ ئىچكىرىگە كىرىپ كەتكەنمىدۇ ـ يا؟

ــ بەك چىرايلىق بالا ئىدى، بىر كەتكەنچە قايتىپ كەلمىدى. بىزنى ئويلاپمۇ قويمىدى. ئاھ دەردىم. بالا دەردىگە نېمە يەتسۇن ئاللەمدە...

بوۋاي مىشىلداپ قالدى. چىرايىنى كۆرمىسەممۇ

يىغلاۋاتقانلىقىنى سەزدىم. كۆزىدىن تاراملاۋاتقان ياشنىڭ چاڭگىلساقاللىرىنى نەمدەپ ئۆتكەنلىكىنى كۆرگەندەك بولدۇم.

— كۆكتۈللىرىنى بۇزمىسىلا، ئاتا. بالا تېپىلىپ قالار، ئەقلىنى تاپقاندا قايتىپ كېلەر. كۆكتۈللىرىنى يېرىم قىلمىسىلا. نەچچە يىل يوقاپ كەتكەن باللارنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ تۇرىمىزغۇ. ھەرگىز كۆكتۈللىرىنى يېرىم قىلمىسىلا، — توك قاپاق ئەمدى تەسەللى ئېيتىشقا كىرىشكەنىدى، — ساقچىغا مەلۇم قىلدىلىمۇ؟

— ئاشۇ چاغدا ساقچىلارمۇ ئىزدىگەن. بەك چىرايلىق بالا ئىدى دېسىلە. كۆزۈمدىن ئۇچۇپ تۇرىدۇ. ھەرقانداق ئادەم بىر كۆرسىلا ئامراق بوپقالىدىغان بالا ئىدى.

— ئوغۇللىرى نەچچە ياشقا كىرگەنتى، ئاتا؟

— نەچچە ياشلىقى ئېنىق ئېسىمدە يوق. داشتىكى ئۆستەڭنى چاپقان يىلى تۇغۇلغان. 25ياشتىن ئاشقاندۇ بەلكىم. ئالمىدەك سۇزۇك چىرايى...

— ۋاي خۇدايىمەي، — كۈلۈپ كەتتى توك قاپاق، — چوك ئادەمكەنغۇ ئۇ. شۇنىمۇ ئىزدەپ يۈرەملا؟ باچكىنىڭ قانات - قۇيرۇقى يېتىلسە ئۇچۇپ كېتىدۇ. ئوغۇللىرى قانات- قۇيرۇقى يېتىلگەن لاچىن ئىكەنغۇ. يېزىدىن چىقىپ جاھان كۆرسە نېمىسى بولمىغۇدەك؟ ھەي بىچارە ئاتا، ئاسمان پايانسىز تۇرسا ، نەدىنمۇ تاپارلا ئۇ بۈركۈتنى...

— تاپىمىسام بولمايدۇ. ئاسمانغا چىقىۋالغان بولسا بۇلۇتلار ئارىسىدىن، يەرگە كىرىۋالغان بولسا زېمىننىڭ قەرىدىن بولسىمۇ تاپىمەن ئۇ ياغاچ قۇلاقنى. تىرىك تاپىدىغان بولسام، قۇلاقلىرىنى راسا بىر سوزمىسام بولمايدۇ. بىر ئېغىز تىنىپمۇ قويماي، جىنىدەكلا غايىب بولۇپ نېمە دەردلەرگە سالمىدى بىزنى. ھەي ي...

— بىر ئەدەپلەپ قويۇش ئۇچۇنلا ئىزدەيدىكەنلىدە ئۇنى. ئېھتىيات قىلسىلا، قۇلاقلىرى ئۈزۈلۈپ چوناق بوپقالمىسۇن ئوغۇللىرىنىڭ، — ئەمدى چاقچاققا ئۆتكەنتى توك قاپاق.

— دەردتىن ساراڭ بولغاندا شۇنداق دەپ قويىمىز دېسىلە. تاپقاندا قول بارسۇنمۇ جىگەر پارەمنىڭ قۇلاقلىرىغا. قۇلاقلىرىمۇ شۇنداق ئۇز ئىدى ئۇنىڭ خۇددى قەشقەر چۆچۈرىسىدەك.

بوۋاي جىمىپ قالدى. توك قاپاقمۇ قايتا سوئال تاشلىمىدى. پىكاپ ئۇچۇپ باراتتى. شۇنداق تېز، شۇنداق سىلىق. بۇ، توك قاپاقنىڭ ماڭا كۆرسىتىپ قويغىنىمۇ؟ شۇنداق بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، ئەمدى پۈتۈن دىققىتىم بوۋايدىلا قالغانىدى. ئۇ ئاشۇ قېتىم قوي قىرقىۋېتىپ ھېكايە سۆزلىگىنىگە ئالتە-يەتتە ئاي ئۆتكەندۇ. ئۇ چاغدا قېچىپ كەتكەن ئىككى ئوغلى توغرىسىدا ، كۆپرەك قوشنىسىنىڭ تىمساھ قۇيرۇقلۇق ئوغلى توغرىسىدا سۆزلىۋىدى. ئەمدى بىرلا ئوغلى توغرىسىدا سۆزلەۋاتىدۇ. ئۇنىڭ گەپلىرى راستىمدۇ؟ كۆز ئالدىمغا ھېكايە سۆزلەپ كىشىلەرنىڭ ھېسداشلىقىغا ئېرىشمەكچى بولىدىغان «نومۇسچان» تىلەمچىلەر كەلدى. ئۇلارمۇ مۇشۇنداق ھېكايىلەرنى توقۇيتتى. ئارقىدىن يارىدەم سورايتتى. ئەمما مۇنۇ بوۋاي ھېكايە سۆزلەپ نېمىگە ئېرىشمەكچىدۇ؟ بۇ بىرەرسىنىڭ سەدىقىسىنى قوبۇل قىلىدىغاندەك ئەمەس. ھېلى توك قاپاق تەڭلىگەن سونىمۇ، كىرىدىنىمۇ رەت قىلدى. ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ۋە ئۇلارنى ئىزدىشى راستىمدۇ؟ بوۋاينىڭ ئەقلى-ھوشى جايىدىمىدۇ؟توك قاپاق ئېيتقاندەكلا چوڭ ئۆپ، ئۇچۇم بولغان ئوغۇللارنى ئىزدەپ يۈرۈش ساراڭلىق ئەمەسمىكىنە؟

غۇيۇلداپ چاپقان پىكاپ«ئەسكىھېسار»غا يېقىنلاپ كەلگەندە قۇياش تاغلار كەينىگە مۆكۈپ، گۆگۈم نېپىز قارا قانىتىنى يايغانىدى. ئەمدى تاغقا يامىشىپ«ئەسكىھېسار»غا چىققان بىلەنمۇ ھېچنېمىنى كۆرگىلى بولمايتتى. كېيىن ئوغرىلىرىنىڭ سوغۇق قولى تەگكەن جايلارنى قانداق تەكشۈرگىلى بولسۇن؟ توك قاپاقنىڭ بۇلارنى چۈشەنگۈچىلىكى بار ئىدى. ئۇ، رولنى بۇراپ پەستىكى كەنتكە بارىدىغان توپا-شېغىللىق يولغا چۈشتى. مانا شۇ چاغدا بوۋاي ئېغىز ئاچتى:

— كوڭكىلىرنى توختاتقان بولسىلا غوجام، مەن...

توك قاپاقنىڭ ماي تەپكىسىگە دەسسىگەن پۇتى كۆتۈرۈلۈپ، تورمۇز تەپكىسىگە دەسسىگەن پۇتى بېسىلدى. پىكاپ ئازراق سىرىلىپ سىلىق توختىدى.

— تاھارەتكە چۈشەملا، ئاتا؟

— ياق، ئەمدى مەن مۇشۇ يەردە قېپقالاي. مۇشۇ يەرگىچە ئەكەپ قويغانلىرىغا رەھمەت.

— بۇ تاغ-جەزىرىدە، بۇنچە كەچتە نېمە قىلارلا، ئاتا؟ بىز بىلەن بىللە پەستىكى كەنتكە بارسىلا. بىز چۈشكەن يەردىن ئۆزلىرىگىمۇ بىر كىشىلىك ئورۇن تېپىلىپ قالار.

— ياق، غوجام. بىزدەكلەرگە ئايدالا بولسىمۇ بولۇۋېرىدۇ. ئاسماننى يېپىنچا، يەرنى سېلىنچا قىلىپ ياتىۋېرىمىز. ئاي-يۇلتۇز چىراغ بولىدۇ. رەھمەت، مەن ئەمدى چۈشۈۋالاي...

بوۋاي بىلەن توك قاپاق بىر ھازا سالا-سۇلھى قىلىشتى. بوۋاي ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇۋالدى. توك قاپاقنىڭ يوقاپ كەتكەن ئوغۇلنى پەستىكى كەنتتىن ئىزدەپ بېقىش توغرىسىدىكى تەكلىپىگە بولسا، « مەن ئۇ يەرگە بارغان، ئوغلۇم ئۇ يەردە يوق. ئۇ، ئادەملەر ئارىسىدا ئەمەس» دەپ جاۋاب بەردى ۋە خۇرجۇننى ئېلىپ پىكاپتىن چۈشۈۋالدى. توك قاپاقمۇ ئاتايىتەن پىكاپتىن چۈشۈپ ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشتى. ئۇ گويا بوۋاينى بەك چىڭ تۇتۇپ بىللە ئېلىپ كېتەي، دېسە، ئۇ يەردىكى ئۆز ئۆيى ئەمەسلىكىدىن ئوڭايسىزلىنىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

بوۋاي خوشلىشىپ يول ياقىسىغا چىقتى ۋە سالۋا تەلپىكى بىلەن يەرنى مۇنداقلا سۈپۈرۈۋېتىپ تەلپىكىنى بىر-ئىككى قاقتىدە، بېشىغا كىيىۋالدى. مەن ئۇنىڭ ناماز شامنى ئادا قىلىشقا تۇتۇنغانلىقىنى پەرەز قىلدىم: « تاھارىتى بار ئىكەندە ئۇنىڭ»

توك قاپاق رولغا چىقىپ پىكاپنى يەنە قوزغاتتى. يۈرۈپ كەتتۇق. مەن ئۈچۈن ئەمدى يەنە ئاشۇ ساراڭ قېتىش بوۋاي توغرىسىدا ئويلاۋېرىشنىڭ ئەھمىيىتى يوق ئىدى. ئارىدىكى

www.uyghurkitap.com

توگىنى ئېرىتىش، توك قاپاق بىلەن يارىشىۋېلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىپ تۇراتتىم. يارىشىۋېلىش ئۈچۈن قۇيرۇق شىپائىشتىماي، يېتىم ئاسلاندەك سۇۋۇانماي بولمايتتى. تېپىك يېگەن كۈچۈك قۇيرۇق شىپائىشتىپ قايتا سۇۋۇانمىسا مەڭگۈ ئاچ قېلىشى، مەڭگۈ تالادا قېلىشى مۇمكىن ئىدى. نەدىن يوچۇق ئېچىش كېرەك؟ ھايال ـ شىمايلا يوچۇقنى ئاشۇ بوۋاي ئاچىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

ــ ھېلىقى بوۋاينى تونۇيمەن، ــ دەپ ئېغىز ئاچتىم توك قاپاقنىڭ گەدىنىگە قاراپ.

ــ شۇنداقمۇ؟ ــ سوغلا جاۋاپ قايتۇردى ئۇ ، ــ ھېلى تونۇشلۇق بەرمىدىڭغۇ ئەمىسە...

ئۇ يەنىلا مېنى «سەن» لەۋاتاتتى. ئاچچىقى تېخى يانمىغاندەك تۇراتتى. شۇنداقتىمۇ ماڭا سۆزلەش پۇرسىتى بەرگەنلىكىنى سەزدىم. بوۋاي بىلەن كۆرۈشۈش ـ تونۇشۇش جەريانلىرىمنى، ئۇنىڭ ئېيتىپ بەرگەن ھېكايىسىنى تىلغا ئالدىم.

ــ ئۇ چاغدا ئۇ يېزىدىن قېچىپ كەتكەن ئىككى ئوغلى توغرىسىدا سۆزلىگەن. بۈگۈن بىرلا ئوغلى توغرىسىدا سۆزلىدى. بوۋاينىڭ سۆزلىرىنىڭ راستلىقىدىن گۇمانلىنىپ قالدىم. ھېلى ئۆزلىرى توغرا ئېيتتىلا، 20 ـ 30 ياشلىق يىگىتلەر ئۆيدىن چىقىپ كەتسە كېتىۋېرىدۇ. يېزىدىنمۇ چىقىپ كېتىۋېرىدۇ. ئۇلارنى ئىزدەپ نېمە كەپتۇ؟ بوۋاي ئەقلىدىن ئېزىپ قالغانمىكىن ـ يە، ئوغلىنىڭ چىرايلىقلىقى توغرىسىدا سۆزلىگىنى ـ سۆزلىگەن...

ــ گۇمانخورلۇقۇ بۇ؟ ــ دەرھال ئېتىراز بىلدۈردى توك قاپاق، ــ گەپ ـ سۆزلىرى شۇنداق جايىدىغۇ ئۇ ئادەمنىڭ. ئاتا بولغۇچىنىڭ ئىز ـ ئۇچۇرسىز غايىب بولغان بالىلىرىنى ئىزدىشى نورمال ئەھۋال. «تۇتۇنىنىڭ ئاچچىقىنى مورا بىلىدۇ». يوق ئوغۇللارنى ئىزدەۋاتىدۇ دېيىشكە نېمە ئاساسىڭ بار سېنىڭ؟ بىكار گەپنى قويغىنا، ئاداش...

ئۇنىڭ مېنى گۇمانخورلۇقتا ئەيىبلىشىدىن كۆڭلۈم يەنە غەش بولدى. ئاخىرقى گېپى بىلەن خېلىلا سىلكىۋەتتى. قارىغاندا، ئۇ بۈگۈن كىيگەن تەتۈر چاپىنىنى خېلى ئۆزۈنغىچە سۆرەپ يۈرىدىغاندەك كۆرۈنەتتى. ئەنسىرەپ قالدىم. ئەگەر ئۇ چاپاننى شۇ تەتۈر كىيگەنچە...

## 3

شۇ كېچە «ئەسكىھېسار»نى «قوغدىغۇچى»نىڭ ئۆيىدە قوندۇق. قوغدىغۇچى دېگىنىمىز مۇنداقلا بىر گەپ ئىدى. بۇ ۋەزىپىنىمۇ «ئەسكىھېسار» جايلاشقان تاغ ئېتىكىدىكى كەنتنىڭ سېكرېتارى ئىگىلىگەنىدى. ئۇ «ئەسكىھېسار»غا مۇنداقلا قاراپ قويسا بولاتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىدارىمىزدىن يوقىنىڭ ئورنىدا ئىش ھەققى ئالاتتى. ئەمەلىيەتتىمۇ ئاشۇ قالدۇق سېپىل ۋە ئىزناسىز قەبرىلەرنى ئاشۇ ئادەملا ئەڭ ياخشى قوغدىيالايتتى. قوغدىغۇچىنىڭ كەڭ ۋە ئازادە مېھمانخانىسىدا مەلۇم بولدىكى، كېيىن ئوغرىلىرى «ئەسكىھېسار» جايلاشقان تاغ قاپتىلىدىن

تۆت قەبرىنى ئېچىۋېتىپتۇ. سېكرېتار پارتىيە مەكتىپىگە ئۆگىنىشكە كەتكەچكە بۇ ئىشنىڭ ئالدىنى ئالالماپتۇ. ئۇلۇشكۈن قايتىپ كېلىپ، ئەھۋالنى كۆرۈپلا ئىدارىگە مەلۇم قىپتۇ. ئەمما قەبرە كولىغۇچى ھەققىدە يىپ ئۇچى يوقمۇ ئەمەس ئىكەن. كەنتتە ئۇنى كۆرگەنلەر بار ئىكەن. يات ئادەممىش. لېكىن ئالىلقاچان قېچىپ كېتىپتۇ... شۇ ئاخشام سېكرېتارنىڭ قازىنىدا لىقمۇلىق گۆش ـ شورپا قاينىغانلىقىنى، شورپىدىن كېيىن راسا كېكىرىپ ـ كېرىلىپ ئولتۇرۇپ تاكى تۈن تەڭگىچە قويچى بوۋاي راۋاب بىلەن تەڭكەش قىلىپ ئېيتقان «زېيت ئەنسارىي» داستانىغا قۇلاق تۇتقانلىقىمىزنى، توك قاپاقنىڭ ئاشۇ داستاننى كىچىككىنە ئۇنئالغۇغا تولۇق ئېلىۋالغانلىقىنى سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. سېھىرلىگۈچى ھېكايە ۋە مەپتۇنكار ناخشىلارنىڭ ئاجايىپ مۆئگىلىرىنى بايان قىلىشنىڭمۇ ھاجىتى يوق. تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىكى، تاڭدا كېچىكىپ ئويغانغانلىقىم. كۆزۈمنى ئاچقىنىمدا ، توك قاپاق يۇمشاق كۆرپىلەر ئۈستىدىن ئاللىقاچان يوقالغانىدى. ياسىداق، تولدۇرۇپ گىلەم سېلىنغان ئۆي ئىچىدىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ھاپىلا ـ شاپىلا كىيىنىپ ھويلىغا چىقتىم. جىلغىدىكى ھويلىدىن تاغ ئۈستىدىكى «ئەسكىھېسار» كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئېگىزگە سوزۇلغان ئەگرى ـ بۈگرى چىغىر يول ئۈستىدە قارا ـ قۇرا ئىككى چېكىت مىدىرلاپ يۈرەتتى. تەھقىقكى، ئۇلار توك قاپاق بىلەن سېكرېتار ئىدى. يۈز ـ كۆزۈمنىمۇ يۇيماستىن چىغىر يولغا ئۆزۈمنى ئاتتىم. ماشىنامنى تارتىۋالغان بولسىمۇ، ئويغاتماي تاشلاپ كەتكەن بولسىمۇ، تېخى شوپۇرلۇقتىن قالدۇرۇۋېتىلگەنلىكىمنى ئېلان قىلمىدى. سېنى ئىشلەتمەيمەن دەپ رەسمىي جاكارلىمىدى. شۇنداقكەن، ئۆزۈمچە ئىشتىن قېلىشقا ھەققىم يوق. كۆزنگە كىرىشىپ تۇرۇشۇم كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا ، بەلكىم توك ئېرىپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ، ئۆپكەم ئېچىشىپ، تەرلەپ ـ پىشىپ «ئەسكىھېسار»غا يامىشىپ چىققىنىمدا ئۇلار ئاللىقاچان «ئەسكىھېسار»نى تەكشۈرۈپ بولغان، ئەمدى قوغدىغۇچى سېكرېتار توك قاپاقنى تاغنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە باشلاپ چۈشۈپ كېتىۋاتاتتى. ئەگەشتىم. ئەتراپقا نەزەر سالدىم. تاغنىڭ ئەتراپىدىكى مەنزىرە بىر پارچە رەسىمدەك ئايان بولدى. نېمىدېگەن چىرايلىق مەنزىرە. مۇشۇ يەردە قاراپ تۇرۇشنىڭ ئۆزىلا بىر قېتىملىق سەيلە ـ ساياھەت دېيىشكە بولاتتى. ئەمما ھازىر بۇ گۈزەللىككە ئۇزۇن قاراپ تۇرسام بولمايتتى. توك قاپاقنىڭ كەينىدىن ئەگىشىشىم كېرەك ئىدى. «چىقماقتىن چۈشمەك تەس» دېيىشىدۇ. بۇ، تاغ ــ ئېگىزلىك ئۈچۈنمۇ، مەنسەپ ـ مەرتىۋە ئۈچۈنمۇ ئېيتىلغان گەپ بولۇشى مۇمكىن. مەيلى قايسى ئۈچۈن ئېيتىلغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، چىقماقتىن چۈشمەك تېز بولاتتى. ھەش ـ پەش دېگۈچە، مۆدۈرۈپ ـ يۇلقۇنۇپ، قاڭقىپ ـ داجىپ يۈرۈپ تاغ قاپتىلىغا

چۈشتۇق. ئېچىۋېتىلگەن تۆت قەبرە تاغنىڭ قارىنىدەك قارىيىپ تۇراتتى. تاغ قاپتىلىدىن تۆت كۆز ئېچىپ قويۇلغاندەكمۇ كۆرۈنەتتى. ئاھھاي، ماۋۇ ئىشنى كۆرۈڭ. قەبرە كولاش داۋاملاشماقتا. بەشىنچى قەبرە ئېچىلماقتا. قەبرە كولىغۇچىنىڭ دەل ئۈستىدىن چۈشكەندۇق. «ئوغرىنى تۇتساڭ زاڭ مىلى بىلەن تۇت» دېگەن مانا شۇ ئىدى. مەن خۇش بوپكەتتىم. ئەمما گېپ ئۆتمەي خۇشاللىقىم ھەيرانلىققا ئالماشتى. قولىدا قىسقا دەستىلىك گۈرجەك تۇتقان قاتما، ئېگىز بوي، چاڭگا ساقال بوۋاي كۆز ئالدىمىزدا زاھىر بولغاندا ئاغزىم كامارىدەك ئېچىلىپ قالدى. بۇ تۇنۇگۈن، ئۈنىمغىنىمغا ئۈنىماي توڭ قاپاق پىكاپقا سىلىۋالغان ھېلىقى پوجاڭ تۇماقنىڭ دەل ئۆزى ئىدى. ماۋۇ ماس كېلىشنى كۆرۈڭ. ئاسار ئەتىقىلەرنى قوغداش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئاسار ئەتىقە ئوغرىسىنى ئوغرىلىق قىلىدىغان يەرگە يەتكۈزۈپ قويسۇن. مۇنداقمۇ قاملىشىپ كېلەرمۇ؟ كۆڭلۈمدە مەسخىرە گۈلخانى لاۋۇلداپ كەتتى. كۆلكە قىستايتتى. ئاشۇ كۆلكىدە قارىمۇقنىڭ قارىسىدەك بىر خىل قارىلىق يېپىلىپ كېلەتتى. توڭ قاپاققا قارىدىم. ئۇمۇ ھاڭ-تاڭ، ئاغزى كامارەدەك، كۆزلىرى ئېچىۋېتىلگەن قەبرىلەردەك.

سېكرېتار— قوغدىغۇچى بىردىن ۋارقىراپ كەتتى:

— نەق تۇتتۇق مانا. كۆرگەنلەر سۆپەتلىگەن ئادەم دەل مۇشۇ. كىيىملىرىمۇ، پۇتىغا يۆگىگەن پايتىمىسىمۇ، خۇرجۇنىمۇ شۇ. نەق تۇتتۇق كېپەن ئوغرىسىنى...

بوۋايمۇ ھەيران بولۇۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. قىسقا ساپلىق گۈرجىكىنى تۇتقىنىچە قاراپ تۇراتتى. سېكرېتارنىڭ كىمنى كېپەن ئوغرىسى دەۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالىغاندەكمۇ ئەمەس ئىدى. توڭ قاپاق ئېغىز ئاچتى. قاپاقلىرى راستتىنلا كۆك ياڭاقتەك، توڭ تېزەكتەك مۇز ياغدۇرۇپ تۇراتتى.

— نېمە قىلىۋاتىسىلا بۇ يەردە؟ نېمە قىلغانلىرى بۇ؟ — ئاۋازى يېرىلغان مۇزدەك ياڭرىدى.

بوۋاي ئۆزىنى تۇنۇگۈن پىكاپقا سىلىۋالغان ئادەمنى تونۇدى بولغاي، خېلىلا دېلىل جاۋاب بەردى:

— ئوغلۇمنى ئىزدەيمەن. تۇنۇگۈن دەپبەردىمغۇ سىلىگە، مەن ئوغلۇمنى ئىزدەۋاتىمەن. ئۇ بەك چىرايلىق بالا ئىدى دېسىلە. شۇنداق كېلىشكەن...

— ئوغۇللىرىنى ئىزدىسىلە نېمىشقا بۇ يەرنى كولايلا؟ بۇ دېگەن ئاسار ئەتىقە. ناھايىتى قەدىمكىلەرنىڭ قەبرىسى.

— ئوغلۇم تىرىكلەر ئارىسىدا يوق. كۆپ ئىزدىدىم. كەزمىگەن يۇرت- مەھەللە، ئارىلىمىغان شەھەر- بازار، سورىمىغان ئادەم قالمىدى. تېپىلمىدى. ئۆلۈپ كەتتىمىكىن دەپ... — بوۋاي بىردىن ئىسەدەپ كەتتى. ئورۇق، قورۇق- قاقشال ئادەمنىڭ كۆزىدىنمۇ ياش چىقىدىكەن. كۆز چاناقلىرىغا پاتمىغان ياش تامچىلىرى مەڭزىنى بويلاپ ساقاللىرىغا دوملاپ چۈشتى. مىشىلداپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى،— ئۆلۈپ كەتكەن بولسا قەبرىسى بولۇشى كېرەككۇ. قەبرىسىنى بولسىمۇ تاپاي دەپ...

— ئوغۇللىرى بۇ كونا قەبرىلەردە نېمىش قىلسۇن، بۇلار قەدىمكى كىشىلەرنىڭ قەبرىلىرى. قوغدىلىدىغان ئاسار ئەتىقە. بۇيەرلەرنى كولاپ-قېزىپ يۈرسىلە بولمايدۇ.

— ئوغلۇمنى بىرەرسى مۇشۇ يەرلەرگە كۆمۈۋەتتىمىكىن دەيمىنا.

— بۇيەرلەرنى قېزىش قانۇنغا خىلاپ. قەبرە ئاچقانلارنى ساقچىلار تۇتۇپ تۈرمىگە سولايدۇ،— دەپ سۆز قاتتى قوغدىغۇچى سېكرېتار، — ماۋۇ قەبرىلەرنىمۇ سىلە ئاچتىلىمۇ؟

— ئەمدى، ئەمدى، بالا دەردى دېگەن يامانكەن. بەك چىرايلىق بالا ئىدى دېسىلە. ۋاي بىچارە بالام. ئۇن گۈلىنىڭ بىرى ئېچىلمىغان يۈرەك پارەم...

توڭ قاپاق ئەمدى يەنە ساراڭ قېتىش بوۋاي بىلەن تاكاللىشىپ يۈرۈشنى راۋا كۆرمىدى بولغاي، بويىنىغا ئېسىۋالغان فوتو ئاپاراتى بىلەن قەبرىلەرنى سۈرەتكە تارتىشقا، قەبرىلەرنىڭ ئىچىگە كىرىپ بىر- بىرلەپ تەكشۈرۈشكە كىرىشتى. سېكرېتار ياردەملەشتى. مەن كېپەن ئوغرىسىنى كۆزىتىپ تۇردۇم. ئەگەر ئۇ قاچقۇدەك بولسا دەرھال تۇتۇۋېلىشىم، خىزمەت كۆرسىتىپ توڭ قاپاق بىلەن يارىشىۋېلىشقا پۇرسەت يارىتىشىم كېرەك ئىدى.

توڭ قاپاقنىڭ تەكشۈرۈشلىرى ۋە سۈرەتكە تارتىشلىرى خېلى ئۇزاق داۋاملاشتى. پات- پات ئۇنىڭ «ئاجايىپ بايقاش، ئاجايىپ بايقاش... »دېگەن سۆزلىرى ئاڭلىنىپ قالاتتى. ئۇنىڭ ئاشۇ سۆزلەرنى ئۆزىگە دەۋاتقان ياكى سېكرېتار— قوغدىغۇچىغا دەۋاتقانلىقىنى ئايرىغىلى بولمايتتى. ئۇ ئاخىرقى قەبرىنى تەكشۈرۈشنى تۈگىتىپ، كىيىملىرىدىكى توپا- چاڭلارنى قېقىۋېتىپ ھېلىقى سۆزلىرىنى يەنە تەكرارلىدى:

— ئاجايىپ بايقاش. بەلكىم بىز ئەمدى تارىخنى تېخىمۇ ئۇزاقلارغا سۈرۈۋېتىشىمىز مۇمكىن. بۇنداق مۇمىيالار توپىنى، ھەمدەپنە بۇيۇملىرىنى تېخى ھېچكىم كۆرگەن ئەمەس. ھېچ يەردە بايقالغانمۇ ئەمەس،— ئۇنىڭ توڭ قاپاقلىرىدا كۈلكە ئويناپ كەتكەن، چىشلىرى سەدەپتەك پارقىراپ كەتكەنىدى. ئۇ بۇ سۆزلىرىنى سېكرېتارغا قارىتىپ ئېيتتى،— بەلكىم پات ئارىدا سىلەرنىڭ «ئەسكىپسار»نى پۈتكۈل دۇنيا بىلىپ كېتىشى مۇمكىن....

ئۇنىڭ كېۋىزى تۆت چىشلىق بولغان، بەك چېكىپ خۇمارى قانغان بەڭگىدەك كەيپىياتى كۆتۈرۈلۈپ قالغانىدى. ئۇنىڭ نېمىگە خۇش بوپكەتكەنلىكىنى نە سېكرېتار، نە مەن چۈشەنسەك؟ دىققىتىمىز يەنىلا كېپەن ئوغرىسىنى ، ئاسار ئەتىقە ئورنىنى قانۇنسىز قازغۇچىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشتا ئىدى. مەن سالۋا تەلپەكنى قېچىپ كەتمىسۇن دەپ يەنىلا دىققەت بىلەن كۆزىتىپ تۇراتتىم. سېكرېتار ئېغىز ئاچتى:

— ئاسار ئەتىقە ئوغرىسىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىمىز؟

توڭ قاپاق ھېچنېمە دېمەستىن يەنە سۈرەت تارتىشقا كىرىشتى. ئەمدى ئۇ بوۋاينى تارتىۋاتاتتى. ئوڭدىن، سولدىن،

ئالدىدىن، ئارقىدىن تارتتى. قايتا ـ قايتا ئورۇن يۆتكەپ، قايتا ـ قايتا فوكۇس تەڭشەپ تارتقىنىغا قارىغاندا، جىنايەتچىنى ئۆزى كولىۋەتكەن قەبرىلەر بىلەن قوشۇپ تارتىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئورۇق، ئېگىز، چاڭگا ساقال جىنايەتچى بولسا قىسقا دەستىلىك گۈرجەكنى تۇتقىنىچە ھېچنېمىنى چۈشەنمەي قاراپ تۇراتتى. مەن توك قاپاقنىڭ بوۋاينىڭ جىنايىتىگە ماتېرىيال ـ پاكىت توپلاۋاتقانلىقىنى چۈشەندىم. خىزمەت كۆرسىتىپ، يارىشىۋېلىشقا ئاساس سېلىشنىڭ پۇرسىتى كەلگەندەك قىلاتتى.

ــ ئوغرىنى باغلايمۇ؟ ــ ئېغىز ئاچتىممەن، ــ ئۇنى ساقچىغا تاپشۇرۇپ بېرەيلى.

توك قاپاق فوتو ئاپپاراتنى كۆزىدىن ئېلىپ ماڭا شۇنداق سەت ھومىيىپ قارىدىكى، شۇئۇرغانلىق قىش ئاسمىنىدا قاپقارا بۇلۇتنى كۆرگەندەك بولدۇم. ئۇنىڭ ھېلى ئېچىلىپ كەتكەن چىرايىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. «يەنە نېمىنى خاتا قىلغاندىمەن؟» ئۆپكەم ئاغزىمغا تىقىلىپ قالدى. توك قاپاقنىڭ سەت سىلكىۋېتىشىنى كۈتۈپ مۇددەتتىن بۇرۇن شۈمشەيدىم. ئەمما ئۇ زۇۋان سۈرمىدى. تىمساھتەك سوغۇق نەزەردە قاراپلا تۇراتتى. قاراشلىرىدىن كەمسىتىشنى، ياراتماسلىقنى، مەڭسىتمەسلىكنى سەزگىلى بولاتتى. ئۇ خېلى ئۇزاق قاراپ تۇردى. بىر ھازادىن كېيىن بوۋايغا بۇرۇلدى:

ــ ئاتا، يۇرسىلە كېتەيلى، بۇيەرلەر قوغدىلىدىغان ئورۇن، خالىغانچە كولاشقا بولمايدۇ. يۇرسىلە، كېتەيلى.

ــ مەن ئوغلۇمنى ئىزدەيتتىم، ــ بوۋاي دۇدۇقلاپ قالدى، ــ شۇنداق كېلىشكەن بالا ئىدى دېسىلە...

## 4

كېيىنكى ئىشلارنى ــ ئۇنىڭ قەبرە كولىغۇچىغا تەربىيە بېرىشلىرىنى، ئېزىپ ـ ئېچۇرۇپ چۈشەندۈرۈشلىرىنى، يول كىراسى تۇتقۇزۇپ ئۇزىتىپ قويۇشلىرىنى، ئېچىۋېتىلگەن قەبرىلەرگە كېچە ـ كۈندۈز پوست قويۇپ قوغداشلىرىنى، نەلەرگىدۇر تېلېفون قىلىپ مۇتەخەسسىسلەرنى چاقىرتىشلىرىنى، «ئەسكىھېسار»دىن كەتمەي يېرىم يىل يېتىشلىرىنى سۆزلەپ يۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. ئەمما شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن مېنى سېكرېتارنىڭ كىچىك ئۆيىگە سولاپ تويتوغرا ئىككى سائەت ئەدەپلىگەنلىكىنى تىلغا ئالماي بولمايدۇ. «ئىدارىنىڭ باشلىقى سەنمۇ ياكى مەنمۇ؟»، «مەن توختا دېگەن يەردە توختامسەن ياكى ئۆزۈڭ خالىغانچە ماڭامسەن؟»، «بۇ ئىدارىدا ئىشلىگۈڭ بارمۇ ياكى ئىش ئورنىدىن قېلىشنى خالامسەن؟»، «چوڭلارنىڭ پارىڭىغا قوشۇق سېلىشنى كىم ئۆگەتتى ساڭا؟» دېگەن سوئاللار ئارقىلىق ئىمتىھان بەرگەنلىكىمنىمۇ تىلغا ئالماي بولمايدۇ. نەق مەيداندا نومۇر قويۇلۇپ تۇرغان ئاشۇ سوئاللارغا جاۋاب بېرىپ بولغۇچە نەچچە سارغىيىپ ـ نەچچە تاتارغىنىم، نەچچە تەرلەپ چېكەمدىن قانچىلىك تەر ئاققىنى، نەچچە مۈزلاپ، نەچچە كۆكەرگىنىم ھېلىمۇ ھازىرقىدەكلا ئېسىمدە. مېنىڭ باشلىقتىن قورقۇش ئۇنىۋېرسال كېسەللىكىم ئەنە شۇ كۈندىن باشلانغان.

ئۇنىڭ بۇرنۇمغا، كۆزۈمگە نەچچە قېتىم يۇگۈرۈپ كەلگەن پېتىر بارمىقىدىن باشلانغان. قار ـ مۇز ياغدۇرالايدىغان قاپقىدىن باشلانغان. ئۇنىڭ غورا قاپاقلىرىغا قارىساملا مېنى سۇر باسىدۇ. پۇت ـ قولۇمدا جان قالمايدۇ. ھېچبىر سۆزگە ئېغىز ئاچالمايمەن. ئۈن ـ تىنسىز، بۇزۇلماس سايماندەك، ھارماس ماشىنىدەك ئىشلەپ يۇرۇشۇمدىكى سەۋەب شۇ.

ھېكايەم تۈگىدى. ئەمما سىلەرنىڭ «ئەسكىھېسار»دىكى ھېلىقى قەبرىلەرنىڭ كېيىن قانداق بولغانلىقى توغرىسىدا، قەبرە كولىغۇچى بوۋاينىڭ كېيىنكى ئىشلىرى توغرىسىدا بىلىشكە تەقەززا بولۇۋاتقانلىقىڭلارنى سېزىپ تۇرىمەن. بوپتۇ، ئۇنىمۇ سۆزلىۋېتەي. «ئەسكىھېسار»دىكى كولىۋېتىلگەن قەبرىلەردە ئاجايىپ ئۇزۇن بويلۇق، ئۇزۇن قوللۇق، ئۇزۇن چاچلىق مۇمىيالار بار ئىكەن. مەنمۇ كېيىن كۆردۈم. يانلىرىغا ئېسىۋالغان يەتتە گەز ئۇزۇنلۇقتىكى مىس قىلىچلىرى ئۇسمىدەك كۆكىرىپ كېتىپتۇ. يۇك چەكمەندىن تىكىلگەن تونلىرى، ئۇچلۇق كىگىز قالپاقلىرى ئۆز پېتى تۇرۇپتۇ. يانلىرىغا قويۇپ قويۇلغان ئالتۇن كوزىلاردا جاۋاھىراتلار يېپيېڭى پېتى پارقىراپ تۇرۇپتۇ. مۇتەخەسسىسلەر مۇمىيالارنىڭ يىل دەۋرىنى برونزا دەۋرى دەپ بېكىتىشتى. برونزا دەۋرى دېگەن بەكمۇ ئۇزاقلارنىڭ ئالدىدىكى دەۋرمىش. قەبرىلەردىكى نەرسىلەر ھەققەتەنمۇ بىر كۆرۈشكە ئەرزىيتتى. مانا مۇشۇ نۇقتىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئىدارىمىز قەبرىلەرنى قايتا كۆمۈۋەتمەستىن ئۈستىگە چىرايلىق لاپاس ياساپ يېڭى ساياھەت نۇقتىسى ئاچتى. ھازىر ئۇ يەرگە ھەر كۈنى نەچچە يۈز ھەتتا مىڭلاپ ساياھەتچى بېرىپ، قەبرىلەرنى ئېكسكۇرسىيە قىلىدۇ. «ئەسكىھېسار»لىقلارمۇ ساياھەتچىلەرگە مۇلازىمەت قىلىپ يۇرۇپ باي بوپكەتتى. ھەرگىز بۇرۇنقى ھالى يوق... قەبرىلەرنى ئېچىۋەتكەن ھېلىقى ساراڭ قېتىش بوۋاي توغرىسىدا ھېلىمۇ پات ـ پات ئاڭلاپ تۇرىمىز. بولۇپمۇ ئۇ بىز قوغدايدىغان ئاسار ئەتىقىلەرگە يېقىنلاشقاندا خەۋەر كېلىپ تۇرىدۇ. ئۇ تېخىچە ئوغلىنى ئىزدەشنى توختاتماپتۇ. ھەممە يەرنى ــ ساي ـ داشلارنى، تاغ ـ تۆپىلىكلەرنى، جاڭگال ـ قۇملۇقلارنى، دەريا ۋە قىرغاقلارنى كولاپ يۇرەرمىش. يېقىندا ئاڭلىساق، بوۋاي كولاشلىرىدىن نېسىۋىسىزمۇ قالماپتۇ. ئوغلىنىڭ قەبرىسىنى تاپالمىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا غايەت ئېسىل، غايەت چوڭ قاشتېشى ئۇچراپ نەچچە مىليونغا ساتقانمىش. ئۇمۇ باي بوپكەتكەنمىش...

2005 ـ يىل ماي؛ 2008 ـ يىل ئۆكتەبىر، شەھىرى خوتەن

ئاپتور: يازغۇچى، خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىنىڭ پىنسىيونېرى (M1)

**بۇ سانىنىڭ مەسئۇل كوررېكتورى: قۇربان ماموت، كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: ماشىنىست ۋە بەتچى رىسالەت مۇھەممەت، نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن**




بىزنىڭ يۇرتىكى قېرى باققال كېرەمئاخۇننى جىق ئادەم تونۇيدۇ ۋە ئۇنى ئەركىلىتىپ «شوخ كېرەم» دېيىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇ بوۋاي شوخمۇ ئەمەس. پەقەت ئاۋازىنىڭ زىل ۋە چىرقىراق چىقىدىغانلىقى، گەپ-سۆزنى لاتا چاينىماي جايىدا قىلىدىغانلىقى ۋە ھېلىقى «بەخت ناخشىسى» كىنو فىلىمىدىكى«شوخ كېرەم» بىلەن ئىسمىداش بولغانلىقىدىن مەھەللىدىكىلەر چاقچاق قىلىپ ئۇنى شۇنداق ئاتىشىۋالغان. ئۇ بوۋاي قاچان قارىسا كامىرلىرى يېرتىلىپ، تۆمۈر چاقلىرى كۆرۈنۈپ قالغان كونا ئېشەك ھارۋىسىغا تۆت-بەش تاۋۇز، بەش-ئالتە شىڭگىل ئۈزۈمنى تىزىۋېلىپ مەھەللىمۇمەھەللە ئايلىنىپ «شەككەر تاۋۇز-شەككەر تاۋۇز، شەككەر چىقمىسا بىككاتاۋۇز» دەپ چىرقىراق-زىل ئاۋازدا توۋلاپ يۈرۈپ يۇرتتا ھەممىگە تونۇشلۇق بوپكەتكەن. ھەتتا ۋىجىككىنە قېرى ئېشىكى، پاكار ۋە ئەپچىل ھارۋىسىنىمۇ ھەممە ئادەم تونۇيدۇ.

## سەھرا سۈرەتلىرى

بۇ شوخ بوۋايغا بۇ يىل خېلىلا قېرىلىق يېتىپ قالغاچقىمىكىن، مەھەللە يوللىرىدا چىرقىراق ئاۋازى كەمدىن-كەم ئاڭلىنىدىغان بولدى. ئۆزىگە قوشۇلۇپ ھارۋىسىمۇ قېرىلىق يەتكەندەك سىملىرى بوشاپ، چاقلىرى ماكچىيىپ سوقچاق ھالەتكە كېپقالغاندەك كۆرۈنەتتى. ماكچايغان چاق ئايلانغاندا ھارۋا بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر پەسلەپ ھارۋىدىكى تاۋۇزلىرى دۇمىلاپ-سەكرەپ كېتەتتى. ھەتتا بىرەر-يېرىمى يەرگە چۈشۈپ يېرىلىپمۇ كېتەتتى. ئادەم قېرىغاندا شۇنداق بوپقالىدىغان ئوخشايدۇ. تاۋۇزلىرى يېرىلىپ، ئىش-كۈشلىرى يۈرۈشمەي...

بوۋاي بۈگۈن تاۋۇز ساتمىدى. ئۇنىڭ بىنەملىكتىكى بىر كاندۇك ئاپتاپپەرەسى پىشىپ، قېقىلىپ كەتكەنىدى. قوناقلارمۇ ئالاغازاڭ بولغان. بېدىسىمۇ قېقىلغىلى باشلىغان. ئەمگەك قاتلاڭچىلىق ۋاقلاردا ئۇ تاۋۇزلىرىنى بازارغا چىقارمايدۇ. ئۆزى تىنغ جان. ئىش-كۈشلىرى ئاقسايدۇ. شۇڭا بۈگۈنمۇ ئۇ تاۋۇزلىرىنى دەھلىز ئۆيىنىڭ پەگاسىغا نېپىز يېيىلغان كۆك قۇم ئۈستىگە تىزىپ قويۇپ ،بىنەملىكتىكى ئاپتاپپەرەسلىرىنى ئورۇپ كېلىشكە ماڭدى. ۋاقتى-قەرەلىدە ئورۇۋالمىسا قۇشقاچلار چاڭ سېلىپ بۇزۇۋېتىدۇ. ئادەم قېرىسا قۇشقاچمۇ بوزەك قىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

بوۋاي ئاپتاپپەرەسلەرنى كۈن چۈشتىن قايرىلغۇچە ئاران ئورۇپ بولدى. ئورۇپ بولغۇچە بوۋاينىڭ قورسىقى ئېچىپ، ئۈچەيلىرى قومۇزنىڭ قىلىدەك تارتىشىپلا قالدى. ئۇسسۇزلۇقتىن ئېغىزى قۇرۇپ، كالپۇكلىرى يېرىلىپ كەتتى. تىلى تاڭلىيىغا چاپلىشىپ ، تىلىنى مىدىرلاتسا تىلى ئەمەس، يېرىك ھەم مونەك بىر نەرسە مىدىرلىغاندەك بولاتتى. بوۋاي ئىشنىڭ قاتلاڭچىلىقىنى دەپ بۇلارغا چىشىنى چىشلەپ چىداۋاتاتتى. ئورىدىغانىنى ئورۇپ، يىغىدىغانىنى يىغىپ، ئېتىزنى بىكارلاپ بۇغداي تېرىمىسا بولمايدۇ. كېلەر يىلى تۆۋى تۆشۈك قورساق يەنە بار.

بوۋاي ئورۇپ بولۇنغان ئاپتاپپەرەسلەرنى ھارۋىغا باستى. ھارۋىسى كونىراپ كەتكەنلىكتىن ئىككى يۈدە شاخ ئاران پاتتى. ئەگەر ھارۋىسى يېڭىراق بولغان بولسا يەنە بىر نەچچە يۈدە شاخنى ئارتۇق بېسىشقا بولاتتى. چۈنكى ۋىجىك ئېشەك ئاچچىقى خېلى بار، پىشقان ئېشەك ئىدى. ھارۋا كۆتۈرەلىگەن يۈكنى بىمالال تارتىپ كېتەلەيتتى. لېكىنزە، ماكچايغان چاق يۈكنى كۆپ كۆتۈرەلمەسلىكى، بەنداش ئېگىلىپ، چاق ئايلانماي تورۇۋېلىشى، ھەتتا سىملىرى يۆگىشىپ كېتىشى ئېھتىمالغا يېقىن ئىدى. شۇڭا بوۋاي قاتتىق ئېھتىيات قىلىپ ھارۋىغا ئىككى يۈدىدىن ئارتۇق شاخ باسمىدى. «ھورۇن ئېشەك يۈكنى ئېغىر كۆتۈرەر»دېگەندەك، يۈكنى جىق بېسىۋالغان بىلەن يەنە ھارۋا لازىم بولىدۇ. قوناق توشۇش، بېدىنى ئورۇپ توشۇش، ئوسىغا قىغ ئاپىرىش، قىشنىچە سېرىق ئاپتاپتا مەھەللە ئارىلىتىپ يۈرۈپ تاۋۇز سېتىشتىن تارتىپ ھەممىگە مۇشۇ ۋىجىك جانىۋار بىلەن ئەبجەق ھارۋا ئەسقاتىدۇ.

بوۋاي ئېتىز بىلەن خامان ئوتتۇرىسىدا تۆت يول قاتناپ ئاپتاپپەرەسلەرنى ئازلا قويدى. ئېشكى ۋىجىك، ھارۋىسى كونا، ئۆزى قېرى بولسىمۇ ئىشنى خېلى ئاۋۇتىدۇ ئۇ . ھەتتا ياش باللارنىمۇ ھارغۇزۇپ قويىدۇ. «ھازىرقى باللا ئىشنىڭ ئېپىنى بىلمەيدا» دەيدۇ ئۇ ئۆزىچە . ئىشقا بىر يولىلا ئۆزىنى ئورۇپ زورۇقۇپ، ئۆزىنى كېرەكتىن چىقىرىۋالىدۇ ـ دە، ۋاي قول، ۋاي بەلگە چۈشىدۇ. بوۋاي بولسا ئۇنداق قىلمايدۇ. يەڭلىرىنى تورۇۋېلىپ، تۇمىقىنىڭ جىيىكىنى قاتلاپ، يەكتىكىنى قايرىپ قويۇپ بىر خىلدا مىدىرلايدۇ. ئاز ـ ئازدىن ئىشلەيدۇ. ئارام ئالماي ئىشلەيدۇ. ھارغىنىنى بىلمەيدۇ ياكى ھارمامدۇ، ئۆزى بىلىدۇ.

ئۇ، ھارۋىغا ئاپتاپپەرەسلەرنى بەشىنچى قېتىم باسقاندا يەردە بىر قۇچاق شاخ ئېشىپ قالدى. باساي دېۋىدى، سوقىچاق سىم چاقتىن ئەنسىرەپ قالدى. باسماي دېۋىدى، ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل ئېتىز يولدا ئىغاڭلاپ ھارۋا ھەيدەپ كەلگەنگە تۈشلۈق ئۇقتى يوق بىر قۇچاق شاخقا ئاۋارە بولۇشنى ياقتۇرمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كۈنمۇ كەچلەپ قېلىۋاتقانىدى. ئۇ، كۆزىنىڭ يېشىنى قىستۇرۇپ كۈنگە بىر قاراپ قويۇپ بىر ئاز دىلغۇل بولغاندىن كېيىن ئەندىشە ـ تەشۋىش ئىچىدە ھېلىقى ئازغىنا شاخنى ھارۋىغا ئالدى. بىر قۇچاق شاخ ئارتۇق بېسىلغانلىقىنى تېزلا بىلىۋالغاندەك ، ھارۋىنىڭ يەللىرى ماكچىيىپ، دات باسقان چاق سىملىرى بىلىنەر ـ بىلىنمەس غىرىسلاپ كەتتى. لېكىن چوڭ چاتاق چىقمايدىغاندەكمۇ قىلاتتى. « خۇدا، پاناھىڭدا ساقلىغايسەن» دېدى ئۇ پىچىرلاپ. ئاندىن ئېشەكنىڭ چۇلۋۇرىنى مەھكەم تۇتۇپ، چاقنى كاتاڭغا چۈشۈرمەسلىككە تىرىشىپ ئاۋايلاپ يولغا چۈشتى.

بوۋاي ھارۋىسنى چۆمۈلنىڭ مېڭىشىدا ھەيدەپ ئېتىز يولىدىن چىقىپ، مەھەللە يولىغا قايرىلغاندا« ئۇھ!» دېدى. مەھەللە يولى خېلى تۈز ئىدى. بوۋاي ئەمدى جانىۋارنىڭ مېڭىشىغا قويۇپ بېرىپ ھارۋىغا ياندىشتى. ئاپتاپپەرەسلەرنى يورۇق ئەكېلىۋالغىنىغا خۇش بولۇپ، كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالغاچقىمكىن غىڭشىپ ناخشا ئوقۇپ ماڭدى. ئادەتتە تاۋۇز ساتقان چاغلىرىدىمۇ غىڭشىپ قوياتتى. قايسى ئاھاڭغا غىڭشىغىنىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. ناخشىغىمۇ، ئايەت ئوقۇغانغىمۇ ئوخشىمايدىغان بىر خىللا ئاۋازدا غىڭشىپ ماڭغانغا كۆنۈپ قالغانىدى.

ئۇ، ئۆيگە ئاز قالغاندا مەھەللە يولنى توغرا كېسىپ سۇ ئۆتكۈزگەن كىچىك ئېقىنغا دۇچ كەلدى. ئاپلا، ماۋۇ پېشكەلچىلىكنى! بۇ يەردە ئەتىگەندىن بېرى سۇ يوق ئىدىغۇ؟! ئۇ، سۇنىڭ ئېقىشىغا قارىدى. سۇ يېڭىلا ئېچىلغان بولۇپ، يول بويىدىكى تامنىڭ شورىسىدىن مىراپنىڭ بېغىغا كىرىپ كېتىۋاتاتتى. بوۋاي ئېغىر ئۇھ تارتىپ قويدى. قاچانلا قارىسا يولنى كېسىپ سۇ چىقىرىۋالىدىغان بۇ ھەققەمسايىسىغا سەل ئاچچىقى كەلدى. دائىم شۇنداق قىلغىنىنى ئاز دەپ يەنە تېخى سۇ ئۆتكۈزگەن ئېرىقنى تۈزلەپمۇ قويمايتتى. بوۋاي كەتمەن ئېلىپ چىقىپ ئوڭشايتتى. « كۆز كۆگەندىن كېيىن قىممىسا يامان بولىدا، كىچىك ئېرىقتىن ھۆكۈگەك تەخىيلە ئۆتكىلى ئۇنىمسا، يا ھۆكۈپ كېتىپ چوكانلانىڭ بوۋاق باللىرى قولىدىن چۈشۈپ كەتسە ئۇنىڭ يامنى كۆرەپ تۇرۇپ قىۋەتمىگەن ئىدەمگە كېلىدا. كۆز كۆگەننى قىۋېتىش ھەققىي مۇسۇلمانغا پەرز» دەپ قارايتتى. خۇددى يولنىڭ راۋانلىقىدا بىر ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتى باردەك، يولنى كەسكەن ئېرىقنىڭ سۈيى ئېقىشتىن توختىسىلا كەتمىنىنى ئېلىپ چىقىپ يولنى تۈزلەيتتى. ھەتتا بىكار

بوپقالسىمۇ، تاۋۇز سېتىپ كېتىۋېتىپمۇ كەتمىنى هارۋىسىنىڭ بالدىقىغا قىستۇرۇلغان بولاتتى ــ يولدا كاتالاڭ، كىچىك باللار چاناپ ئوينىغان ئورەك، يامغۇردىن كېيىنكى پېتىق ۋە ماشىنا ئىزلىرىنى تۈزلەپ تەكشىلىگەچ ماڭاتتى. سادىغاڭ كېتەي مراپىيەگىمۇ بۇنىڭغا خوپلا كۆنۈك ئىدى. «تاپىنلىق، هارۋام كاتاڭغا چۈشۈپ، تاۋۇزلىرىم يېرىلىپ كېتىدا، دەپ شۇنداغ قىلدا بۇ قىرى! يول شۇنىڭغا بەكرەك لازىم بوغاندىكىن ئۆزى ئوڭشاۋەسۇن ئاينا!» دەپ بېغى سوغۇرۇلۇپ توشقان هامان ئېچقىنى كۆمۈپ قويۇپ، هېچنېمنى كۆرمەسكە سېلىپ كىرىپ كېتەتتى.

بوۋاي بېشىنى قاشلاپ بىرھازا تۇردى. ئاندىن شاخ تېڭىلغان ئارقانغا قىستۇرۇلغان كەتمىنىنى ئېلىپ، كىچىك ئېرىقنىڭ ئىككى قىرغىقىنى تاراشلاپ هارۋا پاتقۇدەك كەڭلىكتە سۇمۇ ئاققۇدەك، هارۋىمۇ ئۆتكىدەك كىچىك ياسىدى. كېيىن ئېشەكنىڭ چۇلۇۋۇرىغا ئېسىلىپ بولۇپ قايتا توختاپ قالدى. «توختا. كىچىكنى پىشكى كېكەيتىپ قوياي. چوڭراق هارۋا يا ماشىنا ـ تراكتوركېپقالسا ئۆتەممەي قاممىسۇن. شەخسىيەتچىلىك قىسا يامان بولىدا.» ئۇ، كەتمىنىنى قايتا قولىغا ئېلىپ بايىقى سالغان كىچىكنى ئىككى تەرەپتىن كېكەيتتى. ئاندىن ئۆز ئىشىدىن ئۆزى رازى بولۇپ ئېشەكنى يېتىلىدى.

ئۇ، هارۋىنى كىچىككە ئاۋايلاپ سىلىۋىدى، پالاكەت باسقاندەكلا بولدى. ئېرىقنىڭ ئاستى لايلاپ كەتكەنىدى ــ چاق غېرىچچە لايغا پېتىپ توختاپ قالدى. بوۋاي ئېشەكنى ئۇرۇپ باقتى. ئېشەككە يانداق بولۇپ شوتىدىن تەڭ سۆرەپ باقتى. بولمىدى. چاق مىدىرلىغانسېرى ئاستى لىغىلداپ، چاق چوڭقۇر پېتىپ كېتىۋاتاتتى. چاق چۆرگىلەۋاتقاندا ئېغىر بىلىنمىگەن يۈك لايىنى كۆرگەندە نەچچە هەسسە ئېغىرلىشىپ كەتكەنىدى. ئېشەك جانىۋارنىڭ بېلى ئېگىلىپ قىسماقتەك بوپقالغانىدى. قولاقلىرىدىن تەر، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش قۇيۇلۇپ تۇراتتى. تاياقنىڭ ئازابى ئۆتتىمۇ ياكى يۈكنىڭ ئېغىرلىقىدىن شۇنداق بولدىمۇ، بىلگىلى بولمايتتى. ئېشەككە قاراپ بوۋاينىڭ ئىچى سىيرىلىپ كەتتى. ئېگىز كۆتۈرگەن تاياقنى چۈشۈرۈۋالدى. راست، ئېشەكتە نېمە گۇناھ، ئۇمۇ بار كۈچى بىلەن تىرىشتىغۇ. ئۆلگەننىڭ ئۈستىگە تەپكەندەك ئېغىر يۈكنى تارتالماي يىغلاۋاتقان تىلسىز جانىۋارنى تۇپىلەپ دۇمبالىغان ئادەمدە ئىمان ـ ئىنساب بولامدۇ؟! بوۋاينىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى. ئېشەككە ئىچى ئاغرىدىمۇ ياكى ماۋۇ پېشكەلچىلىككە جىلە بولدىمۇ، ئۆزى بىلدۇ.

ئۇ، بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇياق ـ بۇياققا قارىدى. كاشكى ئىككى ئادەم بولغان بولسا، هارۋىنىڭ ئارقىسىدىن ئىتتىرىۋەتسە چىقىپ كېتەر ئىدى. لېكىن قىرىشقاندەك يولدا ئادەم تۇرماق، چاشقانمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئۇ ئەمدى هارۋىدىن شاخنى چۈشۈرۈشتىن باشقا يول قالمىغىنىنى هېس قىلىپ يەتتى. ئىشتىنىنىڭ پۇشقىقىنى تۈرۈپ، قىش ـ ياز سالمايدىغان ئۆتۈكنى تارتىپ سالدى. يەكتىكىنى قايرىپ پوتىسىغا قىستۇردى. هارۋىنىڭ شوتىسىغا چىڭ تارتىلغان ئارقانىنى يېشىپ تۈرمەكلەپ بىر چەتكە تاشلىدى. دەل شۇ چاغدا نېرىراقتا، تۆت كوچا دوقمۇشىدىن قايرىلغان چوڭ ئاپتوبۇسنىڭ تۇمشۇقى كۆرۈندى. ئاپتوبۇس دەل مۇشۇ تەرەپكە كېلىۋاتاتتى، بوۋاي خۇشھال بوپكەتتى. ئاپتوبۇستا جىق ئادەم بولىدۇ ئەمەسمۇ. خۇدايىمنىڭ ئىچى ئاغرىغان چېغى. بوۋاي قايتا ئۈمىدلىنىپ قول باغلاپ ئېشىكىنىڭ يېنىدا ئاپتوبۇسنىڭ يېقىنلاپ كېلىشىنى كۈتتى. ئاپتوبۇس هايالشمايلا يېتىپ كېلىپ ئېشەككە ئۇدۇل توختاپ سىگنال بەردى:

ــ پا ـ پا ـ پاپ!...

ئېشەك يوغان ئەينەكلىك چاسا تۇمۇردىن ئاڭلانغان ياڭراق، ئۆز تائىپىسىنىڭ هاڭرىشىغا ئوخشاپمۇ كېتىدىغان، ئوخشىمايمۇ قالىدىغان ئاۋازدىن چۆچۈپ ئۈركۈپ كەتتى. لېكىن غېرىچ لايغا قىسىلىپ قالغان چاق ۋە ئېغىر يۈك ئۇنى قىمىرلاتمىدى. شۇ چاغدا شوپۇر يان ئەينەكتىن بېشىنى چىقىرىپ تۇۋلىدى:

ــ ئاكاهوي، بىز چەتكە تۇمامسەن؟ مومىدەك يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇماي...

بوۋاي بىرنېمە دېگۈچە شوپۇرنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ياش بىر يىگىت قولىدىكى قىپقىزىل يالتىراق گىتارنى پۇلاڭلاتقىنىچە چاقچاق قىلدى:

ــ ئېشەك هارۋا بىلەن يول توسىدىغان جوتۇڭ[1] مۇ سەن؟ ۋەيت!...

ئاپتوبۇستىكىلەر قىقاس ـ سۈرەن سېلىپ كۈلۈشۈپ كەتتى. چاقچاق قىلغان هېلىقى ياش بالا تۇتقاق كېسىلى بار ئادەمدەك قوللىرىنى سارنىڭ قانىتىدەك كېرىپ، بېشىنى ئارقىسىغا تاشلاپ، ئاغزىنى يوغان ئېچىپ تىترەپ ـ تېلىقىپ قالدى.

بوۋاي تۇرۇپلا ئۇ بالىنى تېلىقىپ، ئېگىكى چۈشۈپ قالمىغىدى دەپ ئەنسىرەپمۇ قالدى. ئۆتكەندە هەيدەر ئەلىنىڭ ئوغلى ئاشۇنداق تىترەپ تېلىقىپ ئېگىكى چۈشۈپ قالغاندا چېكىسىنى ئۇۋۇلاپ، قىزىق چاي ئوتلىتىپ ئاران ساقايتىشقانىدى. لېكىن ماۋۇ ئاپتوبۇستىكى بالا تېزلا «ساقىيىپ» قالدى. كۈلۈشكەچ يېنىدىكىلەرگە بىرنېمىلەرنى دەۋاتاتتى.

بوۋاي ئاپتوبۇسنىڭ يوغان ئەينىكىدىن ئىچىگە ئۈمىدلىنىپ قارىدى. ئاپتوبۇستا بىر ـ بىرىدىن قامەتلىك، ئۆز ـ كېلىشكەن،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى

25 ـ 30ياشلار ئەتراپىدىكى قىز ـ يىگىتلەر ئولتۇراتتى. كېيىنەكتەك ياسانغان، بىر ـ بىرىدىن ئوماق ئىككى ـ ئۈچ قىز ئاپتوبۇس ئىچىدىلا ئۇسسۇل ئويناۋاتاتتى. بۇرۇتلىرى خەت تارتقان بىر يىگىت داپ چېلىۋاتاتتى. ئاپتوبۇس ئىچىدىن باشقا چالغۇلارنىڭمۇ ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتاتتى.لېكىن بوۋاي ئۇلارنى كۆرەلمىدى. چۈنكى ئۇلارنى ئۇسسۇل ئويناۋاتقانلار توسۇپ تۇراتتى.

بوۋاينىڭ ئۈمىدى ئۈزۈلدى. ئۇ بۇنداق چىرايلىق ياسانغان باللارنىڭ « ئېگىنىم لاي بولاپ كېتىدا»دەپ ئىشقا كارغا كەلمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى. ھەم ئۇلارنى ئاۋارە قىلىشتىن خىجىل بولدى. شۇڭا ئاستاغىنا بىر قۇچاق شاخنى ھارۋىدىن ئالدى. شوپۇر ئەينەكتىن بېشىنى يەنە چىقاردى:

— ئاكاۋوي، نېمە قىۋاتىسە زادى؟

— بوۋاي خىجالەت ئارىلاش كۈلۈمسىرىدى:

— ماۋۇ شاخلىرىمنى چۈشۈرەپ ھارۋامنى چىقىرىۋالاي، بىژ چاي قاينام تەخىر قىلىشسىلا، باللىرىم.

گىتارنى دىرىڭشىتىپ ئولتۇرغان ھېلىقى بالا سۆز قىستۇردى:

— بايامنىياغى جوتۇڭ دادۇينىڭ باشلىقىدەك يول توساپ تۇغىچە چۈشەمەي ما ئىدەم! بولە ئاكا، بولە، ئىشىمىز ئالدىراش بىزنىڭ.

بوۋاي تېخىمۇ خىجىل بولۇپ، ھارۋىدىكى شاخلارنى چوڭ ـ چوڭ قۇچاقلاپ چۈشۈرۈشكە باشلىدى. باش ـ كۆزلىرى لاي بوپكەتتى. ئاپتوبۇسنىڭ ئىچىدە تۇتقۇچقا ئېسىلىپ ئۆرە تۇرغان چىرايلىققىنا بىر قىزنىڭ يېقىملىق ئاۋازى ئوچۇق ئاڭلىنىپ تۇراتتى:

— ھەي باللا، بىرسىڭلا چۈشۈپ ئى ئىدەمگە ياردەملىشىپ بېرىڭلا. ئوغال بالا بوغاندىكىن.

داپ كۆتۈرگەن يىگىت قىزغا چاقچاق قىلدى:

— سىزنىڭچە، ئى ئىدەمگە ياردەملەشمىسەك ئوغال بالا بولامايدىكەنمىز ـ ھە، نىگارە؟

— ئۇنداغۇ ئەمەس. تېزرەك يولىمىزغا ماڭايلى دەيمە. قايلىڭا، بىچارە ئىدەم قىژنىلىپ قاپتۇ.

— ئا ـ ي! بۇيەدە لىپى فىڭجان يوق!

ئاپتوبۇستىكىلەر كۈلۈشتى. ھېلىقى قىز يەنە ئېغىز ئاچتى:

— ئاقسالىق قىمماڭا ئۇنداغ. تېخى بېرىپ ئېگىن ئالماشتۇرىمىز.

— مىشەدىلا ئالماشتۇرۇڭا بولدى.

— قېلىن!...

ھېلىقى قىز ئاپتوبۇستىن ئاستا چۈشۈپ بوۋاينىڭ ئالدىغا كەلدى:

— ئاپتاپپەلەسلىرى ھەجەپ ئوخشاپتۇ ـ ھە، تاغا؟

بوۋاي بېلىنى تۈزلىگەنچە قىزغا سالام قىلدى:

— ھەئە. بىنەم يەرگە تېرىپ قويغانتىم، مۇشۇنچىلىك بولدى. ھەقاسلىرىنى مالال قىپقويدۇم ـ ھە، بالام؟

— ھېچقىسى يوق، تاغا. ئاپتاپپەلەسلىرىدىن بىژ كاللەك ئالايما؟

— ئېلىۋەسلە، بالام.

قىز ئېگىشىپ ئاپتاپپەرەسنىڭ چانىقى تولۇپ پىشقان بىر كاللىكنى ئۈزۈش ئۈچۈن تولغىۋىدى، شوينىدەك ئېشىلىپ ئۈزۈلمىدى. بوۋاي يانپېشىدىن پىچىقىنى چىقىرىپ ئاپتاپپەرەسنى كەسكەچ سۆزلىدى:

— قولدا ئۈزسە ئۈزۈلمەيدا، بىز دائىم كېسىۋالىمىز، بالام.

قىز رەھمەت ئېيتىپ ئارقىغا بۇرۇلىۋىدى، بوۋاي چاقىرىۋالدى:

— توختىسىلا بالام، ئىۋۇ ئاداشلىرىغىمۇ كېسىپ بېرەي، ئېۋالسىلا.

بوۋاي سەككىز ـ ئون كاللەك ئاپتاپپەرەس كېسىپ، پوتىسىنى يېشىپ يەرگە داستىخانچىلاپ سېلىپ ئاپتاپپەرەسلەرنى ئوراپ قىزغا بەردى. قىز قايتا رەھمەت ئېيتىپ ئاپتوبۇسقا چىقىپ كەتتى. بوۋاي ئاپتوبۇسنىڭ ئالدى ئەينىكىدىن ئىچىدىكى ياشلارنىڭ ئاپتاپپەرەسلەرنى بۆلاپ ـ تالاپ قىقاس ـ سۈرەن چىقىرىۋاتقانلىقىغا،پوتىنى تارتقۇچلاپ يىرتىۋېتىشكە تاسلا قالغانلىقىغا مەستلىكى كېلىپ بىردەم قاراپ تۇرۇپ قالدى. ياش چاغلىرى ئېسىگە كېپقالدىمۇ ياكى چارچىدىمۇ، ئېغىر ئۇھ تارتىپ قويۇپ ئۆز ئىشىنى داۋام قىلدى. ئارىلىقتا داپ كۆتۈرگەن يىگىت بوۋاينىڭ پوتىسىنى پۇرلەپ ـ پۇرلەپ مونەك قىلىپ ئاپتوبۇسنىڭ يان ئەينىكىدىن تۆۋەنگە ئاتتى:

— ھوي ئاكا، ما كەتتى ئەمسە!

بوۋاي بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىغۇچە پوتا چۇۋۇلۇپ ھاۋادا پاراشۇتتەك ئېچىلدى ـ دە، لەيلەپ بېرىپ ئېشەكنىڭ ئالدىغا چۈشتى. تۇيۇقسىز ئاسماندىن چۈشكەن نەرسىدىن ئۈركۈپ كەتكەن ئېشەك چىچاڭشىپ كەتتى. ئاپتوبۇستىكىلەر پاراقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى.

ئالاھەزەل بىرەر چاي قاينام ۋاقىتتا بوۋاي ئاپتاپپەرەس شاخلىرىنى پاك ـ پاكىز چۈشۈرۈپ بولدى. ئاندىن ئېشىكنى ھەيدىۋىدى، ھارۋا لىككىدە چىقىپ كەتتى. ھارۋا بىر چەتكە

تارتىلغاندىن كېيىن ئاپتوبۇس قوزغالدى. ئاپتوبۇستىكىلەر ھەدەپ ئاپتاپپەرەس ئۈزۈۋېلىپ چېقىش، گەپ تالىشىش، چاقچاقلىشىش بىلەن بەند ئىدى. ئۇلار يولغا پۈتلاشقان بوۋاينى ئۇنتۇپ كېتىشكەنىدى. پەقەت ھېلىقى ئوماق قىزلا بوۋايغا قاراپ پىسسىڭىدە كۈلۈپ قويدى. بوۋاي ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ خوشلاشتى.

ئاندىن كېيىن بوۋاي يەردىكى شاخلارنى ھارۋىغا قايتا بېسىشقا باشلىدى. بىر قېتىم چۈشۈرۈلگەن شاخلار قالايمىقان بولۇپ كۆپىيىپ كەتكەنىدى. بۇ قېتىم شاخ ئىككى ھارۋا چىقتى. بوۋاي كۈن ئولتۇرغىلى ئاز قالغاندا ئاران توشۇپ بولدى. ھېرىپ كەتكەنلىكىدىن ئېشىكنى ھارۋىدىن چىقارمايلا ھويلىدىكى دۆۋىلەنگەن ئاپتاپپەرەس شاخلىرىغا بېلىنى يۆلەپ ئولتۇرۇپ كەتتى.

تۇيۇقسىزلا ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك قۇلاق تۈۋىدە ئاڭلانغان ۋاراڭ-چۇرۇڭ بوۋاينى چۆچۈتۈۋەتتى. ناغرا- سۇناي ئاۋازى مەھەللە ئاسمىنىنى بىر ئالغانىدى. بوۋاي ھەيران بولۇپ دەرۋازا ئالدىغا چىقتى. بايىقى ئاۋاز كەنت كومىتېتى قورۇسى تەرەپتىن ئاڭلىنىۋاتاتتى. چوڭ يولدا ياش-قېرى، چوڭ-كىچىك ئادەملەر بىردىن-ئىككىدىن كەنت قورۇسى تەرەپكە كېتىۋاتاتتى.

— شوخ كېرەمكا، تىياتىر كېپتا. بىزنىڭ مەلىدە ئويان قويىدىكە، ماڭمامسە؟

— شۇنداما؟ ھازىر ماڭاي.

بوۋاي ئارقىسىغا ياندى. ياش ۋاقىتلىرىدىن تارتىپ ھازىرغىچە كىنو كېچىلىسا بالدۇر چىقىپ ئالدى تەرەپتە ئولتۇرۇپ كۆرىدىغان ھېرىسمەن ئادىتى بار. بىر كىم بىلەن پاراڭمۇ سالماي بىر باشتىن، تولۇق چۈشىنىپ كۆرىدىغان. مانا ھازىرمۇ تىياتىرنىڭ ئېتىنى ئاڭلاپ ئېشىكنى ھارۋىدىن چىقاردى-دە، بىر باغ قۇرۇق بېدىنى چۇۋۇپ تاشلاپ بېرىپ ئاندىن پۇچۇق نانىنى پوتىسىغا ئوراپلا دەرۋازىنى تاقىدى. كىنو-تىياتىر كېچىلىسا ئادەتتە لەڭپۇڭچى، گازىرچى، ماتاڭچى، شوخ كېرەمدەك باققاللار ھەممىسى كېچىلىك بازار ئاچاتتى. لېكىن بوۋايلا بۇ كۈنى ئېشەك-دېرىزىسىنى چىڭ تاقاپ قويۇپ پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئويۇن كۆرەتتى. بۈگۈنمۇ ئۇ كەنت قورۇسىغا كىرىپلا خەقلەرنى ئارىلاپ ئالدىغا ئۆتتى-دە، ھېچكىم دەخلى قىلمايدىغان يەرنى تېپىپ ئورۇنلاشتى.

كەنت قورۇسىنىڭ بىر چېتىگە توختىتىلغان ئاپتوبۇسنى تونۇغان بوۋاي بايىقىلارنىڭ ئەسلى ئويۇن قويغىلى كەلگەن سەنئەتچىلەر ئىكەنلىكىنى بىلدى. كەنت باشلىقلىرى دائىم مەجلىس ئاچىدىغان ئورۇن سەھنە قىلىنغانىدى. سەھنىدە بوۋايغا تونۇش يىگىتلەر ئۇنى- بۇنى رەتلەپ تىزىپ، مىخلاپ يۈرەتتى. سەھنە ئەتراپىغا تىكلىنىڭگەن موملارغا ئېسىلغان يوغان لامپۇچكىلار تېخى قاراڭغۇ چۈشمىگەن كەنت قورۇسىنى ئاپئاق يورۇتۇۋەتكەنىدى. ئاپتوبۇستىن تورنەك ياسانغان قىزلار بىر-بىرلەپ چۈشۈپ سەھنە تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىشتى. قارىغاندا، ئاپتوبۇستا كىيىم يۆتكەپ چىققاندەك قىلاتتى. بوۋاي پوتىسىنى يېشىپ پۇچۇق نانىنى قولىغا ئېلىپ يېگەچ سەھنىگە كۆز تىكتى.

سەھنىدە كۆرۈرمەنلەر توپىغا قاراپ قاتار ئولتۇرۇشقان راۋابچى، دۇتارچى، تەمبۇرچى، گىتارچى، نەيچى، ساپايىچى، تاشچى... ئىشقىلىپ سازەندىلەرنىڭ ھەممىسى ئېلانچى قىزنىڭ سەھنىگە چىقىشىنى كۈتۈپ تەييار بوپقالغانىدى. بوۋاي بايام ئاپتاپپەرەس كېسىپ بەرگەن ھېلىقى چىرايلىق قىز ئايغىدا سۆرىلىپ قالغان كۆڭلىكىنى قولى بىلەن كۆتۈرۈۋالغىنچە ئۇششاق دەسسەپ مىكروفون ئالدىغا كەلدى. دولقۇنلۇق ئاھاڭ بىلەن تەسىرلىك سۆز باشلىدى:

— دېھقان — ئۇ، تەبىئەتنىڭ ئانىسى. يول-يول قورۇق بىلەن كۆمۈش تەلىرى يالتىرىغان دېھقاننىڭ چېكىسىدە ئاپتاپ پارلايدا! پۈتكۈل جىسمىنى تەبىئەت ئۈچۈن بېغىشلاپ شام بولاپ كۆيەپ، سىماب بولۇپ ئاقىدا. دېھقاننىڭ قوينى ئەزىم دەريا! بارلىق مەۋجۇداتنىڭ ھاياتلىقى ئۈچۈن جاپا چەككۈچى دېھقاننىڭ چېكىسىگە گۈللە قىسساق ئازلىق قىلىدا. تۆۋەندە، ۋەلىجان دېھقان ئاتلاغا بىر سوۋغا سۇنماقچى. قېنى، مەرھەمەت! ...

بايام ئاپتوبۇستا بوۋاينىڭ پوتىسىنى چۆرۈپ بەرگەن ھېلىقى يىگىت لەرزان قەدەملەر بىلەن سەھنىگە چىقىپ كەلدى ۋە تولىمۇ سىپايىلىك بىلەن تۆۋەندىكىلەرگە سالام - تەزىم بەجا كەلتۈردى. ئاندىن مۇزىكىنىڭ پائۇزى ئاخىرلاشقاندا دولقۇنلانغان ئاۋازى بىلەن ناخشىسىنى باشلىدى:

...

دېھقان بولماي نان نەدە، نان بولمىسا جان نەدە؟
دېھقان بولماي ھەيۋەتلىك شەھەر نەدە، خەلق نەدە؟
دېھقان بولماي ئاتقا ھەم توخۇلارغا دان نەدە؟
ئاچ قالساقمۇ، تويساقمۇ، ئۇنۇتمايلى دېھقاننى! ...

...

يېقىملىق مۇزىكا، تاغ سۇيىدەك تونۇق ئاۋاز بوۋاينى، ياق، پۈتكۈل مەيداندىكى توپا چىراي، مەسۇم چىراي، ساددا چىراي دېھقانلارنىڭ قەلبىنى لەرزىگە كەلتۈرۈپ شامدەك ئېرىتىۋەتتى. مەيدان تىمتاس بولۇپ، ھەممە ئادەم يوغان ياڭراتقۇدىن ئاڭلىنىۋاتقان يېقىملىق، تەسىرلىك مەدھىيە-

قەسىدىلەرگە، ئاۋۇ يارىشىملىق كىيىنگەن «دېھقان يىگىتى»گە پۈتكۈل دىققىتى بىلەن بېرىلگەنىدى.

ئاندىن كېيىن بىر قانچە قىز «مول ھوسۇل شادلىقى» دېگەن ئۇسسۇلنى ئوينىدى. قىزلارنىڭ نەپىس ھەرىكەتلىرى شۇنچىلىك تەبىئىي ئىدىكى ، ئۈزۈملەرنى ئۈزۈپ سېۋەتلەرگە، پاختىلارنى تېرىپ خالتىلارغا قاچىلىغان ھەرىكەتلەر دېھقانلارغا تولىمۇ تونۇش ئىدى. لېكىن بۇ يەردە يۈز ـ بويۇنلارنى كۆيدۈرگەن ئاپتاپ، قوللارنى تاتىلىغان چىت ـ شوخا، بۇرۇقتۇرما قىلغان توپا ـ تۇمان يوق ئىدى. تۇيۇقسىز بوۋاينىڭ كاللىسىغا «بۇلا ئاپتاپپەلەس توشۇغان ھەرىكەتنى ئۇسسۇل قىلىپ ئىشلىيەلەمدىغاندۇ؟» دېگەن ئوي كېلىپ ئۆلگۈردى. شۇ ئارىلىقتا يەنە بىر يىگىت چىقىپ دۇتارنى تىزىغا قويغانچە ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى:

...

*بارچە مەۋجۇدات ئۈچۈن تاپانچ تاغسەن دېھقان ئاتا،*

*بۇلبۇلگۈيالار سايرىغان بېھىش باغسەن دېھقان ئاتا.*

*سېنىڭ مېھنەت ئەجرىڭ ئۈچۈن ئەزىز جانىم تەسەددۇقتۇر ،*

*قەلبىڭ سېنىڭ كۆز چاقناتقان ئايدىڭ قارسەن دېھقان ئاتا!*

*... ئەي ئاتا، دېھقان ئاتا،*

*... يوللىرىڭغا سالاي پايانداز !!!...*

بوۋاي، ياق، پۈتكۈل مەيدان ناخشىنىڭ رىتىمىغا جۆر بولۇپ تەۋرىنەتتى. ناخشىلار بىر ـ بىرىدىن تەسىرلىك، يېقىملىق ۋە دولقۇنلۇق ئىدى. بوۋاينىڭ خىيالىمۇ تەڭ دولقۇنلىناتتى. ھەئە، ئۇنىڭ كاللىسىدا « ئاپتاپپەلەس ئۇسسۇلى» دېگەن بىر ئۇسسۇل ياكى « ئاپتاپپەلەس ناخشىسى» دېگەندەك بىرەر ناخشا ئىشلىگەننى كۆرۈش ئىستىكى كۈچەيگەنىدى. ھەئە، ئەتىگەنلىكىياقى بىلى قىسماقتەك ئېگىلىپ ئاپتاپپەرەس ئورۇغاندىكى ، ئاپتاپپەرەسلەرنى بىر ـ بىرلەپ ھارۇنغا باسقاندىكى ، تۆت يول باسقاندىكى ، بەشىنچى يولدا بىر قۇچاق شاخ ئاشقاندىكى ، ئۇنى قوشۇپ باسقاندىكى ، يولدا تەشۈش ئىچىدە ئاستامائىغاندىكى، كىچىك ئېرىقتا دۈچ كەلگەندىكى، هارۇا پېتىپ قالغاندىكى، ئېشكنى ئۇرغاندىكى، ئېشكنىڭ يىغلىغىنىنى كۆرۈپ كۆڭلى بۇزۇلغاندا يالغۇزچىلىق تارتقاندىكى، شاخلارنى بىر ـ بىرلەپ چۈشۈرگەندىكى، قايتا ئىككى يولغا بۆلۈپ توشۇغاندىكى... جاپا ۋە ئارمانلىرى يۇغۇرۇلغان بىرەر نومۇرنى خۇددى بوۋاينىڭ بېشىدىن ئۆتكەندەك ئىشلىيەلىسە، مۇشۇ مەيداندا قويالىسا! بوۋاينىڭ ھاردۇقى ئەنە شۇ چاغدا چىقىدىغاندەك قىلاتتى!

*ئەي ئاتا، ئۇلۇغ ئاتا،*

*يوللىرىڭغابولاي پايانداز !...*

بوۋاينىڭ ساقاللىرى ئۆسكەن يۈزىدىكى ئىككى تامچە ياش ئاستاغىنا ساقاللىرى ئارىسىغا سىڭىپ كەتكىنىنى ھېچكىم بايقىمىدى.

---

[1] قاتناش ساقچىسى دېمەكچى.

ئاپتور: قىرغىز، يېڭىشەھەر ناھىيە ئەرمۇدۇن يېزا قىرغىز مەھەللىسىدە دېھقان، ناھىيلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى (M1)

## ئېلاننىڭ قۇدرىتى

(مىكرو ھېكايە)

**مەردان ئەخەت**

ئاپىسى ئىشتىن ھېرىپ كېلىپ تاماق تەييارلاپ، تاپشۇرۇق ئىشلەۋاتقان ئىككى قىزىنى تاماق يېيىشكە چاقىردى. قىزلارمۇ تاماقنى ھاپىلا ـ شاپىلا يېدى. ئەمما ئۇن ياشلاردىكى چوڭ قىزى تاماقنى ئاشۇرۇپ قويغانىدى.

ــ ئاپئاق قىزىم، تاماقنى ئاشۇرۇپ قويماڭ، بولمىسا بالىڭىز پۇچۇق تۇغۇلۇپ قالىدۇ، ــ دېدى ئاپىسى ئويلاشمايلا.

قىزچاق تېزلا:


ــ ئۇنداق بولسا بالامنى ئالدۇرۇۋېتىمەن، ــ دېدى ۋىلىقلاپ كۈلۈپ.

ــ ھەي ئاچا، «خۇاكاڭ» دوختۇرخانىسىغا بار جۇمۇ، ئۇلارنىڭ تېخنىكىسى يۇقىرى، ئاغرىتماي چۈشۈرىدۇ، ــ دېدى ئالتە ياشلىق كىچىك قىزى ئۇلاپلا.

بىچارە ئاپا نېمە دېيىشنى بىلەلمەي داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى.

---

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە تېلېگراف شىركىتىنىڭ خادىمى(M2)




— «مەشھۇر ئادەم قۇۋۋەتلەپ تۇرغان خاتالىقتىنمۇ ئارتۇق يۇقۇملۇق نەرسە يوق.»

— ج. بيوفون (مەسئۇل مۇھەررىردىن قىستۇرما)

[ئاپتور ئىلاۋىسى]

كىشىلىرىمىزنىڭ غالىبلىق قاراشلىرى، مەيلى ئۇ تارىختىكى ياكى ھازىرقى بولسۇن، خەلقىمىز تەقدىرى، ئۇچرىغان مەسىلىلەرگە قانداق يۈزلىنىشىگە ھەرخىل تەسىر ئېلىپ كەلگەن. يۇقىرىلىرىمىز ۋە زىيالىيلىرىمىزنىڭ بۇ جەھەتتىكى چۈشەنچە خاتالىقى ئۇلاردىكى نۇرغۇن خاتالىقنىڭ نېگىزى بولۇشى، ھەتتا كۈتمىگەن ئەكسىيەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. شۇ سەۋەبتىن تارىخىمىزدىكى، شۇنداقلا ھازىرقى غالىبلىققا ئالاقىدار بىر تەرەپلىمە قاراشلىرىمىز ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋەتلىرى ھەققىدە ئەندىشىمنى، بەزى تەكلىپلىرىمنى بېرىشنى زۆرۈر دەپ قارىدىم.

بىز تۇرمۇشتا غالىبلارغا دۇچ كېلىپ تۇرىمىز. غالىبلىققا بولغان تونۇشىمىز، ئۇنىڭغا يۈزلىنىش ۋە تاقابىل تۇرۇش ئۇسۇللىرىمىز تۇغما خاراكتېرىمىز ۋە كۆرگەن تەربىيىمىزنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. بىز يەنە ئاجىزلارنى يوقىتىش ھەق دېيىش ئارقىلىق ئۆزىنى غالىب قىلىپ كۆرسىتىشكە تىرىشىدىغانلارنىمۇ ئۇچرىتىپ تۇرىمىز. ئۇلار ئاجىزلىق ۋە كۈچلۈكلۈككە ئۆز ئارزۇسى بويىچە تەبىر بېرىپ، ئۆزلىرىنى كۈچلۈك ياكى كۈچلۈكلەرگە يېقىن كۆرسىتىشكە تىرىشقان.

مەتبۇئات ياكى تارقىتىش ۋاسىتىلىرىمىزدە ئۇچرايدىغان نوپۇزلۇقلىرىمىزۋە ئۇلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ ئالاقىدار سۆزلىرى مۇنداق:

«نىچشې توكۇرلارنىڭ ھاسىسىنى تارتىۋالاتتى.»

«بويسۇندۇرۇش ئىرادىسى بىلەن كېسىلگەن باشلاردىن كاللا مۇنارى ياسىغان غالىب ئىمپېراتور — بابۇر.»

«ئۇيغۇرلار ئەزىز مىللەت.»

«جاللات خېنىم رەقىبلىرىنى ئۆلتۈرمىسە ھوقۇقىنى قانداق ئارتتۇرالايدۇ؟»

«ئانام باشقا توخۇلار بىلەن دان تالىشالمىغان توخۇنى ئۆلتۈر دېدى.»

«مەدەنىيەت بەرپا قىلىدىغان قاراملىق ۋە ياۋايىلىقلىرىمىز تۈگەپ كېتىۋاتىدۇ.»

«‹مىراسخور› فىلىمىدىكى ئەزىمەتخاندىن ھەقىقىي ئەركەك تەبىئەتنىڭ نۇرى بالقىپ تۇرىدۇ.»

زۆرۈر تېپىلسا بۇنداق قاراشلاردىن يەنە نۇرغۇننى مىسال كەلتۈرۈشىمىز مۇمكىن.

بىر پىكىر بىرلىكى ۋە ئىزچىللىقى بار بۇ خىل تەشەببۇسلاردىن بەزى زىيالىيلارنىڭ پىكىر قىلىش ئۇسۇلى، غالىبلىققا بولغان تونۇشىنى بىلەلەيمىز. بۇ سۆزلەر كوچىلىرىمىزدا، جامائەت ئارا سۆھبەتلەردە، قائىدە-يوسۇن سورۇنلىرىدا، زىيالىيلارنىڭ يىغىلىشلىرىدا، ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلار ئالدىدا، ھەتتا ئاتا-ئانىلار چوڭ بولۇۋاتقان باللىرى ئالدىدا دەرس تەكرار قىلغاندەك دېيىلىپ تۇرىدىغان، كىشىلەرگە ئۆز مەنىسى بويىچە ئاڭلانمامدۇ، ياكى كىشىلەر ئىشلارنىڭ شۇنداق بولۇشىنى ئۈمىد قىلامدۇ، بىلگىلى بولمايدىغان تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ بىر قىسمىدۇر:

«ئاجىزلار نامەرد بولغاچ ھەرخىل يول بىلەن قۇدرەت تېپىۋېلىپ، بىزدەك ئەزىمەت خەلققە ئەزىمەتلىكنى نامايان قىلىدىغان پۇرسەتلەر تۈگەپ كېتىۋاتىدۇ.»

«ئۇن، گۈرۈچ، گازنى ئۆيگىچە يەتكۈزۈپ بېرىش مۇلازىمەتچىلىكى ئەۋج ئېلىپ، بىز ئەزىمەتلەرگە ئېغىر نەرسىلەرنى يەلكىمىزدە بىمالال كۆتۈرۈپ خوتۇنلىرىمىزغا، باشقا

## غالىبلىق ۋە پەزىلەت

www.uyghurkitap.com

خەلقلەرگە ئۆزىمىزنى كۆرسىتىپ قويىدىغان پۇرسەتلەر تۈگەپ كىتىۋاتىدۇ.»

«بىز مۇشت كۆتۈرۈپ ئەزىمەتلىكىمىزنى كۆرسىتىپ بولغىچە ‹جەمئىيەت ئامانلىقىنى بۇزدۇڭ› دەپ نەچچە نامەرد كالتەك كۆتۈرۈپ قوپىدۇ.»

«ئى خۇدا! بىزگە ھېچقانداق مىللەتكە بەرمىگەن چەبدەسلىكنى، بەقۇۋۋەت ھاياتىي كۈچنى بېرىپسەن، ئەمدى بىز ئۇنى نەگە ئىشلىتىمىز؟»

« XX نى بوش چاغلىما، ئۇ بۇرۇن بازاردا لۈكچەك ئىدى.»

«بىز دېگەن ئەركەك مىللەت. بىزنىڭ ھاياتىي كۈچىمىز جەڭ ـ جېدەلدە ئىپادىلىنىدۇ. تىنچلىق بىزنى نابۇت قىلىدۇ. بىزنىڭ گېنېرال بولىدىغان ئوغلانلىرىمىز ئاپتوبۇس بېكەتلىرى ۋە ئىچكىرى ئۆلكىلەردە ئامالسىز يانچۇقچىلىق قىلماقتا. چۈشكۈنلىشىپ ئۆزىگە خرويىن ئۇرماقتا. بىزنى ئوۋ ئىتى دىسە بولىدۇ. ھازىرقى جەمئىيەت بولسا ناينىاق كۈچۈكلەرگە موھتاج.»

« XX تەك ئوغرى ئەمدى تېپىلمايدۇ. ئۇ ئوغرىلىق ئۈچۈن ئۆيىدىن چىقسا كىشىلەر سىرتتىكى ئىشىنى تاشلاپ ئۆي ساقلايدىكەنمىش. ئۇ بىر موزايىنى يۇدۇپ نەچچە يۇرت ئاتلىسىمۇ چارچىمايدىكەنمىش. ئۇ بىر ئۆيگە ئوغرىلىققا كىرسە، ئۆي كۆچكەندەك ھېچنېمە قويمايدىكەنمىش. ئۇ تۇتۇلۇپ قالسىمۇ ئوغرىلىقى توختاپ قالمايدىكەنمىش. ئۇنىڭ بىلەن قېرىشىپ قالغان ئادەم ھەرگىز پايدا ئالالمايدىكەنمىش.»

«ئالىجاناپلىق دېگەن كۈن ئېلىشنى بىلمەيدىغان يارىماسلارنىڭ پاناھ جايى.»

بەزى سورۇنلاردا زىيالىيلارغا، ياكى كۆپ كىتاب ئوقۇيدىغانلارغا تەربىيە بەرگۈچىلەر:

«كىتابنى ئازراق ئوقۇ، بىلگىنىڭ كۈچىنى تارتىپ كېتىدۇ» دەپ كىتابنىڭ ئەرلىككە كەلتۈرىدىغان زىيىنىنى، مەزى بېزى ياللۇغىغا گىرىپتار قىلىپ ئۆزىنىمۇ، خوتۇنىنىمۇ خۇش قىلالمايدىغان يامان ئاقىۋەتكە قويىدىغانلىقىنى ئۆزىگە يات ئەستايىدىللىق بىلەن چۈشەندۈرۈپ، كىتاب ئوقۇماي ئالغان پايدىسىنى كۆز ـ كۆز قىلىشقا باشلىسا، «ئادەم ئەقلىنى ئاشۇرۇشقا تىرىشمىسا تېنى راستتىنلا كۈچكە تولۇپ، ئەزىمەتكە ئايلىنىپ كېتەمدۇ ـ نېمە؟» دەپ ئويلاپ قالىدۇ كىشى.

بۇنداق سۆزلەر ۋە نالە ـ پەريادلارنى زامانىۋى تارقىتىش ۋاستىلىرىمىزدە ئۇچراتقىنىمىزدا ئۇنىڭ كىملەرنىڭ ئېغىزىدىن، قەيەردە دېيىلىۋاتقىنىنى دېمىگەندە، مەزمۇنىدىن تاسادىپىيلىق ھېس قىلىپ كەتمەيمىز. بۇ سۆزلەرنىڭ كىشىلىرىمىزنى ئەجەبلەندۈرمەسلىكى، بىزنىڭ ئەزىمەتلىك ھەققىدىكى مول، بىمەنە تەرغىباتلار مۇھىتىدا ئۆسۈپ يېتىلگەنلىكىمىز ۋە مۇشۇ خىل سۆزلەرگە ئالاھىدە ئىشتىياقىمىزنىڭ بولغانلىقىدىندۇر. بۇ خىل سۆزلەرنىڭ تەرەققىيات پۇرسىتىمىز كۆپەيگەنسېرى ئازلىماي، يېڭى تەرەققىيات دەۋرىگە قەدەم قويۇشى ۋە بۇنىڭغا ئەقىلگە، ئەخلاققا قارشى تەركىبلەرنىڭ كۆپلەپ قوشۇلۇشى ئىللەتلىرىمىزنىڭ يېڭى راۋاجى بولۇپ، ئۇ ئىلغار تارقىتىش ۋاستىلىرىمىزغا تايىنىپ تېخىمۇ يامراش دەۋرىگە قەدەم قويىدى.

يۇقىرىدا نەقىل ئېلىنغان بابۇر ھەققىدىكى باياننىڭ تەپسىلاتىغا كېلەيلى. ئاپتور مۇنداق يازىدۇ: «مەن ‹بابۇرنامە› بىلەن ‹ئەلۋىدا، قورال›[1] نى ئىككى زاماندا يېزىلغان بىر ئەسەردەكلا ھېس قىلىمەن. ھەر ئىككىسىدە ئۇرۇش تەسۋىرلەنگەن. بىرىدە ئوتتۇرا ئەسىر شەرق دۇنياسىدىكى يېغىلىق. ئۇنىڭدىكى ئادەملەر مۇھەببەت ـ نەپرەتتى ئېنىق، يۈز تۇرانە ئېلىشالايدىغان باتۇر، رەھىمسىز، مەردانە ئادەملەر. يەنە بىرىدە 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى، يەنى ھازىرقى زاماندىكى جەڭ. ئادەملەر تۈرلۈك زامانىۋى قورال بىلەن بىر ـ بىرىنىڭ چىرايىنى كۆرمەي تۇرۇپ نامەردلەرچە قىرغىن قىلىشىدىغان، ئاغزىدا ئىنسانپەرۋەرلىك ھەققىدە گەپ سېتىشقان بىلەن ئەمەلىيەتتە لەكمىڭ ـ لەكمىڭ ئاھالىسى بار ئاۋات شەھەرلەرنى ۋەيران قىلىۋېتىدىغان رەھىمسىز جەڭ. بىرىدە، بويسۇندۇرۇش ئىرادىسى بىلەن كېسىلگەن باشلاردىن كاللا مۇنارى ياسىغان غالىب ئىمپېراتور ــ بابۇر، يەنە بىرىدە، مەدەنىيەتلىك جەمئىيەت تولۇق بويسۇنغۇچىغا ئايلاندۇرغان، جەڭگىۋارلىقى تۈگىگەن، ئەرلىك روھى سۇنغان قاچاق ئوفىتسېر ــ ھېنرىي»

بۇ سېلىشتۇرۇشتىن ئاپتورنىڭ غالىبلىق ۋە يارامسىزلىققا، مەردلىك ۋە نامەردلىككە بولغان ئۆزگىچە تەبىرىنى بىلىمىز. ئاپتورنىڭ قارىشىچە، ھېنرىينى مەدەنىيەتلىك جەمئىيەت تولۇق بويسۇنغۇچىغا ئايلاندۇرۇۋەتكەن. ئۇنداقتا بابۇرنى ئەزىمەت قىلىپ يېتىشتۈرگىنى ياۋايى جەمئىيەتمۇ؟ ئاپتور ياۋايى جەمئىيەت دېگەن سۆزنى ئېنىق تىلغا ئالمىغان بولسىمۇ، بابۇرنىڭ باتۇرلۇقىنىڭ يېتىلگەن مۇھىتىنى مەدەنىيەتلىك جەمئىيەتنىڭ قارشىسىغا قويۇپ، مۇشۇنداق چۈشىنىشىمىزگە يول ھازىرلاپ بەرگەن. ئاپتورنىڭ بۇ بايانىدا باتۇرلۇق بىلەن مەدەنىيەت سىغىشالمايدىغان ئىككى قۇتۇپقا قويۇلغان. ئاپتور ئەسلي ئەمىر تېمۇرنىڭ ياسىغان كاللا مۇنارلىرى بىلەن بابۇرنىڭ كاللا مۇنارلىرىنى سېلىشتۇرۇپ، «بابۇر يارىماس، ئەمىر تېمۇردەك كۆپ ۋە ئېگىز كاللا مۇنارى ياسىيالمىغان» دەپ ئەيىبلىگەن بولسىمۇ بۇنچە ھەيران قالمىغان بولاتتىم. ئاپتور ھۆكۈمرانىنى ئاددىي پۇقراغا سېلىشتۇرۇپ ھوكۇمرانغا مەپتۇنلۇقىنى، پۇقراغا (ئۇ پۇقرا قانچە مۇنەۋۋەرلىك دەرىجىسىگە يەتسىمۇ) نەپرىتىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن ئەتەي «ئەلۋىدا، قورال»نى

---

[1] «ئەلۋىدا، قورال»ئامېرىكىلىق مەشھۇر يازغۇچى، «نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى»ساھىبى ئېرنېست ھېمىڭۋاي (1899 ــ 1961) نىڭ رومانى.

تاللىۋالغانمۇ؟

بۇ پارچىدا مەنتىقە جەھەتتىن بىرنەچچە زىتلىقنى بايقايمىز. ئۇرۇش قارىسىغىلا سىلىشتۇرۇلغان: بابۇرنىڭ ئۇرۇشى بىر- بىرىنى كۆرۈپ تۇرۇپ ئۆلتۈرگەچكە مەردلىك، 1- دۇنيا ئۇرۇشى بىر- بىرىنى كۆرمەي قىرغىن قىلغاچقا نامەردلىك ئىكەن. ئاپتور ئۇرۇشتا قايسى تەرەپنىڭ ھەق، قايسى تەرەپنىڭ ناھەقلىقىنى تىلغا ئالمىغان. ئۇنىڭچە، بۇنى تىلغا ئېلىشقا ئەرزىمىسە كېرەك. بابۇرنىڭ ئەسكەرلىرى رەھىمسىز، مەردانە، 1- دۇنيا ئۇرۇشىدىكى ئەسكەرلەر رەھىمسىز، نامەرد ئىكەن. رەھىمسىزلىكمۇ ئىككى خىل سۈپەتكە ئىگە ئىكەن، بابۇر ئەسكەرلىرىنىڭ مۇھەببەت- نەپرىتى ئېنىق ئىكەن. بۇ، ئۆز پادىشاھىغا مۇھەببىتىنى، پادىشاھىنىڭ دۈشمىنىگە نەپرىتىنى كۆرسىتەمدۇ؟ بابۇر ياسىغان كاللا مۇنارى غالىبلىقنىڭ، بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىكى قىرغىنچىلىق نامەردلىكنىڭ مەھسۇلى ئىكەن. بۇ يەردە ئاپتورنىڭ مەدھىيىلەش ياكى سۆكۈشىنىڭ ئاساسى پەقەتلا بىر- بىرىنى كۆرۈپ ئۆلتۈرۈش بىلەن كۆرمەي ئۆلتۈرۈشتىن ئىبارەت. بابۇر ئۇرۇشتا ھېچقانداق ۋاستىدىن پايدىلانمىغانمۇ؟ ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ قوراللىرى ۋە ئۇرۇشىنىڭ ئاپتور سۆككەن ئۇرۇش ۋە قوراللاردىن ماھىيەتتە نېمە پەرقى بار؟

بۇ ئىككى ئەسەردە ئۇرۇشتىن باشقا يەنە بىر ئورتاقلىق بار: بابۇر بىلەن ھېنرىينىڭ ھەر ئىككىلىسى ھاراقكەش. بابۇر ھاراقتىن پات- پات قان قۇسىدۇ، مەست چاغلىرىدىمۇ نامىزىنى قازا قىلماسلىققا تىرىشىدۇ؛ ھېنرىي ھاراقتىن جىگىرىنى بۇزىدۇ. ئەسەرنىڭ بىرى، كېڭەيمىچىلىك ئۇرۇشى قىلغۇچىنىڭ خاتىرىسى، يەنە بىرى، كېڭەيمىچىلىككە قارشى بىر پىدائىينىڭ، يەنى ئىتالىيىنىڭ ۋەتەننى قوغداش ئۇرۇشىغا پىدائىي بولۇپ قاتناشقان روھىي دۇنياسىمۇ، ھەق- ناھەق ئېڭىمۇ بار ئامېرىكىلىق بىر ياشنىڭ ئۇرۇشتىكى ئەھۋالى ۋە ئۇرۇشتىن ۋاز كېچىشى تەسۋىرلەنگەن رومان. ئۇرۇش باشلانغاندا ھېنرىي ئىتالىيىدە بولغانلىقى ئۈچۈن ئىتالىيە ئۈچرىغان قىيىنچىلىق ۋە ناھەقچىلىككە چىدىماي، قاتنىشىش مەسئۇلىيىتى يوق ئۇرۇشقا ـ ئىتالىيە ئالدىنقى سەپتىكى ياردارلارنى قۇتقۇزۇش ئەترىتىگە قاتنىشىدۇ. ئالدىنقى سەپتە خەتەرلىك پەيتلەردە ئۆز ئەترىتىدىكىلەرنىڭ ئالدىدا ماڭىدۇ. ئېغىر يارىلىنىپ ئۆلگىلى تاس قالىدۇ. نەچچە ئايلىق ئازابلىق داۋالىنىش جەريانىدا «ئۇلار ئۇرۇش قىلىۋاتىدۇ، مەن بۇيەردە يېتىۋاتىمەن» دەپ يەنە ئالدىنقى سەپنى، سەپداشلىرىنى ئويلايدۇ. ئۇرۇش مەيدانىغا قايتىپ نەچچە كۈن ئۆتمەي ئۇرۇش ۋەزىيىتىدە بۇرۇلۇش بولىدۇ: گېرمانىيە ئاۋسترىيىگە ياردەملىشىپ ئۇرۇشقا قاتنىشىپ، ئىتالىيە ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدۇ. ھېنرىينىڭ ئەترىتىگە ئۈچ ماشىنا داۋالاش ئۈسكۈنىسىنى ئارقا سەپكە يۆتكەش بۇيرۇقى بېرىلىدۇ. ئىتالىيە ئارمىيىسىمۇ ئومۇمىيۈزلۈك چېكىنىدۇ. ئۇلار كېچىسى تالىيامىنتو دەرياسى كۆۋرۈكىگە كەلگەندە ئىتالىيىنىڭ ئۇرۇش مەيدانى ژاندارمىلىرى چېكىنگەن قوشۇن ئىچىدىكى ھەربىي ئۇنۋانى بارلارنى تاللاپ چىقىپ، «مۇقەددەس تۇپرىقىمىزنى ياۋايىلارنىڭ دەپسەندە قىلىشىغا تاشلاپ بېرىشتىڭ» دەپ، ئۇلارنىڭ بۇيرۇق بويىچە چېكىنگىنىگە قارىماي نەق مەيداندىلا قارا- قويۇق ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىدۇ. ھېنرىيمۇ ئېتىلىدىغانلارنىڭ قاتارىغا كىرگۈزۈلىدۇ. ئۇ، ئىتالىيىنىڭ ۋەتىنىنى قوغداش ئۇرۇشى ئۈچۈن ئۆلۈمگە تەۋەككۇل قىلغان. ئەمما ئۇنىڭ ھاياتى تاجاۋۇزچى فاشىستلاردىن پەرقى يوق، مېڭىسى قىزىپ كەتكەن ئىتالىيىلىك ئەسەبىي ژاندارمىلارنىڭ قولىدا ناھەق ئاخىرلىشىش خەۋپىگە دۇچ كېلىدۇ. ھېنرىي كۈتۈلمىگەن پۇرسەتتە ئۇلارنىڭ قولىدىن قېچىپ كېتىدۇ. ھېنرىي ئۆلۈمدىن قورققان بولسا پىدائىي بولمىغان بولاتتى. ئۇرۇشنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى ئۇ ئوبدان بىلەتتى. ئۆلگىلى تاس قالغاندىمۇ، سەپداشلىرى بىر- بىرلەپ ئۆلۈپ تۈرگاندىمۇ ئۇ ئۆلۈمدىن قورقمىغان، ئۇرۇشتىن باش تارتمىغان، ئۇنىڭ ئۇرۇشتىكى ئىپادىسى ناھايىتى تەشەببۇسكار ئىدى. ئەگەر ئۇ ژاندارمىلارنىڭ ناھەق ئوقىغا كۆكرىكىنى تىك تۇتۇپ بەرگەن بولسا ھەقىقىي ئەزىمەت سانىلارمىدى؟ ھېنرىي ئۇرۇش مەيدانى ژاندارمىلىرىنىڭ ئوقىدىن قاچقانلىقى ئۈچۈن ئىتالىيىدە يەنىلا قاچاق دەپ ئۆلۈمگە بۇيرۇلۇش خەۋپىگە دۇچ كېلىدۇ. ئامالسىز بىتەرەپ دۆلەت شىۋېتسارىيىگە قېچىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يۇقىرىقى ماقالا ئاپتورىنىڭ نەزىرىدە «ئەرلىك روھى سۇنغان قاچاق ئوفىتسېر» بولۇپ قالىدۇ.

بابۇرنىڭ ئۇرۇشتىكى:

بىركىم باش ئەگمىسە ئۇنى نېمە قىلسۇن؟
قىرسۇن، بۇلىسۇن، باش ئېگىدىغان قىلسۇن[1].

دېگەن پرىنسىپى ماقالا ئاپتورىغا ئادەم ئۈچۈن ئادەمىيلىك ئۆلچىمىنىڭ قانچىلىك مۇھىملىقىنى ئۇنۇتقۇزۇۋەتكەن. بەلكى بۇنداق ئۆلچەم بىر قىسىم كىشىمىز ئۈچۈن مۇھىم ئەمەستۇ. شۇنداقتىمۇ كىشىلىرىمىز ئېھتىمال نىچشېي ھاسىسىنى تارتىۋالغان تۇكۇر، بابۇر ياسىغان كاللا مۇنارىدىكى باشلارنىڭ بىرەرسىنىڭ ئىگىسى، جاللات خىنىمنىڭ ياغ قايناۋاتقان قازىنىغا تاشلانغان ئۇنىڭ رەقىبى بولۇپ قالمىغانلىقىغا، شۇ قانلىق تارىخ شارائىتىدا يارىلىپ قالمىغانلىقىغا مىڭ شۈكۈر دەر. شۇنداقتىمۇ تارىخ چاقىنىڭ دەريا كەبىي قانلارنى كېچىپ، سايىنىڭ تېشىدەك ئادەم باشلىرى ۋە تەنلىرىنى دەسسەپ ئىلگىرىلىشىگە تېنى شۈركەنمەي، ھەتتا زوق بىلەن نەزەر تاشلىيالىشىمۇ ھەقىقەتەن كەم ئۇچرايدىغان «غالىبلىق»قۇ؟ ئەگەر كىم بۇنىڭدىن گۇمانلانسا ئاجىز ئاتىلىپ قېلىشىدا گەپ يوق. چۈنكى بۇ

[1] «بابۇرنامە» 440- بەت.

www.uyghurkitap.com

هازىر بىزدە خېلى ئومۇملاشقان كۆز قاراش. ئەگەر ئۇلار ئاشۇ تارىخ شارائىتىدا يارىلىپ قالغان بولسا بۇ ئۇلارنىڭ بەختى بولارمىدى ياكى شۇم پېشانىلىكى؟ ئۇلار شۇخىل شارائىتتا بولغان بولسا نېمىش قىلار ئىدى؟ غالىبلارنىڭ پېشىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن پەش تالىشىپ بىر ـ بىرىنى قىرغىن قىلىپ، كاللا مۇنارچىقى بولسىمۇ ياساشقا تىرىشىپ باقارمىدى؟ بۇ ئاپتورنىڭ كاللا مۇنارى ياساشنى قالتىس غالىبلىق دەپ بىمالال تىلغا ئالالىشى، يەنە بىرخىل «غالىبلىق»مۇ ـ قانداق؟

ماكياۋېللي[1] ۋە نىچىشې[2] نىڭ هوقۇق، زوراۋانلىق ھەققىدىكى تەرغىباتىنى بىزگە تونۇشتۇرغۇچىنى ئالساق، ئۇ ئۇلارنىڭ ئەسىردىكى دەۋەتلەرگە پۇتۇنلەي ئىشىنىپ قالغان. ئۇ، «زوروئاستىر شۇنداق دەيدۇ»نىڭ كىرىش سۆزىدە: «كۈچلۈكلۈك ۋە ئاجىزلىقنىڭ مەنىسى نېمە؟ ئوقۇرمەنلەر نىچىشېنىڭ چوڭقۇر پەلسەپۋى پىكىر، ئۆتكۈر تىل، ئۆزگىچە ئۇسلۇپ بىلەن يازغان مەزكۇر ئەسىردىن ئاشۇ قاتاردىكى مەسىلىلەرنىڭ جاۋابىنى تاپالايدۇ» دەيدۇ.

بۇ ئىككى ئەسەردىكى مەزمۇننىڭ غەربتىكى خىلمۇ خىل كۆز قاراشنىڭ بىرى، بەلكى چېكىدىن ئاشقان كۆز قاراش ئىكەنلىكىگە ئالاقىدار سالماقلىق ئاساسلار بىلەن تەمىنلىمەي، ساددا ئوقۇرمەنلەرگە بۇ ئەسەرلەرنى ھەقىقەت سۈپىتىدە بىۋاستىلا تەۋسىيە قىلىدۇ. قولىمىزغا كىتابتىن بىرنى ئېلىپ، ئوقۇپلا هاياجانلىنىپ، ئۇ ساھەدە ئەتراپلىق ئىزدەنمەي، ھەرخىل كىتابنىڭ سۆرەپ كېتىشىگە تاقابىل تۇرالايدىغان سالماق بىلىم ئاساسى هازىرلىماي، «بۇ كىتابتا دېيىلگىنى ھەق» دەپ ھۆكۈم قىلىش، شەكسىزكى، بىزنىڭ مەسئۇلىيەتسىزلىكىمىزنىلا ئاشكارىلاپ بېرىدۇ.

تەرجىمە ئەسەرلەرگە ئەتراپلىق «كىرىش سۆز» يېزىشنىڭ ئەھمىيىتىنى زىيالىيلىرىمىزغا ئازراق بولسىمۇ چۈشەندۈرۈشكە مەجبۇرمەن. دۇنيادىكى ھەرخىل پىكىر، ئىدىيە ئېقىمىنى تونۇشتۇرۇشتا شۇ ساھەنىڭ نوپۇزلۇقلىرىنىڭ بۇ ئەسەرگە قارىتا بەرگەن باھالىرى، ئوخشىمىغان قاراشلىرىنى بىللە تونۇشتۇرۇش، ئىلىم ساھەسىدە ئومۇملاشقان ئەقەللىي قائىدە.

خەنزۇ تىلى تەرجىمىچىلىكىنى ئالايلى: ھەرقانداق تەرجىمە ئەسەرنىڭ نوقۇل شۇ تىلنى بىلگۈچىنىڭلا قولىدىن ئەمەس، ئالاقىدار بىلىم ئەھلىنىڭ قولىدىن چىقىدىغانلىقىنى ئەسەرنىڭ «كىرىش سۆز»ىدىكى سەۋىيىدىن ھېس قىلالايمىز. ئەگەر تەرجىماندا خەلقىگە سۇنماقچى بولغان ئەسەردىكى ئىدىيە ھەققىدە پىكىر بايان قىلغۇدەك سەۋىيە بولمىسا، ئالاقىدار نوپۇزلۇقلارنىڭ ماقالىلىرىنى «كىرىش سۆز» ئورنىدا بېرىپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئەسەرگە بولغان چۈشەنچىسىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بىز ئۈچۈن بۇنداق ئىزاھلاشلار تېخىمۇ زۆرۈر. بۇ، تەجرىبىدىن ئۆتكەن تونۇشتۇرۇش ئۇسۇلى بولۇپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ قايمۇقۇپ، خاتا چۈشەنچىگە كېپقالماسلىقىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ، تەرجىمىچىلىكتىكى ئەخلاق، ئەستايىدىللىق ۋە ئەنئەنىدۇر. دۇنيانىڭ ئىدىيە ساھەسىدىكى مەسىلىلىرى، ئېقىملىرى، بۇ ئېقىملارنىڭ ئىلغار ۋە پاسسىپ تەرەپلىرىگە يېتەرلىك چۈشەنچىسى يوق، بۇنىڭغا قارىتا تېخىچە نورمال ئىممۇنىتېت ئىقتىدارى هازىرلىيالمىغان بىزدەك خەلققە تونۇشتۇرۇشتا بۇ تېخىمۇ دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم نۇقتا. ئەمما تەرجىمانىمىز يۇقىرىقىدەك تەجرىبىلەرنىڭ بېشىدىن غالىبلارچە هالقىپ ئۆتۈپ، تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن هالدا «نىچىشې توكۇرلارنىڭ هاسىسىنى تارتىۋالاتتى» دەپ سۈرەن سېلىپ، ئاجىزلارنى ئەيىبلەش، ۋاستە تاللىماي مەقسىتىگە يېتىشكە پەتىۋا بەردى. سادىق ئەگەشكۈچىلەرنىڭ بۇ پەتىۋاغا ئىشەنچىسى ھەسسىلەپ ئاشتى. كىشىلىرىمىزنىڭ ئاساسى ئاجىز قىممەت ئۆلچىمى تېخىمۇ قالايمىقانچىلىق ئىچىگە كىرىپ قالدى. شۇندىن بۇيان شۇ تۈردىكى زىيالىيلارنىڭ ياكى ئەل ئارىسىدا ئازراق تەسىرى بار كىشىلەرنىڭ ئەمدىلەتىن بۇگۈنكى دۇنيانى چۈشىنىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان ئاجىز بىر خەلقنىڭ قۇلىقى تۈۋىدە يۇقىرى ئاۋازدا «يوقالسۇن ئاجىزلار» دەپ شوئار توۋلىشىنى، ئاجىزلارغا سىيلە ـ رەھىم قىلماسلىق چاقىرىقىنى ئۈزلۈكسىز ئىشىتىپ كەلدۇق. ماكياۋېللي بىلەن نىچىشېنىڭ بۇ قاراشلىرىغا دۇنيا ئىلىم ساھەسىدىكى ئالاقىدار نوپۇزلۇقلارنىڭ قانداق قارايدىغانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈشكە ھېچكىمنىڭ ۋاقتى چىقمىدى.

بىز باشقىلارنىڭ مەدەنىيىتىگە سۇيىئىستېمال نىيىتىدە ئەمەس، بەلكى سوغۇققان نەزەر تاشلىيالىساق، ئۇلارنىڭ ئەيىبىنى كولاشنى ئەمەس، بەلكى پايدىلىق تەرىپىنى ئۆگىنىشنى مەقسەت قىلغان بولساق، تېخىمۇ مۇھىمى، ئىلىم ئەھلىدىن تەلەپ قىلىنىدىغان ئەقەللىي ئەستايىدىللىقنى هازىرلىيالىغان بولساق، ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىدە بىزگە ئەڭ دەسلەپ يولۇقىدىغىنى ئۇلارنىڭ قايسى تەرىپى بولار ئىدى؟ زوراۋانلىقنىڭ ماكياۋېللي ۋە نىچىشېدىن ئىبارەت بۇ ئىككى تەرغىباتچىسى بولارمىدى؟ بەزى زىيالىيلىرىمىزنىڭ نەزىرىدە غەربنىڭ ئىلغار تەرىپى ئاجىزلىق، غەرب ئۆزىمۇ قوبۇل قىلالمىغان زوراۋانلىققا دائىر پاسسىپ تەرىپى بىزگە تونۇشتۇرۇش زۆرۈر بولغان ئەۋزەللىك، بىزنى غالىبلىققا يەتكۈزۈشنىڭ يولى، ھەتتا پاسسىپلىقلىرىمىزنى ئاقلىشىمىزنىڭ ئاساسى بوپقالغان.

20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا نىچىشېنى خەنزۇ مەدەنىيىتىگە ئەڭ بۇرۇن تونۇشتۇرغۇچى لياڭ چىچاۋ، لۇشۇن قاتارلىقلار نىچىشېنىڭ «ھەممە قىممەتنى يېڭىۋاشتىن ئۆلچەش ۋە

[1] ماكياۋېللي (1469 ـ 1527)ئىتالىيىلىك سىياسىي مۇتەپەككۇر.

[2] نىچىشې(1844 ـ 1900) گېرمانىيىلىك پەيلاسوپ.

تەپەككۇرنى يېڭىلاش» تەشەببۇسى، شۇنداقلا «تەنقىد روھى»غا بەكرەك قىزىققان. ئۇلارنىڭ يەنە ئارىستوتېل، سوقرات، پلاتون قاتارلىق قەدىمقى گرېك پەيلاسوپلىرىدىن تارتىپ تاكى غەربنىڭ ئالدوس خاكسلي[1]، لېۋ تولستوي، جون دېۋېي[2] قاتارلىق ئىدىيە، ئەدەبىيات- سەنئەت ساھەسىدىكى يېڭى نامايەندىلىرىگىچە ئېهتىياجى چۈشكەن. تەتقىقاتچى فاڭ جوزى «ئۇستۈن ئادەم لۇشۇن» ناملىق ماقالىسىدە لۇشۇننىڭ 1907- يىلىدىن بۇرۇنلا نىچشېنىڭ «ئۇستۈن ئادەم»ى بىلەن ئۇچراشقانلىقى ۋە ئۇنىڭ «ئۇستۈن ئادەم»ى بىلەن تولستوينىڭ مېهىر- شەپقىتىنى— بۇلار ئوت بىلەن سۇدەك كېلىشەلمىسىمۇ ماسلاشتۇرۇشقا تىرىشقانلىقىنى، ئۆزىمۇ «ئۇستۈن ئادەم»چە شىجائەت بىلەن مېهرىبانلىق روھىنى تەشەببۇس قىلىپ، جۇڭگو جەمئىيىتىنى چوڭقۇر ئانالىز قىلغانلىقىنى ئېيتىپ، بۇنىڭغا لۇشۇننىڭ «مەدەنىيەتتىكى ئاغمىچىلىق ھەققىدە» (1907) قاتارلىق ماقالىلىرىنى نەقىل كەلتۈرىدۇ. لۇشۇننىڭ شۇ زاماننىڭ غالىبلىرى— ئەنئەنىۋى قاششاقلىق ۋە رەزىل كۈچلەر بىلەن مۇرەسسەسىز كۈرەش قىلىش روھىدىن كۆپ قىسىم كىشىمىز خەۋەردار. ئۇنىڭ تىز پۈكمەس روھى ۋە غەيرەت- شىجائىتىنى رەھىمسىزلىك ۋە ياۋايىلىق ئەمەس بەلكى ئىلغار ئىدىيە ۋە ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ تەسىرى يېتىشتۈرگەن. ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىقى جۇڭگو پۇقرالىرىنىڭ ساپاسىغا، جۇڭگونىڭ دۇنيادا قەد كۆتۈرۈشىگە زور تەسىر كۆرسەتكەن. ئاز كەم يۈز يىل بۇرۇنقى بۇ كىشىلەرنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە غەيرىتى بىزنىڭ ھازىر زوراۋانلىقنىڭ تەرغىباتچىلىرىنى ئاساس قىلىپ، تەشەببۇس قىلىشىمىز بىلەن كۈچلۈك سېلىشتۇرما ھاسىل قىلغان. بىز ھازىر خەنزۇ مەنبەلىرىدىن ماكياۋېللي ۋە نىچشې تەتقىقاتىغا ئالاقىدار تېخىمۇ كۆپ ئەستايىدىل تەتقىقاتچى ۋە ئەسەرنى ئۇچرىتىمىز. ماكياۋېللي ۋە نىچشېنىڭ ۋاستە تاللىماسلىق، ئاجىزلارغا رەھىم قىلماسلىق ئىدىيىسى ئۇلارنى بىزدەك مەستانە قىلىۋەتمىگەن.

نىچشې ۋە ماكياۋېللىينىڭ ھوقۇق، ھۆكۈمدار ھەققىدىكى ئىدىيىسى غەرب مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنىڭ ئەكسى تەرىپىدە تۇرۇپ كەلگەن. بۇ ئىككى پەيلاسوپ خىرىستىئان دىنى ئەقىدىلىرىنى (ئەمەلىيەتتە بارلىق دىني ئەھكامنى) ئۇزۇل- كېسىل ئىنكار قىلغۇچىلار بولۇپ، بۇ ھەقتە يې جىچيۇ مۇنداق دەيدۇ: «نىچشېنىڭ بۇ يازمىلىرىنىڭ ئارقىسىدا ‹مەن شەيتاننىڭ باياناتچىسى، مەن خىرىستوسنىڭ قارشىسىدا تۇرىمەن› دېگەن سۆز بار. ئۇنىڭ بۇ قاراشلىرى خىرىستىئان ئەقىدىسىنىڭ ئىنكار شەكلى. يەنى، خىرىستىئان دىنى تەشەببۇس قىلغاننى ئۇ ئىنكار قىلىدۇ. خىرىستىئان دىنى ئىنكار قىلغاننى ئۇ تەشەببۇس قىلىدۇ. شۇڭا نىچشې ئىدىيىسىنىڭ مۇۋاپىقلىقىنىڭ قانچىلىكلىكى خىرىستىئان ئىدىيىسىدىكى نامۇۋاپىق تەرەپنىڭ قانچىلىكلىكىگە باغلىق. ئەگەر خىرىستىئان ئەقىدىسىنىڭ مېغىزلىق قىسمى ئىنسانلارنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى، گۈزەل ئەخلاقى ۋە ئالىجاناپلىقى بىلەن بىردەك بولسا، يەنى خىرىستوس روھى ئىنسانلارنىڭ مۇقەددەس تەبىئىتى بىلەن بىردەك بولسا، نىچشېنىڭ بۇ ئىدىيىسى شەخسنىڭ پەزىلىتىنى يېتىلدۈرۈشكە ئىنتايىن زىيانلىق، ئىنسانچىللىققا يات دېيىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. خىرىستىئان دىنىنىڭ تەشەببۇس قىلىدىغىنى ئەخلاق، سەممىيلىك، خەير- ساخاۋەت، ھېسداشلىق، شەخسىيەتسىزلىك، كەڭ قورساقلىق بولسا، نىچشېنىڭ تەشەببۇس قىلىدىغىنى ئەخلاقسىزلىق، ياۋايىلىق، رەزىللىك، شەپقەتسىزلىك، زوراۋانلىق، ئۇرۇش، ۋەيران قىلىش، زۇلۇم سېلىش، مۇستەبىتلىك، تاجاۋۇزچىلىق.»

ئۇلارنىڭ زوراۋانلىق ھەققىدىكى تەشەببۇسلىرى سەۋەبلىك ناتسىستلارنىڭ داھىيلىرى ھىتلېر ۋە مۇسسولىني ئۆزلىرىنى «نىچشېنىڭ مۇرىتى» دەپ ئاشكارا ئېلان قىلغان. ھىتلېر ماكياۋېللىينى «ئۇلۇغ ئىدىيە ئۇستازىم» دەپ ئاتىغان. ماكياۋېللىينىڭ ۋەكىللىك ئەسىرى «ھۆكۈمران»نى كارىۋىتى بېشىدىن ئايرىمىغان. ناتسىستلارنىڭ ئۇرۇش مەيدانلىرىنى ئاچقان گېرمان ئەسكەرلىرى قورالدىن باشقا يەنە «زوروئاستىر شۇنداق دەيدۇ» نى يېنىدىن ئايرىماس دەرىجىگە يەتكەن. ئاخىر ناتسىستلار داھىيسى ھىتلېر نىچشېنىڭ تەشەببۇسىدىكى «مۇستەبىتلىك ئۇستۈن ئادەمنىڭ ئالاھىدىلىكى، ئۇلۇغ ئادەملەر پۇقرالارنى كالۋالاشتۇرۇۋېتىشى، ئۇلارنى مەقسىتىنىڭ قۇربانلىقى قىلىشى كېرەك» نى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ئىنسانىيەتكە ئېغىر بالايىئاپەت ئېپكەلگەن.

غەرب سىياسەت تەتقىقاتى ساھەسىدە نوپۇزلۇق ئالىم خانس مورگانسۇ «دۆلەتلەر ئارا سىياسەت» ناملىق ئەسىرىدە: «ماكياۋېللي ۋە خوبۇس[3] نىڭ ‹ھوقۇق قوغلىشىشنىڭ رېئاللىقتىكى ئومۇملىقىنى رېئاللىقتىكى ئاساسلىق ئەمەلىيەت دەپ قوبۇل قىلىش، ئەيىبلىمەسلىك، چەكلىمەسلىك› تەشەببۇسى غەربنىڭ ئاساسلىق پىكىر ئېقىمىنىڭ يەكلىشىگە ئۇچرىغان. ئۇلارنىڭ پەلسەپىسى سان ئوگوستىين[4] ۋە لوك [5] نىڭ سىياسىي پەلسەپىسىنىڭ غەرب مەدەنىيىتىگە كورسەتكەن ئىدىيە ۋە ئەمەلىيەت جەھەتتىكى چوڭقۇر تەسىرىگە يات. يەنە بىر جەھەتتىن غەرب مەدەنىيىتىدىكى ‹ئاجىزلارنى يۆلەپ، كۈچلۈكلەرنى تىزگىنلەش› ئەنئەنىسى نىچشې، مۇسسولىني، ھىتلېر تەرىپىدىن ‹خوتۇن كىشى مىجەز، ھېسسىياتقا تايىنىپ

---

[1] ئالدوس خاكسلي (1894 — 1963) ئەنگلىيىلىك پەيلاسوپ.

[2] جون دېۋېي (1859 — 1952) ئامېرىكىلىق پەيلاسوپ، مائارىپشۇناس.

[3] خوبۇس(1588 — 1679) ئەنگلىيىلىك پەيلاسوپ،سىياسىي مۇتەپەككۇر.

[4] ئوگوستىين(354 — 430)قەدىمكى رىم پەيلاسوپى، تىئولوگ.

[5] لوك(1632 — 1732) ئەنگلىيىلىك پەيلاسوپ.

ئىش قىلىدىغان، جۈشكۈنلەشكەن» دەپ ئەيىبلەنگەن. ئۇلار ھوقۇق ئىرادىسى ۋە ھوقۇق كۈرىشىنىڭ قىلچە ئىزگىنىسىز ئىپادىلىنىشىنى مەدھىيىلەپ، ئىزگىنىسىز ھوقۇق ئىشلىتىشنى جەمئىيەتنىڭ غايىسى ۋە شەخسنىڭ ھەرىكەت ئۆلچىمى قىلىشنى تەشەببۇس قىلغان. يىراقنى كۆرەرلىك بىلەن ئېيتقاندا، ھوقۇق ھەۋىسى ۋە ھوقۇق كۈرىشىنى ئۇل قىلغان پەلسەپىۋى ئىدىيە ۋە سىياسىي تۈزۈمنىڭ ئىستىلاپ بىرەلمەيدىغىنى ئۆزىنىڭ ئىقتىدارسىزلىقى ۋە ئۆز ـ ئۆزىنى ھالاك قىلىدىغانلىقىلا، خالاس. ئۇلارنىڭ ئاجىزلىقىنى دەل غەرب ئەنئەنىسىنىڭ ئىقتىدارى كۆرسىتىپ بەرگەن. غەرب ئەنئەنىسىنىڭ قوغلىشىدىغىنى ھوقۇقنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش بولمىغاندىمۇ، ھوقۇقنى باشقۇرۇش ۋە ھوقۇق قوغلىشىشنى چەكلەشتۇر... جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي مەنپەئىتى ياكى شەخسنىڭ مەنپەئىتى نۇقتىسىدىن ھوقۇقنى چەكلەش زۆرۈردۇر.»

برتراند رۇسسېل[1] مۇنداق دەيدۇ: «نىچشېنىڭ ئىچى قورقۇنچ ۋە نەپرەتكە تولۇپ كەتكەچكە، ئۇنىڭچە، ئىنسانلاردا مېھىر ـ مۇھەببەتنىڭ ئۆزلىكىدىن بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. گىگانت ئادەملەردەك قورقماس ۋە تىز پۈكمەس غۇرۇرى بولسىمۇ، ئەزەلدىن باشقىلارغا ئازاب ئېپكەلمەيدىغان، ھەم بۇنداق قارا نىيىتى يوق ئادەمنىڭمۇ بارلىقىنى ئۇ ئەزەلدىن خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغان... ئەگەر ئۇنىڭ ئىدىيىسىنى كېمەللىك دېسەك، بۇ، ھازىرقى دۇنيادا چوقۇمكى كەڭ تارقىلىشچان كېسەلدۇر... ئۇنىڭ ئۇخلىماي كۆرگەن چۈشلىرىدە ئۇ پروفېسسور ئەمەس بەلكى جەڭچى، ھەۋەس قىلىدىغانلىرى پۈتۈنلەي ھەربىيلەر ئىدى.»

كارل ياسپېرس[2] مۇنداق دەيدۇ: «كېركىگارت ۋە نىچشې غەرب پەلسەپىسىنى تىترىتىۋەتتى. ئەمما بۇ تىترىتىشنىڭ ئاخىرقى ئەھمىيىتى تېخى ئۆلچەپ چىقىلمىدى.»

نىچشې تەتقىقاتچىسى، ئامېرىكىلىق پېدىس نىچشې ئارخىپلىرىنى 20 نەچچە يىل تەتقىق قىلىپ، «نىچشې ئاكا ـ سىڭىل ـ بىر مەيدان گېرمانىيە تراگېدىيىسى» ناملىق ئەسىرىنى يېزىپ، «نىچشې ئېلىشىپ قالغان پۈرسەتتە سىڭلىسى ئېلىزابېت قولىيازمىلارنى ئۆزگەرتىپ ۋە بۇرمىلاپ، نىچشې ئىدىيىسىنى فاشىزملىق ئىدىيىگە ئايلاندۇرغان» دېگەن كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئەسەردىكى ھوقۇق ۋە زوراۋانلىققا ئالاقىدار ئىدىيە مەيلى نىچشېنىڭ ياكى سىڭلىسىنىڭ بولسۇن، بۇنىڭ پاسسىپلىقى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدۇ.

خەلقئىمىزگە تونۇشتۇرۇلغان يەنە بىر ئەسەر «ھۆكۈمران» (ئۇيغۇرچە تەرجىمە نامى «ھۆكۈمدارلار دەستۇرى») سەۋەبتىن، بۇ ئەسەرنىڭ يازغۇچىسى ماكىياۋېللى ياۋروپادا «ماكىياۋېللىچە ئادەم» دېگەن سۆزنىڭ «سۇيىقەستچى، نومۇسنى بىلمەيدىغان ئادەم» دېگەن مەنىگە ئېرىشىشىگە سەۋەب بولغان. ئۇنىڭ «رەزىللىكنىڭ ئۇستازى»، «رەزىللىكنىڭ قوتراتقۇچىسى»، «زوراۋانلارنى قوترىتىدىغان نومۇسسىز ئەبلەخ» دېگەن ناملىرىغا «سىياسەتشۇناسلىق ئاتىسى» دېگەن تېخىمۇ مۇنازىرىلىك ناملار يانداشتۇرۇلۇپ كەلگەن. جاك.رۇسسو «ماكىياۋېللى ھۆكۈمرانلارغا دەرس ئۆتتى» دەپ قارىغان. ئەمەلىيەتتە خەلققە چوڭ ساۋاق بەردى» دەيدۇ. ئەمەلىيەتتە خەلق ھۆكۈمرانلار ئالدىدا پاسسىپ ئورۇندا بولغاچقا، بۇ ساۋاقنىڭ بىر بولسا ئۇلار ئۈچۈن ھېچ ئەھمىيىتى يوق. ياكى ئۇلار بۇ ھۈنەرنى بىر ـ بىرىگە ئىشلىتىدۇ.

ئەكبەر ئەمەت ماكىياۋېللى بىلەن بىزنىڭ ئەدەبىيات ۋە سىياسەت ئۇستازىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىنى سېلىشتۇرۇپ: «ماكىياۋېللىنىڭ سىياسىي پەلسەپىسى ئادەملەرنىڭ ماھىيىتىنى رەزىل دەپ قاراش ئاساسىغا تىكلەنگەن بولۇپ، ئۇ: ‹ئادەملەر پۇرسەت بولسىلا رەزىللىكىنى ئاشكارىلايدۇ› دەپ قارىغان. شۇڭا مەلۇم غايىنى ئوتتۇرىغا قويۇش سىياسەتتە ئورۇنسىز دەپ قاراپ، دىققىتىنى سىياسىي تۇرمۇشتا دائىم نېمىلەرنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىغا قاراتتى... يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ئېراسموسنىڭ قارىشىدا جەمئىيەت ۋە كىشىلىك تۇرمۇشتا زۆرۈر بولغان ئەخلاق سىياسىي تۇرمۇشتىمۇ زۆرۈر ئىدى. ئۇلار ئادەمنىڭ قانداقلىقىغا ئەمەس، ئۇنىڭ مەلۇم ئىرىشچانلىقلار نەتىجىسىدە قانداق بولالايدىغانلىقىغا دىققەت قىلغان»[3] دەيدۇ.

مەۋجۇدىيەتچىلىك پەلسەپىسىنىڭ مۇھىم ۋەكىلى ئالبېرت كامۇس «ياخشى ئادەم ئىشلىرىنى غايىدىن باشلايدۇ، رەزىل ئادەم ئىشلىرىنى غايە ئاخىرلاشقان يەردىن باشلايدۇ» دەيدۇ.

جاۋ جىڭ: «ماكىياۋېللىزىم تەلىماتى 400 يىلدىن بۇيان ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ۋە شەخسلەرگە تالاي خانىۋەيرانچىلىق سالغان. ھەتتا ئىنسانىيەتنى گۇمران بولۇش گىردابى (دۇنيا ئۇرۇشى ۋە يادرو ئۇرۇشى تەييارلىقى) غا ئېلىپ كىرگەن. ھازىر يېڭى بىر پرىنسىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۈزلۈكسىز ئېتىراپ قىلىشقا ئېرىشىپ كەلمەكتە. ئۇ بولسىمۇ ‹شەخسنىڭ ئاساسلىق ھوقۇقىنى ھۆرمەت قىلىش، ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇدلۇقى ھەر قانداق شەكىلدىكى دۆلەت ھوقۇقىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ› دېگەندىن ئىبارەت» دەيدۇ.

ئىلىم ساھەسىدە نىچشې ۋە ماكىياۋېللى ھەققىدە نۇرغۇن مۇنازىرە مەۋجۇد. ئۇلارنى مۇئەييەنلەشتۈرگۈچىلەرمۇ: «ئۇلارنىڭ دېگىنى توغرا، ئۇلارنىڭ دېگىنىدەك قىلىش كېرەك» دېمىگەن. خۇددى «دونكىخوت» رومانىنى ياخشى كۆرگەنلەر دونكىخوتنىڭ قىلغان ۋە دېگەنلىرىنى توغرا دېمىگەندەك.

موللا مۇسا سايرامىي تارىخشۇناسلىق، جەمئىيەتشۇناسلىق

---

[1] برتراند رۇسسېل(1872 ـ 1970)ئەنگلىيىلىك پەيلاسوپ.

[2] كارل ياسپېرس (1883 ـ 1969) گېرمانىيىلىك پەيلاسوپ.

[3] ئەكبەر ئەمەت: «يۈسۈپ خاس ھاجىپ،ئېراسموس ۋە ماكىياۋېللىلارنىڭ ھۆكۈمرانلارغا نەسىھەتلىرى»، «تارىم»ژۇرنىلى 2007 ـ يىل 3 ـ سان.

www.uyghurkitap.com

ۋە ئىلمىيلىك نۇقتىسىدىن تارىخىمىزدا ئىنتايىن كەم ئۇچرايدىغان قامۇس ۋە داستان خاراكتېرلىك ئەسىرى «تارىخىي ھەمىدىي»دە «ئەگەر پادىشاھلار يۇمشاق سۆپەت بىلەن سىياسەت قىلىشنى ئۆزىگە راۋا كۆرسە پۇقرالارنىڭ مەنپەئەت ۋە پايدىسى كاپالەتكە ئىگە بولالمايدۇ. يۇرتلار قالايمىقانچىلىق ۋە ھالاكەتكە يۈزلىنىدۇ. ئەگەر (پادىشاھلار) زۇلۇم ۋە قەھرىيەت بىلەنلا بولۇپ، ئادىل سىياسەتنى ئۆزىگە كېرەك قىلمايدىكەن، پۇقرالارغا تىنچلىق ۋە ئاراملىق بولمىغىنىدەك، ئۆزلىرىگىمۇ تىنچلىق ۋە ئاراملىق بولمايدۇ. ...ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان بۇ پەلەك ھادىسىلىرىدىن پايدىلىق تەجرىبىلەرنى ھاسىل قىلىپ، ئۇنىڭدىن ئىبرەت ئېلىش كېرەك» دەيدۇ. بۇ تارىخچىلىق ئۇستازىنىڭ ھەق ۋە ناھەق، پادىشاھ ۋە پۇقرا، ھەقنى ياقلىماسلىقنىڭ ئاقىۋىتى ھەققىدىكى پۇختا ئەقلىي ئاساسقا ئىگە بۇ بايانلىرى بۇ ھەقتىكى مۇجمەللىكلىرىمىزنى ئايدىڭلاشتۇرۇشتۇرۇۋېلىشىمىزدا شەكسىزكى زور ھەل قىلغۇچ ئۈنۈمگە ئىگە.

بىزدىكى شەپقەتسىزلىككە ھەۋەس قىلغۇچىلار غەرب مەدەنىيىتىگە ئۆچمەنلىكىنى يازمىلىرىنىڭ ماس كەلمىگەن جايلىرىغىمۇ قىستۇرۇپ ئۆتۈشنى ئادەت قىلىپ كەلگەنلەر بولغاچقا، ئۇلار ئۆچمەنلىكىگە غەرب مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە قارشى غەربلىكلەرنىڭ ئەسىرىدىن ئاساس تېپىشقا تىرىشقان. ئۇلار باش- ئاخىرى ماسلاشقان تەشەببۇسلىرى بىلەن يەنە تېخىمۇ ئۇچۇقلۇق ھالدا بىزنىڭ كوچىدىكى قىممەت قاراشلىرىمىزنىڭ ئاقلىغۇچىلىرى ۋە راۋاجلاندۇرغۇچىلىرى بولۇپ، قوش ئۈنۈمگە ئېرىشكەن.

ماكياۋېللىي «ھۆكۈمران دىنىدىن پايدىلىنىشى، (ئۇنى) سىياسىي مەقسىتىگە يېتىشنىڭ ئۈنۈملۈك قورالى قىلىشى كېرەك» دەيدۇ. ئەگەر نىچشې ۋە ماكياۋېللىينىڭ پرىنسىپىنى ئۆلچەم قىلساق، ماكياۋېللىيدىن بىر ئەسىر كېيىن، نىچشېدىن ئىككى ئەسىر بۇرۇن ياشىغان، «جاھالەت پىرى»دەپ لەنەتلەنگەن ئاپاق خوجىنىمۇ ھەقىقىي غالىب ئەزىمەت، بۇ تەشەببۇس ۋە غايىلەرنىڭ يۈكسەك ئىجراچىسى قىلىپ ئىسپاتلاشقا گەپ كەتمەيدۇ. ئاپاق خوجا ئۇلاردىن بىخەۋەر ئۇلارنىڭ پرىنسىپلىرىنى ئەڭ مۇكەممەل يۈرگۈزگۈچىلەرنىڭ بىرى. ئۇنداقتا، بىز ئاپاق خوجىدىن ئىپتىخارلىنىشقا ھەقلىقمۇ- قانداق؟ ئەمدى مەن ئۇلارنىڭ پىكىر قىلىش ئۇسۇلى بويىچە ئۇلارغا سوئال قويۇپ باقاي: بىز نېمىشقا يىراقتىكى ماكياۋېللىي ۋە نىچشېنىڭ ئالاقىدار تەشەببۇسلىرىنى كۆتۈرۈپ چىقىمىز؟ ئەزىمەتىمىز يېنىمىزدىلا تۇرسا؟! ئۇنىڭ قىلغان- ئەتكەنلىرىدىن ھەممىمىز خەۋەردار، تېخى ئۇ بۇ ھەقتە نەزەرىيە ساتقۇچى ئەمەس بەلكى قانخورلۇقنى پەللىسىگە يەتكۈزۈپ قىلغۇچى. شۇڭا شۇنىلا تەشەببۇس قىلساق بولمىدىمۇ؟

ئاپاق خوجىنىڭ ئەپت- بەشىرىسى ھازىر كىشىلىرىمىزگە ھەر قانداق چاغدىكىدىن بەكرەك ئاشكارا بوپكەتكەچكە، ئۇنى ماختاپ لەنەتكە قالماسلىق ئۈچۈن نىيىتىمىزنى باشقا تەرەپتىن ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولدۇقمۇ؟ بىز مۇشۇنداق ماڭساق ئاپاق خوجىنى ئۇلۇغلاش ئەنئەنىمىزنىڭ ئۈزۈلۈپ قالغانلىقىغا قايغۇرۇشنى تېزلا باشلىۋېتىشىمىزدە گەپ يوق.

دۇنيادا ھەممىلا ئادەم «غالىبلار»نىڭ پېشىنى قارىسىغا كۆتۈرۈشى ناتايىن. ئەمما نۇرغۇن كىشى تەشەببۇسچىلىرىمىزنىڭ نەزىرىدىكى «ئاجىزلىق»نى ئامالسىزلىقتىن تاللىغان. مۇبادا ئىنسانلار ئۇرۇش- يېغىلىق ياكى ھەق- ناھەق ئاستىن- ئۈستۈن بولغان شارائىتلاردا كىم كۈچلۈك بولسا شۇنىڭغا ئىتائەت قىلغان بولسا تارىخ تەخسىكەش، يۇمشاقباش، ئىككى يۈزلىمىچىلەرگە تولۇپ كەتكەن، رەزىللىكنى چەكلەيدىغان ھېچقانداق كۈچ قالمىغان، رەزىللىك ئاپەتكە ئايلىنىپ، دۇنيا ئىززەت- ھۆرمەت، غۇرۇر ۋە ئالىجاناپلىقنىڭ، ئاقىۋەتتە ئىنسانىيەتنىڭ دوزىخىغا ئايلىنىپ كەتكەن بولاتتى.

ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىگە، جەمئىيەتنىڭ ساغلام تەرەققىياتىغا يات يۇقىرىقىدەك تەشەببۇسلار ئەمدىلا دۇنيانىڭ ئىلغار مەدەنىيىتى بىلەن ئۇچرىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن، ساددىلىقتىن قۇتۇلۇشقا تىرىشىۋاتقان كىشىلىرىمىزگە مۇشۇ پەيتتە شۇنچە زۆرۈرمۇ؟

بىز دۇنيادىكى ئاجىز خەلق بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، شۇنداقلا تارىختا زوراۋانلارنىڭ دەپسەندىسىگە كۆپ ئۇچرىغان خەلق بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن زوراۋانلىقنى تەشەببۇس قىلمايدىغان ھازىرقى زاماننىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىگە ھەممىدىن بەكرەك مىننەتدار بولساق بولاتتى. ئەمما بۇخىل بىنورمال تەشەببۇسلارنىڭ تەسىرىدە بەزى ئەگەشكۈچىلەرنىڭ كۆزىگە جىنايەتلەرمۇ غالىبلىق سىياقىدا كۆرۈنۈشكە باشلىغان. ئۇ تەسىر ئۇلارنى جىنايەتچىلەر، جاللاتلار ۋە قاتىللارنىمۇ مەدھىيىلەش، ئادەمگە خاس ھەق- ئادالەتنى ياقلىغۇچىلارنى، ئالىجاناپلىقنى پەسلەشتۈرۈش دەرىجىسىگە ئېلىپ كەلگەن.

بۇنداق بىنورمال تەشەببۇس ئۇزاق تارىخىمىزدىن ئاغزاكى ئېقىپ كەلگەن ئۆكتەملىك- زوراۋانلىققا ھېرىس، قارا بىس ئادەملەرنىڭ قارىشى بولۇپ، بۇلار ئەزەلدىن ئاممىدىن ئىبارەت پۇختا تارقىلىش ئاساسىغا تايىنىپ بىزگە خېلىلا مۇكەممەل يېتىپ كەلگەن. ئىشلارنىڭ مۇشۇنداق بولۇشىنى تەبىئىي دەپ قارايدىغان بۇرۇنقى خېلى زور باشلامچى ھازىرقى تەرغىباتچىلار بۇ ھەقتىكى ۋائىزلىقنى باشلاشتىن كۆپ بۇرۇنلا ئىشلىرىنى باشلىۋەتكەن.

تارىختا ھۆكۈمرانلارنى ھىمايە قىلغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ ئەقىدىسىنىڭ ھەقىقىي ئىخلاسمەنلىرىمىدى؟ ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئەمەلىيەتتە ئىشى ئۆتكۈلارنىڭ ھىمايىچىلىرى ئىدى. ئىشى ئۆتكۈلارغا ھەمدەم بولمىغانلار يارىماسلارمىدى؟ تەشەببۇسچىلارنىڭ كۆزقارىشى بويىچە ئۇلارنى يارىماسلار دېيىشكە توغرا كېلىدۇ. تارىختا كىم قۇدرەتلىك بولسا ئۇنى ھىمايە قىلغۇچىلار، ئۇنىڭغا ياردەم قىلغۇچىلار ئەڭ كۆپ بولغان

بولۇپ، ئۇنىڭ نىيىتىنىڭ قانداقلىقى، قىلمىشىنىڭ ئاقىۋىتى ھەققىدە ئويلىنىدىغانلار ناھايىتى ئاز بولغان. كۆپ ئادەم ئەگىشىش غالىبلىقنىڭ بەلگىسى بولغان. شۇڭا تېخىمۇ كۆپ كىشى ئەگەشكەن. مۇنەۋۋەر يۇقرالارمۇ شۇنداق قىلمىغۇچە ئۇلارنىڭ دەپسەندىسىدىن قۇتۇلالمىغان. ئەمما دەپسەندە بولۇپ تۇرۇپمۇ ئۆز مەۋقەسىدە چىڭ تۇرغانلارنىمۇ بەختىمىزگە يارىشا ئۇچرىتىپ قالىمىز. تارىخىمىزدىكى مۇنداق ئىككى ئىش بۇ جەھەتتە خېلى تىپىكلىككە ئىگە: «بۇغراخانلار تەزكىرىسى»دە خاتىرىلىنىشىچە، سۇلتان ساتۇق بۇغراخاننىڭ قىزى ئەلانۇر نىكاھسىز ھامىلدار بوپقالىدۇ. بالا تۇغۇلغاندا خانلىقنىڭ دىنىي ئۆلىمالىرى «بۇ بالا ھەزرىتى ئەلىنىڭ كارامەتلىرىدىن ئىكەن، قوشۇما قاشلىرىمۇ ‹ھەدىس شەرىف›تە سۈپەتلەنگەن ھەزرىتى ئەلىنىڭ قوشۇما قاشلىرىغا ئوخشايدىكەن» دەپ پەتىۋا بېرىپ، بالىغا نەچچە يۈز يىل بۇرۇن ئالەمدىن ئۆتكەن «دادىسى» نىڭ ئىسمىنى قويىدۇ. سەئىدىيە خانلىقىدا بولغان يەنە بىر ئىش بۇنىڭ بىلەن كۈچلۈك سېلىشتۇرما ھاسىل قىلغان. سەئىدىيە خانلىقىنىڭ سۇلتانى دوستمۇھەممەدخان دادىسى ئېسەن بۇقاخان ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، دادىسىنىڭ كىچىك خوتۇنىنى ئەمرىگە ئالماقچى بولۇپ دىنىي ئۆلىمالارنى شەرىئەتتىن ئۆزىگە پايدىلىق پەتىۋا بېرىشكە چاقىرىدۇ. يەتتە ئۆلىما پايدىلىق پەتىۋا بەرمىگىنى ئۈچۈن دوستمۇھەممەدخان تەرىپىدىن ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىدۇ. يۇقىرىدىكى ئىككى ئىشتا ئىككى خانلىق ئۆلىمالىرى تامامەن ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل يول تۇتقان. بۇغراخاننىڭ پەتىۋاچىلىرى ئەكسىچە پەتىۋا بەرسە ئاقىۋىتىنىڭ نىمە بولۇشىنى بىلمەيمىز. ئۇلار شۇ پەتىۋانى بېرىپ ئېھتىمال جېنىنى ساقلاپ قالغاندۇ ياكى تەھدىت يوق ئەھۋالدىمۇ خاننىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇشقا تىرىشقاندۇ. غالىبلارچە ئۇزۇن، ياخشى ياشاپ ئۆزلىرىنىڭ چېچەنلىكى، جاھاندارچىلىقنىڭ رەپتارىغا كىرىۋېلىپ پايدا ئېلىشنىڭ جانلىق ئۆرنىكىنى تىكلەپ بەرگەندۇ. دوستمۇھەممەدخاننىڭ ئۆلىمالىرى ۋاستە تالالىماسلىقنى بىلمىگەنلىكى سەۋەبلىك جېنىنىمۇ ساقلاپ قالالمىغان. بۇ خىل كىشىلەرنىڭ تارىخىمىزدا پاراكەندىچىلىك ۋە يوقلىش گىرداۋىغا بېرىپ قالغانلىقىغا گەپ كەتمەيدۇ. بۇنداق بولمىغاندىمۇ، جاھاننىڭ رەپتارىغا بېقىپ كۈن ئېلىشقا ماھىر كىشىلەر فىرمىنىڭ چۆجىلىرىدەك كۆپىيىپ بارغان تارىختا بۇلار يەنىلا داۋاملىق دەپسەندە ئوبيېكتى بوپقالماسمىدى. ئۇلارنىڭ يۇقىرىقىدەك كىشىلەرنىڭ تەسىرىدىن غالىب كېلىپ، ھاياتتا ئومۇمنىڭ مەنپەئىتىگە پايدىلىق تەرتىپلەرنى ئورنىتىپ چىقالىشىغا قانچىلىك ئىشەنچ قىلالايمىز؟ بۇخىل كىشىلەرنىڭ تارىختا ئىنچىل زىيانغا ئۇچرىشى، جەمئىيىتىمىز تەرەققىياتىدىكى ياخشى يۈزلىنىشلەر ئىمكانىيىتىنى زور دەرىجىدە تۈۋەنلىتىۋەتكەن.

چارىسىز قالغان كىشىلەرنىڭ يەنىلا ھەرخىل ۋاستىدىن پايدىلانماسلىقى ۋە ئۆز ئاقىۋىتىگە دادىللىق بىلەن يۈزلىنىشى، ھۆكۈمرانلار ئالدىدا ئامالسىزلىقتىن ياكى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھەرخىل ۋاستىنى ئىشقا سېلىشقا قارىغاندا كۆپ غالىبلارچە ھەرىكەت بولسىمۇ، لېكىن ھەممىلا كىشىنىڭ جاھاندارچىلىق ھەلەكچىلىكىدە يۈرۈشى ۋە جەمئىيىتىمىزدىكى ئومۇملاشقان قاراشلار سەۋەبىدىن بىز بۇنىڭ غالىبلارچە ھەرىكەتلىكىنى كىشىلىرىمىزگە قانچىلىك ئىشەنچ بىلەن ئېيتالايمىز؟ «غالىب ئەزىمەت» ئافاق خوجىغا قارشىلىقنى ئىپادىلەپ تىلى كېسىلگەن، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلارمۇ ئېھتىمال شۇنداق «ئاجىزلار»دىن بولۇشى مۇمكىن؟ جاھاندارچىلىق ياكى ھوقۇق ئۈچۈن ۋاستە تاللىماسلىقنىڭ ئەڭ قەبىھ ئۈلگىسىدىن بىرنى ئافاق خوجا ياراتقان بولسىمۇ، ئۇ بۇخىل ۋاستىنىڭ باشلىغۇچىسىمۇ، ئاخىرلاشتۇرغۇچىسىمۇ ئەمەس. ئۇنىڭ قىلمىشى تارىخىمىزدا ھەم ھېچقانداق تاسادىپىيلىقمۇ ئەمەس. نادان پۇقرالارنىڭ قىممەت قارىشى بۇخىل كىشىلەرنىڭ يېتىشىپ چىقىشىنىڭ ئەڭ مۇنبەت تۇپرىقى بولغان.

كىشىلەر زامانىنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ مۇرەسسەلىشىشنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئېشىپ چۈشىدىغان ئۆرنەكلىرىنى ئۈزلۈكسىز يارىتىپ تۇرغان. خەلق ئۆزلىرى ئەۋلىيا، يۈكسەك تەرىپلەرنىڭ ئىگىسى دەپ ئۇلۇغلاپ كەلگەن ئافاق خوجىسىنىڭ مازىرىغا يۇرت ـ يۇرت سەپەرۋەرلىككە كەلگەندەك تاۋاپ قىلىشقا بارغاندىمۇ زاراتگاھلىقنى ئادەم ئىشەنگۈسىز ئەيش ـ ئىشرەت، كەيپ ـ ساپا (بۇزۇقچىلىق، قىمارۋازلىق، مۇشتۇمزورلۇق) سورۇنىغا ئايلاندۇرۇۋېتىشتىن ئۆزىنى تۇتۇپ قالالمىغان. بىز كىشىلىرىمىزنىڭ زاراتگاھلىقنى ــ ئۇ دۈشمىنىنىڭ بولسىمۇ بارمىقى بىلەن كۆرسىتىشنى، مازاردا ئۇنلۇك سۆزلەشنى ئەدەپسىزلىك دەپ قارايدىغانلىقىنى بىلىمىز. شۇنداق بىر خەلق «ئۇلۇغ خوجىسى» نىڭ مازىرىدا نېمە ئۈچۈن شۇنچە بىمالال كەيپ ـ ساپا سۈرەلەيدىغان، ياكى شۇنداق كەيپ ـ ساپا سورۇنلىرىغا سۈكۈت قىلالايدىغان بوپكېتىدۇ؟ ئافاق خوجىنىڭ ۋاستە تاللىماسلىقتا ئىپادىلەنگەن قالتىس ئىقتىدارى، مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ھېچنېمىدىن ئەيمەنمەسلىكى جانلىق ئەمەلىيەت ئارقىلىق كىشىلىرىمىزگە ئوبدان ئۆرنەك بولغان. «چوڭ بېشىنى ئاچسا، كىچىك كۆتىنى ئېچىپتۇ»دېگەندەك، بۇ كىشىلەر ئۇلۇغ خوجىسىنىڭ مازىرىغا بېرىپ بۇزۇقچىلىق قىلىش ئارقىلىق «ھەققىي ئەزىمەت» ئۇلۇغ خوجىسىنىڭ ئۆگەتكىنىگە ئوبدان جاۋاب قايتۇرغان. ئۇلۇغ خوجا ئاخىر ئۆزىنىڭ تېرىغىنىدىن ئوبدان مول ھوسۇل ئالغان.

ھېچنېمىدىن تەپتارتماسلىق، ھەممىنى جاھاندارچىلىققا قۇربانلىق قىلىش قابىلىيەت ۋە غالىبلىق، ئاق ـ قارىنى پەرقلەندۈرۈپ ياشاش ئاجىزلىق ۋە بىچارىلىكنىڭ ئىسپاتى بوپقالغان. تەربىيە ۋە تەرتىپكە كۆڭۈل بۆلۈشكە ھېچكىمنىڭ ۋاقتى چىقمىغان.

ئىشى ئوڭ كېلىش غالىبلىقنىڭ، خۇدانىڭ يۆلىگەنلىكىنىڭ، ئىشى تەتۈر كېلىش ئاجىزلىق، نەسلىنىڭ بەلگىسى بوپقالغاچقا، ھەرقانداق ئىشقا خۇدامۇ گۇۋاھلىقتا، شېرىكلىكتە تارتىلىپ

تۇرغاچقا، خۇدانىڭ ئۇرۇشىدىن قېچىشىنىڭ يولى ئىشى ئۇلۇغ كېلىش نۇرغۇن كىشىنىڭ ياشاش نىشانى بوپقالغان. شۇڭا سىز خۇدانىڭ سىزنى يۆلەۋاتقانلىقىنى باشقىلارغا كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن بارلىق ۋاستىنى ئىشلىتىپ مەقسىتىڭىزگە يېتىشىڭىز كېرەك. «خۇدا ئۇرغاننى خۇدابەردىكام قوشلاپ ئۇرىدۇ»— دە. تاياق يېگۈچى— زىيان تارتقۇچى بوپقالغاندىن چوقۇم باشقىلارنى ئەدەپلىگۈچى، ئۇلارنى زىيانغا ئۇچراتقۇچى بولۇش خۇداغا يېقىنلىقىڭىزنى ئىسپاتلاشتا كۆپ كېرەككە كېلىدۇ. مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن قوللىنىلغان بارلىق ۋاستە قابىلىيەت، خۇدانىڭ يۆلىگىنى دەپ قارالغاچقا، ناچار ۋاستە قوللانغۇچى ئىككىلەنمەي ئىشلىرىنى يۈرۈشتۈرىدۇ. ئىشنى ئوڭ قىلىش ئۈچۈن ئىشى ئوڭغا ھەمدەم بولىدۇ. جەمئىيەتتە ئۇنىڭغا ناچار تەبىئىتىنى ئۆزگەرتىشكە بېسىم بولمايدۇ. جەمئىيەتنىڭ قايسى قاتلىمىدىكىلەر بولسۇن ئۇلارنىڭ ۋاستىلىرىدىن چوڭ پەرقلەرنى ئۇچرىتىش قىيىن. كۆپ قىسىم كىشىگە چېكىگە يەتكەن شەپقەتسىزلىك ۋە نائىنساپلىق غەيرەت- شىجائەت سىياقىدا كۆرۈنىدۇ.

پۇقرالارنىڭ كۆپى ئىشى ئوڭلارنىڭ ھىمايىچىلىرى بوپقالغاچقا، ئالىجاناپلار پەگاغا چۈشۈپ قالغان. ئالىجاناپلىقتىن، ياخشىلىقتىن تەسىرلىنىش، ئىككى يۈزلىمىچىلىكتىن، رەزىللىكتىن نەپرەتلىنىش، خالىسانىلىك ئىجتىمائىي كەيپىياتقا ئايلىنالمىغان. ئىشلارنىڭ توغرا- خاتاسىغا ئۆزىگە پايدىلىق ياكى پايدىسىزلىقى بويىچە ھۆكۈم قىلىش ئۆلچەمگە ئايلانغان. ئەۋلادلىرىنىڭ، بالىلىرىنىڭ، بىر- بىرىنىڭ ئىستىقبالى ئالدىدىكى مەسئۇلىيەتسىزلىك، ئەپلەپ- سەپلەپ ئۆزىلا ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋالسا ئاقىۋىتى بىلەن كارى بولمايدىغان شەخسىيەتچىلىك كەڭ ئومۇملاشقان. شۇ سەۋەبتىن ئۇزۇن تارىخنىڭ مۇتلەق كۆپىدە خەلق تۈزۈكمۇ تۇرمۇش كەچۈرەلمىگەن. ئۆز پۇتىغا تايىنىپ ئۆرە تۇرۇش ئىقتىدارىنىمۇ يوقىتىپ قويغان. تارىخىمىزدا ئومۇمىي خەلق تەقدىرىگە ئالاقىدار ئاكتىپ تەجرىبە- ساۋاق يەكۈنلەشنىڭ كەيپىياتى تۈزۈك شەكىللەنمىگەن. ئەمما جاھاندارچىلىققا دائىر تەجرىبە- ساۋاقلار ۋاقىتلارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ قىيامىغا يەتكەن. ئەقلىنىڭ ئەخلاققا تەۋەلىكى ئۇنتۇلغان. جەمئىيەتنىڭ ئەقلىي ۋە ئەخلاقىي ئاساسى يوقىلىش گىرداۋىغا بېرىپ قالغان. شۇ سەۋەبتىن كىشىلەرنىڭ ئاڭ- سەۋىيىسى ۋە تەقدىرىدە كۆزگە چېلىقىدەك ئىلگىرىلەش بولمىغان. ئۆرپ- ئادەتنىڭ يېتەكچى ئىمتىيازى ۋە ھوقۇقىنى ۋاستىسىزلار ئىگىلىگەن، ئۆرپ- ئادەتنىڭ يۈزلىنىشىنى شۇلار بەلگىلىگەن ۋە مىراس قالدۇرغان. بىزنىڭ تارىختىن بۇيان ئالىجاناپلىققا ئاجراتقان ھۆرمەت- ئېتىبارىمىزنىڭ يېتەرسىزلىكىدىن ئاندا- ساندا ئوتتۇرىغا چىقالىغان ئالىجاناپ كىشىلەر ئىگە- چاقىسىز يېتىم بالىدەك ئىش قىلىشقا مەجبۇر بولغان ھەم ياخشى ئاقىۋەت كۆرمىگەن. بىر جەھەتتىن ئۇيغۇر تارىخىدا شۇقەدەر كۆپ بالا- قازانىڭ مەنبەسى ئافاق خوجىنىڭ كىشىلەر تەرىپىدىن شۇنچە كەڭ ئۇلۇغلىنىشىنى جاھالەت تۇمانلىرى قاپلىغان كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەردە خەلقنىڭ نادانلىقتىن نورمال كونتروللۇقىنى يوقاتقانلىقىنىڭ ئىسپاتى دېسەك، يەنە بىر جەھەتتىن تاۋاپقا چىققانلاردىن بەزىلىرىنىڭ تەپتارتماستىن ئۆزلىرى باش ئۇرغان خوجىسىنىڭ مازىرىدا بۇزۇقچىلىق قىلىشىنى بۇنىڭ ئەۋجىگە چىققانلىقىنىڭ ئىسپاتى دېيىشكە توغرا كېلىدۇ. دىن ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبى بولغاچقا، دىندا ئىپادىلەنگەن ئەخلاق مەسىلىسى تەبىئىي ھالدا باشقا مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلىغىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن. بىر- بىرىگە زىت ئىشلارنى بىللە قىلالاش كۆپ قىسىم كىشىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئايلىنىپ كەتكەچكە، ئاقىۋەتتە كىشىلىرىمىز زىت ئىشلارنى بىللە قىلالمىسا ياشاشقا چارىسىز قېلىش گىرداۋىغا بېرىپ قالغان.

ناتوغرا ۋاستىلەر ئەۋج ئالغان رېئاللىقتا كىشىلەر ھەرخىل ۋاستىنىڭ ئىسكەنجىسى ۋە تەھدىتى ئاستىدا ياشىغانلىقى، ئۆزىمۇ ياخشى- يامان ۋاستىلەردىن پايدىلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ رېئاللىق ياخشى- يامان كىشىلەرنىڭ بېشىنى تەڭلا قاتۇرغان. بۇ رېئاللىقتا پايدا ئالغۇچىمۇ، غالىبمۇ بولمىغان. بولسا ۋاقىتلىقلا بولغان. بىر- بىرىنىڭ كۆشەندىسىگە ئايلىنىش، پاراكەندىچىلىك پاتقىقىغا پېتىپ نەس بېسىش دائىملا بۇنداقلارنىڭ ئاخىرقى ئاقىۋىتى بوپقالغان.

خەلقنىڭ ئالىجاناپلىققا بولغان ھۆرمىتى ئالىجاناپلارنىڭ يېتىشىپ چىقىشىنىڭ ئاساسى. ئەگەر ئالىجاناپ كىشىلەرنىڭ ياكى ئالىجاناب ھەرىكەتنىڭ جەمئىيەتتە ئېتىبارى بولمايدىكەن، ئۇلارنىڭ يېتىشىپ چىقىشىمۇ، ئالىجاناپ ھەرىكەتلەرنىڭ ئېلىپ بېرىلىشىمۇ ئوڭايغا چۈشمەيدۇ. بۇ خىل كىشىلەرگە ياكى بۇ خىل ھەرىكەتكە ئېتىبار بېرىش، بەرمەسلىك ھەم خەلقنىڭ پەزىلىتى ۋە ساپاسىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. خەلق قانداق كىشىلەرنى ياقتۇرسا شۇنداق ئادەم بولۇشقا تىرىشىدىغانلارنىڭ، ياكى شۇنداق كىشىلەرنىڭ ئەڭ كۆپ بولىدىغانلىقى ھەممىمىزگە ئايان. تارىخىي تەجرىبىلەرگە قارىساق، بىر قوۋمدا غاپىللىق، ئازغۇنلۇق، پاسىقلىق قانچە باش كۆتۈرسە ئالىجاناپلىققا پۇرسەت ئاز، ۋاستىسىز غالىبلارغا كۆپ بولغان. بۇ ھالدا ئالىجاناپلارنىڭ جېنىنى ئالقىنىغا ئېلىپ قويۇپ تەۋەككۇل قىلىشى ۋە چىدامىلىق- سەۋرچان بولۇشىغا توغرا كەلگەن. بىر داناغا مەلۇم ھەقىقەت ياكى ئۇلۇغۋار ئەقىدە ئۈچۈن ئۆمرىنى سەرپ قىلىش، ياكى قۇربان بېرىش ئۇنچىۋالا قىيىن ياكى ئەجەبلىنەرلىك بولمىغان بىلەن، بۇنى جاھاندارچىلىق، تېخىمۇ ئۇنۇملۇك ۋاستە ھەلەكچىلىكىدىكى كىشىلەرگە چۈشەندۈرۈش ئانچە ئاسانغا چۈشمەيدۇ. ئابدۇخالىق ئۇيغۇرىي: «بىرى بىر ياخشىلىق قىلسا، ئۇنىڭ يادىنى قىلماق يوق، ئېيى كەلسە بېرىپ ئەۋرەتلىرىن ئاچقانىمىز باردۇر؛ قىزىل كۆزلۈك، كۆرەلمەسلىك ۋە يا ئۆزى قىلالماسلىق، قىلاي دەپ بەلنى باغلىغانلارغا تۆھمەت بۆھتانىمىز باردۇر» دەپ ھەسرەت بىلەن يازغىنىدەك (مەسئۇل

مۇھەررىردىن)، بۇنداق پاسىق كىشىلەر ئەۋج ئالغان رېئاللىقتا بىر ئادەمنى ئالىجاناپ قىلىپ تەربىيىلەش، بەلكى ئۇنى ھالاكەت يولىغا ئىتتىرىش بوپقېلىشى مۇمكىن.

جەمئىيەتتىكى مەنىۋى كېسەلنى بايقاش ـ بايقىيالماسلىق، بۇ كېسەلنى يۇقتۇرۇۋالغانلارنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكى، كېسەلنىڭ يامرىشىغا چارە قىلالاش ـ قىلالماسلىق بىر مىللەتنىڭ ئىقتىدارىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما بۇنى كېسەل دەپ قارىماي جەمئىيەتكە يامرىشىغا كۈچ چىقىرىش نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟ غالىبلىقتا دائىر بۇنداق بىنورمال ۋائىزلىقلارنى جاھالەت دەۋرىدىكى يازما خاتىرىلىرىمىزدىنمۇ ئۇچرىتالامدۇق؟ ئىلىم تەجرىبىلىرىنى ھۆرمەت قىلماي تۇغما كاللىسىغا تايىنىپ تەپەككۇر قىلىدىغان خەلقلەر ھازىرقى دۇنيادا ئاز قالدى. بىزچۇ؟

بەزى بىلىمدانلىرىمىزغا خەلقىنىڭ تەپەككۇرى ۋە خاراكتېرىدىكى ئاجىزلىقلىرىنىڭ كۆنسېرى كۈچىيىشىدىن كېلىپ چىققان ئاۋارىچىلىقلار، يەڭگىلتەكلىكلەر ۋە زىيادە ھەرىكەتلەر ئەزىمەتلىكنىڭ بەلگىسى، غالىبلىقتا يېتىشنىڭ ئاساسى بولۇپ تۇيۇلغان. بىزنىڭ ئەتراپتىكى مىللەتلەردىن پەرقىمىزمۇ مۇشۇ جەھەتتە بەكرەك ئىپادىلەنگەچكە بۇنى مىللىي خاسلىق، ئەر مىللەتنىڭ، ئەركەك خەلقنىڭ خاسلىقى دەپقالغان. بىزدە ئۇرۇشۇپ قالغاندا مۇشت ئاتالايدىغان ئادەم ناھايىتى كۆپ. لېكىن بىرەر ناھەقچىلىككە ئۇچرىسا ئىككى ئېغىز گېپىنى ئوڭلاپ قىلىپ، ھوقۇقىنى قوغدىيالايدىغاندىن قانچىسى بار؟ لېكىن نۇرغۇن كىشىمىز يەنىلا مۇشت ئېتىشنى، قارشى تەرەپنى بىردەملىك ھەيۋە بىلەن قورقۇتۇۋېتىشنى، ئۆتكۈنچى ھاياجاندىن ئۆزىنى تۇتالماي كونتروللۇقنى يوقىتىپ قويۇشنى، تەنتەكلىكنى نوچىلىق، ئەزىمەتلىك دەيدىغان كونا دەسمايىگە مەھكەم ئېسىلغان. بىز نۇرغۇن سۇرلۇك، باتۇر كىشىمىزنىڭ ياۋاش بولمىسا زىيان تارتىدىغان جايلاردا تولىمۇ يېقىملىق، يۇمشاق ئىكەنلىكىنى كۆپ كۆرگەن. مەنپەئىتىنى بەلگىلىگۈچىلەر ئېغىزىنى ئاچماستا كۆڭلىدىكىنى تېپىپ، ھەتتا ئاشۇرۇپ قىلالايدىغان، بەدەنلىرى يۇمشاپ كەتكەن بۇ نوچىلىرىمىزنىڭ كوچىدىكى ئاشۇ ئەزىمەتلەر ئىكەنلىكىگە دائىم ئىشىنەلمەي قالغان. بەلكى «بىزدە بۇنداق ئىككى يۈزلىمچى كىشىلەر قانچىلىكتۇ؟» دەپ ئويلاپ قالغان چاغلىرىڭىزمۇ كۆپ بولغان. بىزدە تۇرقىدىن تەنتەكلىكى، تەربىيىسىزلىكى ياكى ناكەسلىكى چىقىپ تۇرغان كىشىلەر ئەقلىنىڭ قانچىلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر سالاپەتلىك، تەرتىپلىك، ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى ساقلاشنى بىلىدىغان كىشىلەردىن گېپى چوڭلۇقى — بازارلىقلىقنى تولا ئۇچرىتىمىز . ياشلىرىمىز بىرەرسى بىلەن ئۇرۇشۇپ قالسا قارشى تەرەپ ئىلمىرەك ياكى ئەدەپلىك بولسا ئەڭ ئالدى بىلەن ئۇنى «زەيپانە» دەپ تىللايدۇ (بۇ تېخى شۇ تۇردىكى گەپلەرنىڭ چىرايلىقراقى). بۇ سۆزدىن ئەزىمەتلىك (غالىبلىق) نى تەشۋىق قىلىشمۇ، ئەزىمەتلىككە بولغان كۆز قاراشمۇ چىقىپ تۇرىدۇ. بۇ قارىشىمىز باشقا مىللەتلەردىن كۆپ ئۆزگىچە.

دولەت ئىچىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئوبرازىنى يىرگىنچلىك خۇنۇكلەشتۈرگەن، ئىچكىرىدە خىرۇئىن سېتىش، نارەسىدە باللارنى ئالداپ ئېپكېتىپ خورلاپ ئوغرىلىققا سېلىش، ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە جاھاندارچىلىق ئۈچۈن كىرىپ قالغان ئۇيغۇرلارنى قاقتى ـ سوقتى قىلىش، بۇلاش، پايدا تالىشىپ بىر ـ بىرنى زەخىملەندۈرۈش، ئۆلتۈرۈش دېگەندەك قىلمىغان رەسۋاچىلىقى قالمىغان، ئىنسان قېلىپىدىن چىقىپ كەتكەن ئاشۇ جىنايەتچىلەرنى بىر يازغۇچى ئايال ھېكايىسىدە «سۆيۈملۈك ياۋايىلار»، ئۇلارنىڭ ئۇرۇشقاقلىقىنى «ھەقىقىي ھاياتىي كۈچ» دەپ تەرىپلىگەن. ئۇ يازغۇچىنىڭ يازغىنى ئارىمىزدىكى بەزى بىلىمدانلار ۋە پۇقرالىرىمىزنىڭ كۆڭلىدىكى گەپلەر، بۇ خىل تەتۈر پىكىر ئېقىمىنىڭ مەتبۇئاتتىكى يەنە بىر ئىپادىسى. ئىچكىرى ئۆلكىلەردە ھازىر ھەرقانداق ئۇيغۇرنىڭ ئۇلار قىلغان رەسۋاچىلىقنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدىغانلىقىدىن، قىياپىتىدىن قانچە سالاپەتلىك، زىيالىي سۈپەتلىكلىرى بولسىمۇ ئۇ ئۆلكىلەردىكى نۇرغۇن شەھەردە قونىدىغانغا ياتاق تاپالمايدىغانلىقىدىن نۇرغۇن كىشىمىز خەۋەردار. سودا ساراي، ئاممىۋى سورۇنلاردا كاناي بىلەن «ئۇيغۇر كەلدى، يانچۇقۇڭلارغا ئاگاھ بولۇڭلار» دېگەن ھاقارەتلىك چاقىرىقنى ئاڭلىغانلارمۇ ئاز ئەمەس. بۇنىڭ كۆتۈرۈپ قويغۇسىز نومۇس ئىكەنلىكىگە قارىماي خەقنى ئەندىشىگە سېلىۋەتكىنىمىزدىن تېخى بەزىلىرىمىز پەخىرلىنىمىز. ئىچكىرى ئۆلكىلەردە ئۇيغۇرلار كۆپ ھالدا  يەنە بىر ـ بىرىدىنمۇ ھەزەر ئەيلەيدۇ. چۈنكى ئۇلار بىر ـ بىرىنىڭ زىيانكەشلىكىگىمۇ ئۇچراپ تۇرىدۇ. شۇڭا كوچا ـ رەستىلەردە «ئەزىمەت قېرىنداشلىرى»نىڭ زىيانكەشلىكىدىن ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ ئۆزلىرىنى زىيانداش دەپ قالماسلىقى ئۈچۈن چەت ئەللىك بولۇۋالىدىغان  ئۇيغۇرلارنى ئاجىز چۈپرەندىلەر دەپ ئەيىبلەش كېرەكمۇ؟

تەپەككۇرىمىز ۋە ئەمەلىي ئەھۋالىمىزدىكى ئاجىزلىقلىرىمىز بىلىنگەنسېرى بىز ئۈچۈن ئەڭ قورقۇنچلۇق نەرسە، ئۆزىمىزنىڭ ئاجىزلىقى ۋە باشقا خەلقلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىگە دوقۇرۇشۇپ قېلىش بوپقالدى. بىز بۇخىل ئەھۋالغا دۇچ كەلگەندە ئۆزىمىزنىڭ يېتەرسىزلىكىنى ئەۋزەللىك، غالىبلىق، باشقا خەلقلەرنىڭ ئەۋزەللىكىنى يېتەرسىزلىك، ئاجىزلىق قىلىپ كۆرسىتىشكە باھانە تېپىپ، ئۆزىمىزنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ ئالداشقا تىرىشىمىز. شۇڭا خەلقىمىز ھازىر شۇ قەدەر ماختاشقا ھېرىس. نۇرغۇن كىشىمىزنىڭ نەزىرىدە دۇنيادا مىللەتلەرنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى ئۇيغۇرلاردۇر. كىشىلىرىمىزنىڭ بۇ قارىشىدا ئۆز خەلقىگە مېھىر ـ مۇھەببەتمۇ، باشقىلارنى مەنسىتمەسلىكمۇ ئىپادىلەنگەن. ئۆز خەلقىنى سۆيۈش ئۇلۇغ ئىش. ئەمما ئۆزىمىزنى چوڭ بىلىشىمىزنىڭ خېلى كۆپ تەركىبى بەزى زىيالىيلارنىڭ ياكى بىلەرمەنلىرىمىزنىڭ ئۆزىنى قۇرۇق ماختىشى ۋە باشقىلارنى چۆكۈرۈشىدىن كېلىپ چىققان. ساختا تەشۋىقاتنىڭ تەسىرىدىن كەلگەن مىللىي ئىپتىخار ئاخىر ئۆزىنى ئوسال قىلىش بىلەنلا ئاخىرلىشىدۇ. خەلقنىڭ ھەممە مىجەزى، قىلىقى ۋە ئوي ـ پىكرىنى

قارا ـ قويۇق ماختاش خەلققە ياخشىلىق قىلىش ئەمەس، بەلكى خەلقنى ئەخمەق ئېتىش ۋە زىيانكەشلىك قىلىشتۇر. ئۇيغۇرچە ماتېرىيال كۆرىدىغان بىر قىسىم كىتابخۇمار، ئىلىم تەشنالىرى شۇ تۈردىكى بىلىمدانلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۆزىدىن باشقىنى مەنسىتمەيدىغان، ھەممە ساھەگە قارىسىغا پىكىر بايان قىلىدىغان، ئۆزىگە ئىشەنچى زىيادە ئېشىپ كەتكەن بىر غەلىتە كوللېكتىپقا ئايلىنىپ كېتىش گىرداۋىغا بېرىپ قالغان. ئۇلار ئەتراپىدىكىلەرنىمۇ بۇ گىرداپقا باشلاپ كەلگەن.

ئىنسانلار ئەزەلدىن ئۆزلىرىنىڭ يېتەرسىزلىكلىرىنى يېڭىپ، مەۋجۇدلۇق ئاساسىنى پۇختىلاشقا تىرىشىپ كەلدى. بىزنىڭ نۇرغۇن ئارتۇقچىلىقىمىز ياكى يېتەرسىزلىكىمىز ھېچقاچان بىزنىڭلا خاسلىقىمىز ئەمەس. ئىلغار خەلقلەرنىڭ كۆپى پەقەت ئۆزلىرىنىڭ يېتەرسىزلىكىنى زور ئىمكانىيەتتە يېڭەلىگەنلەر ياكى ئالاھىدىلىكىنى زور ئىمكانىيەتتە جارى قىلدۇرغانلاردۇر. ھەرقانداق ئىلغار مەدەنىيەتتىمۇ ھەرخىل ئەۋزەللىك، يېتەرسىزلىك، ھەرخىل پىكىر ئېقىمى، ياشاش ئۇسۇلى مەۋجۇد بولۇپ تۇرىدۇ. بىز ئۆزىمىزنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى، ياشاش ۋە پىكىر قىلىش ئۇسۇلىنى ئۆلچەم قىلىپ باشقىلارنىڭ مەدەنىيىتىگە نەزەر سالساق، ئۇلاردىن نۇرغۇن قۇسۇر، ناچار تەرىپىمىزنى ئاقلاشقا بىر مۇنچە باھانە ـ سەۋەب تاپالىشىمىز مۇمكىن. ھەم ئۆزىنى ئۆلچەم قىلىپ بىزگە نەزەر تاشلىغان باشقا خەلقلەرمۇ شۇنداق قىلالايدۇ. ئىنسانلار بىر ـ بىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە تەجرىبىسىنى ئۆگىنىش جەريانىدا ئورتاق تەرەققىي قىلدى. تارىختىن بۇيان ئەمەلىيەت ئىنسانلارغا بىر ـ بىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقىدىن ئۆگەنمىگەنلەرنىڭ، ئۆزىگە بەك مەپتۇن بوپكەتكەنلەرنىڭ تۇيۇق يولغا كىرىپ قالىدىغانلىقىنى ئىزچىل ئەسكەرتىپ كەلدى.

بىز بەزى دانالىرىمىزدىن ئىپتىخارلانغان چېغىمىزدا، يەنە ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىمىزدا باھادىرلىرىمىزنىڭ تولىمۇ ئازلىقىنى، نۇرغۇن تارىخىمىزنىڭ قۇرۇقلۇقىنى، رەزىل كىشىلەرنىڭ ئۇچراپلا تۇرىدىغانلىقىنى، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ ئىنتايىن ئاھانەتلىك، ھاقارەتلىك زامانلارنى باشتىن كەچۈرگەنلىكىنى، ئەقىلگە تايانماسلىقنىڭ خەلقنى قانداق ئەھۋالغا قويغانلىقىنى، دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرنى ھەل قىلالمىغان تەقدىردىمۇ، ئەقەللىي ھېس قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە زىيالىيلىرىمىزنىڭ تولىمۇ ئازلىقىنى ئۇنتۇپ قالمىغىنىمىز تۈزۈك. ئاجىزلىقنى ئېتىراپ قىلىشنىڭ ئۆزى ئۇنى ئۆزگەرتىشنىڭ باشلىنىشى، شۇنداقلا قۇدرەت تېپىشقا قاراپ تاشلانغان زور قەدەمدۇر. نۆۋەتتە، ئەر مىللەتلىك، ئەزىمەتلىك دەۋاسى قىلىشىمىزنىڭ ئۆزى، بىزنىڭ ئۇسال ئەھۋالدىلىقىمىزنىڭ قايسى دەرىجىدىلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. شۇڭا بىلىمدانلىرىمىز يۇقىرىقىدەك ئەرزىمەس داۋراڭنى قويۇپ، مەدەنىيەت دۇنياسىدا خەلقنىڭ بۈگۈنكى دۇنياغا خاس تەپەككۇرنى ئىلگىرى سۈرۈشكە تىرىشچانلىق كۆرسەتمىسە، ئۆزى ئاجىز دەپ مەنسىتمەيدىغان كىشىلەردىن كۆپرەك تەلىم ئالمىسا، ئادەمىلىك سالاھىيىتىنىمۇ تۆۋەنلىتىۋېتىشى مۇمكىن.

كىشىلەر ئۆزى چوڭ بىلگەن مىللەتنىڭ كۈنسېرى ئاجىزلىقلىرى بىلىنىپ، نەزەردىن چۈشۈپ، كىچىكلەپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئەمەس، بەلكى ئاجىزلىقلىرىنى بىر ـ بىرلەپ يېڭىپ چوڭ بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرگىنى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگىمۇ، خەلقىگىمۇ پايدىلىق. مىللىي ئىپتىخار ئەۋلادلارنى مەسئۇلىيەتچان قىلىپ يېتىشتۈرۈش، مىللىي ئاجىزلىقلىرىنى ھېس قىلىش ۋە بۇنى يېڭىش جەريانىدا شەكىللەنگىنى ياخشى. بۇ چاغدا ھەر بىر يۇقىرا ئۆز مەسئۇلىيىتىنى تېخىمۇ بەكرەك تونۇپ يېتەلەيدۇ.

بىز دۇنيادا ئەڭ ساددا ـ سەبىي كىشىلەردىن بولۇشىمىز مۇمكىن. ساددا كىشىلەر كۆپ ھالدا باشقىلارنىڭ گېپىگە ئوڭايلىقچە ئىشىنىپ قالىدۇ. بۇنداق كىشىلەرنىڭ ئالدىدا گەپ قىلىشنىڭ مەسئۇلىيىتى ھەممىدىن ئېغىر بولىدۇ. بۇ مەسئۇلىيەتنى تونۇتۇش زىيالىيلارغا باغلىق بولغاچقا، زىيالىيلار بىلىمنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى توختاتماسلىقى، توختاتسا ئېغىزىنىمۇ قەلىمىنىمۇ توختىتىشى كېرەككى، مەسئۇلىيىتىنى ئۇنتۇپ، خەلقنىڭ ئاجىزلىقىنى جان بېقىش، نام ـ ئاتاق قازىنىشنىڭ دەسمايىسى قىلىۋالماسلىقى كېرەك.

بىز ھازىر ئەجدادلىرىمىزدىن مۇتلەق كۆپ ئەۋزەللىككە ـ تەرەققىي قىلغان خەلقلەرنىڭ بارلىق تەجرىبىسى، دۇنيا مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق بىلىم غەزىنىسى بىلەن تولۇق ئۇچرىشىش پۇرسىتىگە، ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان تېز سۈرئەتلىك ئۇچۇر ـ ئالاقە سىستېمىسىغا ئىگە. ئىنسانلارنىڭ قۇدرەت تېپىشنىڭ تەجرىبە ـ ساۋاقلىرى ئىلىم خەزىنىلىرىگە تولۇپ يېتىپتۇ. ھازىر زىيالىيلىرىمىز ئەجدادلىرىمىز ۋە جامائىتىمىزنىڭ مىجەزى، ئوي ـ پىكرىنىڭ ئەمەلىيىتىگە، ئەقىلگە قانچىلىك ئۇيغۇن كېلىدىغانلىقىنى ئىلمىي دەڭسەپ، خەلقنى ساغلام تەپەككۇرغا يېتەكلەشنىڭ، كىشىلىرىمىزنىڭ دۇنيانىڭ مۇرەككەپ ئۆزگىرىشلىرىگە ئاقىلانە ئىنكاس قايتۇرۇش ئىقتىدارى ھازىرلىشى ئۈچۈن دۇنيا ئىلىم خەزىنىسىدىكى تەجرىبىدىن ئۆتكەن بىلىملەرنى كۆپلەپ تونۇشتۇرۇشنىڭ تەقەززاسى كۈنسېرى كۈچىيىگەن ھالقىلىق پەيتتە تۇرۇۋاتىدۇ. ھازىر ئالدىمىزدىكى مۇھىم مەسىلە خەلقنىڭ سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، تەپەككۇرىنى يېڭىلاش ۋە ھەق ـ ناھەق ئېڭىنى كۈچەيتىشكى، ھەرگىزمۇ خەلقنى ئەمەلىي تەجرىبىدىن ئۆتمىگەن، ئىقتىدارسىزلىقى بۇرۇنلا بىلىنگەن ئىدىيىلەرگە سۆرەپ كىرىش ئەمەس.

دۇنيا ئىشلىرىدا ئەقىلنىڭ رولى كۈچەيگەنسېرى ئىنسانلارنىڭ پاراكەندىچىلىككە تولغان تۇرمۇشىنىڭ تەرتىپكە چۈشۈۋاتقانلىقىنى، يۇقىرىلار قوي پادىلىرىدەك مۇئامىلىگە ئۇچرايدىغان زاماننىڭ ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۈنسېرى كۆرۈپ تۇرۇپتىمىز. مەدەنىيەت دۇنياسىدا ئىنسانلارنى ئەقىلگە تايىنىپ ياراتقان نەتىجىلىرىگە قاراپ كۈچلۈك ياكى ئاجىز دەپ ئايرىغانىكەنمىز، ئىنسانلار تەپەككۇر قىلالايدىغان ئەۋزەللىكى

بىلەن جانلىقلار دۇنياسىدا ھەممىدىن غالىب دېگەنىكەنمىز، غالىبلىق پەقەت ئەقىل ئىگىلىرى ۋە ئالىجاناپلارغا مەنسۇپ. يىرتقۇچلۇق، ۋەھشىيلىك ھايۋانلارغا، پەزىلەت، ھەققانىيەت ۋە ئەقىلگە ئەھمىيەت بېرىش ئىنسانلارغا خاس.

بىز ئېغىزىمىزدىن چۈشۈرمەيدىغان ئەزىمەتلىك، مەردانىلىك، قەھرىمانلىق، ۋىجدان، غۇرۇر قاتارلىقلار ئىنسانلارنىڭ مەڭگۈلۈك پەزىلەتلىرىدىندۇر. مەيلى قانداق مەدەنىيەتتىكى مىللەت بولسۇن، بۇلارنى ئادەملەردىكى يۇقىرى ئۆلچەم دەپ قارايدىغانلىقىغا گەپ كەتمەيدۇ. ئەمما بۇنىڭغا بېرىدىغان تەبىر ئىنسانلار تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ بىيىپ بارغان. ھەتتا بۇ ئاتالغۇلار بەزى جەھەتلەردە بىزنىڭ تونۇشىمىزدىن كۆپ يىراقلاپ كەتكەن. چۈنكى، بىزنىڭ دۇنيانىڭ ئىلغار تەرەققىي بىلەن ئالاقىمىز ۋە ئۇنىڭغا قارىتا چۈشەنچىمىز تېخى يېتەرسىز ـ يۇزە ئەھۋالدا تۇرۇپتۇ. كىشىلىرىمىزنىڭ نەزىرىدىكى بەزى ئەزىمەتلەرنى نورمال ئۆلچەمگە سالساق، ئۇ قانچىلىك ئۆلچەمگە توشىدۇ؟ بەلكى ئۇ ئاجىز، ھاماقەت بولۇپ چىقىشىمۇ مۇمكىن. ئەخلاقتا، ئەقىلگە ئالاقىدار نۇرغۇن ئالدىنقى شەرت قوشۇلۇپ، ئۆلچەم يۇقىرىلاپ بارغاچقا قەھرىمانلىققا يېتىش قىيىنلاشقان. فرانسىيە قۇرۇلما تەنقىدچىسى رولان باسچ «قەھرىمانلىق ھەقىقەتنىڭ يەنە بىر مۇھىم شەكلى» دەيدۇ. دۇنيا ئەدەبىياتىدا ئەزىمەتلىكنى قوغلاشقان ۋە بۇنى ئىزچىل تەشەببۇس قىلغان يازغۇچىلاردىن بىز يۇقىرىدا ئەسىرى ئۈستىدە توختالغان ئېرنىست ھېمىڭۋاينى كۆرسىتىش مۇمكىن. ھېمىڭۋاي «ئەلۋىدا، قورال» ۋە «ماتەم قوڭغۇرىقى كىم ئۈچۈن چېلىندى» ناملىق ئىككى ئەسىرىدە باشقىلارنىڭ ئەركىنلىكى ۋە مۇستەقىللىقىگە ھاياتىنى بېغىشلىغان ئىككى پېدائىينى ئوقتىلىق بايان قىلغان بولۇپ، ئۆزىمۇ پىدائىي پېرسوناژلىرىدەك باشقا خەلقلەرنىڭ جەڭ مەيدانلىرىدا ھەققانىيەت ئۈچۈن كۈرەش قىلغان. داڭلىق ئوبزورچى ۋايلىت سۇفور ھېمىڭۋاي ئەسەرلىرىنىڭ ئاساسلىق باش تېمىسىنى «ئادەم قانداق قىلغاندا ئۆزىنىڭ ئادەملىكىنى ھەقىقىي ئىسپاتلىيالايدۇ دېگەندىن ئىبارەت» دەپ يىغىنچاقلىغان. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ھېمىڭۋاينىڭ نەزىرىدە ئادەم ئۆزىنىڭ ئادەملىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئەزىمەت بولۇشى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئادەملەردىكى ئېسىل پەزىلەتلەرنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىشى كېرەك. ئەزىمەتلىككە ھەقىقىي ئىخلاس قىلغان بۇ يازغۇچىدا بەلكى ئاشۇ غايىنىڭ بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئالدىنقى ئەسىردە ئۆز ساھەسىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ نامايەندىسى بولالىشىنىڭ ئاساسى بولغان بولۇشى مۇمكىن.

ئاخىرىدا مەن توكۇرنىڭ ھاسىسىنى تارتىۋېلىشقا ھەۋەس قىلغۇچىلارغا شۇنداق سوئال قويۇپ باقاي: ئۇيغۇرلار ھازىرقى مەدەنىيەت دۇنياسىدا غالىبانە قەدەم بىلەن كېتىۋاتقان ئەزىمەتمۇ ياكى ئەمدىلەتىن ئاقساپ بولسىمۇ مېڭىۋاتامدۇ؟ مېڭىش تاپقىچە ئۇنىڭغا ھاسا بەرگەن تۇزۇكمۇ ياكى تارتىۋالغان؟! ۋە ياكى ئۇنى بېجىرىم، باشقىلارنى توكۇر دەپ ئىسپاتلاپ چىقىش كېرەكمۇ؟

2004 ـ يىل ئاپرېلدا يېزىلدى، 2008 ـ يىل ئۆكتەبىردە تولۇقلاپ تۈزىتىلدى.

## پايدىلانغان ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە مەنبەلەر

1. زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر: «بابۇرنامە»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1992 ـ يىل ئۆكتەبىر 1 ـ نەشرى.

2. موللا ھاجى: «بۇغراخانلار تەزكىرىسى» («شىنجاڭ ئىسلام تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار» 1. توپلام. ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى دىن تەتقىقات ئىنستىتۇتى تۈزگەن) 1988 ـ يىل يانۋار نەشرى.

3. موللا مۇسا سايرامي:«تارىخىي ھەمىدىي»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1986 ـ يىل دېكابىر 1 ـ نەشرى.

4. مىرزا مەھمۇد جوراس: «تارىخىي رەشىدىي(زەيلى)»، ئاقسۇ ۋىلايەت قەدىمقى ئەسەرلەر ئىشخانىسى نەشرگە تەييارلىغان. 1986 ـ يىل 1 ـ، 2 ـ سان.

5. نىچشې: «زوروئاستىر شۇنداق دەيدۇ»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1999 ـ يىل فېۋرال 1 ـ نەشرى(ئۇيغۇرچە).

1. 罗素：《西方哲学史》，商务印书馆 2004年1月 第17次印刷

2汉斯·摩根索：《国家间政治》，北京大学出版社2006年11月 第一版

3. 马基雅维里：《君主论》，上海三联书店 2006年3月 第一版

4. 海明威：《永别了，武器》，上海译文出版社 1992年 9月 第一版

5. 海明威：《丧钟为谁而鸣》，上海译文出版社 1992年10月 第一版

6. 尼采：《查拉图斯特拉如是说》，海南国际新闻出版中心1996年3月第一版

7. 尼采：《权力意志》，海南国际新闻出版中心，1996年3月 第一版

8. 叶知秋：《西方美的本质学说批判》，人们出版社 2004年1月第一版

9. 罗兰·巴尔特：《米什莱》，中国人民大学出版社2008年1月 第一版

10. 加缪：《西西弗的神话：加缪荒谬与反抗论集》，天津人们出版社2007年6月 第一版

11. 威勒德·索普：《20世纪美国文学史》，北京师范大学出版社 1990年3月 第一版

12. 周景：《马基雅维里主义论》，谷歌网站 2003年发表

13. 方舟子：《超人鲁迅》，（谢永编《胡适还是鲁迅》2003年12月工人出版社第一版）

---

ئاپتور: ش ئۇ ئا ر يېزا ـ بازار كارخانىلىرى ئىدارىسىنىڭ خادىمى(M1)


**ماقالىنى تەكلىپلىك بېكىتكۈچى: ئىمىن ئەھمىدىي**

www.uyghurkitap.com

# مەكىت، يىلتىز، دولان

— تارىخ ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تەتقىقاتچىسى ئادىل مۇھەممەت تۇرانىنىڭ «مەكىت تارىخ - مەدەنىيىتى» ناملىق كىتابىغا ئەگەشمە ئويلار

روزىمۇھەممەت مۇتەللىپ



ئادىل مۇھەممەت تۇرانىنىڭ ئاۋۋال «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2005 - يىل 5 - سانىدا ئېلان قىلىنىپ، ئاندىن «باياۋاندىكى مەڭگۈلۈك ناخشا — دولان» ناملىق كىتابىغا كىرگۈزۈلگەن شۇ نامدىكى ماقالە مەندە ئۇيغۇر دولانلىرىغا مۇناسىۋەتلىك ھەرقانداق تارىخ، ئۇچۇرغا كۆرە دىققەت تۇيغۇسىنى ئويغىتىۋەتكەنىدى. چۈنكى ماقالىدە ئۆزىنى «دولان» دېگەن نام بىلەن ئاتىۋالغان ناخشىچىلار لۇلىن، فەن شياۋفېڭ، ئەركىن ئابدۇللا قاتارلىقلارنىڭ تالاش - تارتىشى بىلەن ئەۋجىگە چىققان «دولان قىزغىنلىقى» ۋە شۇ سەۋەبلىك يەكۈنلەنگەن «2004 - يىلى — دولان يىلى»غا مۇناسىۋەتلىك بايانلار ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ ئېتنىك مەنبەسى، مەدەنىيەت - تارىخى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن ھالدا ۋىجدانىي بۇرچ، ئىلمىي مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى. ماقالىنى ئوقۇغاندىن كېيىن «دولان» دېگەن سۆز خېلى ئۇزاققىچە ئېسىمدىن كەتمىگەن، ئاپتورنىڭ «تېخى ئوننەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ئاللىكىملەر بۇلارنىڭ ئەجدادىنى سۈرۈشتە قىلىپ ھېلى ئۇنىڭغا، ھېلى بۇنىڭغا باغلاپ چۈشەندۈرۈشكەن، ئۇيغۇر ئاتا

## تارىخ سەپىرىدە

قانلىق بولغان ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ دىلىغا ئازار بەرگەنىدى...»[1] دېگەن ئۇھسىنىشلىرى كۆڭلۈمنى يېرىم قىلىپ، «ھېلىمۇ بىر مەھەل ئۆز ئىچىمىزدە تالاش - تارتىش بولۇۋىدى، ‹بۇ دولاننىڭ ئىگىسى يوق ئوخشايدۇ› دەپ ئويلىشىپ، ‹دولان›نى ئۆزىگە نام قىلىۋېلىپ، ئۆزلىرىچە سوتقا چۈشۈپ يۈرۈشىدۇ...»[2] دېگەن مەسخىرىلىك بايانلىرى كۈلكەمنى قىستاپ، «بىلىڭكى، بۇ دولان بىزنىڭكى! ئۇنى ھېچكىم تارتىۋالالمايدۇ ھەم تارتىۋېلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس!»[3] دېگەن ھەققانىي چۇقانلىرى قېنىمنى دولقۇنلىتىپ تۇردى. ئاشۇ تۇيغۇلىرىمنىڭ مەۋجى پەسەيمەي تۇرۇپ مەن سۆيۈنگەن بۇ تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقاتچىسىنىڭ «مەكىت تارىخ - مەدەنىيىتى» ناملىق ئۈچ توملۇق كىتابى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. مەن ئۇيغۇر دولانلىرىغا بولغان ئاتەشىن مۇھەببەت، ئىلىم تەلەپكارلىرىغا خاس قىزىقىشىمدىن بۇ كىتابنىڭ ئىچىگە شۇڭغۇپ كىرىپلا كەتتىم...

قاچان، قەيەردىن ئوقۇغانلىقىم يادىمدا يوق، ئەمما دىلىمغا ئورناپ كەتكەن بىر ھېكايەت ئېسىمگە كەچتى: بىر ياش يىگىت دانىشمەننىڭ ئالدىغا كېلىپ: «ماڭا بىراۋ كىتابنى جانلىق زات دېدى، ئىشىنەيمۇ؟» دەپ سوراپتۇ. «ئىشىنىڭ! - دەپ جاۋاب بېرىپتۇ دانىشمەن كېسىپ ئېيتىپ، — كىتاب راستتىنلا قاتتىق

ئۈيقۇدىكى ئىنسانغا ئوخشايدۇ. ئەگەر ئۇنى ياتقان جايىدىن قولۇڭغا ئېلىپ، سەھىپىلىرىنى ئېچىپ قارىساڭ، ئۇ ئاستاغىنا ئويغىنىدۇ ۋە سەن بۇرۇن ئاڭلىمىغان، بىلمىگەن ۋەقەلەرنى، سىر ـ ھېكمەتلەرنى ئۆزى سۆزلەشكە باشلايدۇ...» تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقاتچىسى ئادىل مۇھەممەت تۇراننىڭ ئۈچ توملۇق «مەكىت تارىخ ـ مەدەنىيىتى» ناملىق كىتابىنى ئوقۇپ تاماملىغاندا بۇ ھېكمەتنى ئەسلەپ قالدىم. چۈنكى، مەنمۇ بۇ كىتابنى «ئويغىتىپ» قويغان، ئۇنىڭدىكى بايانلار، ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن مول تارىخىي ئۇچۇرلار، تىرەن تەپەككۇر، سىر ـ ھېكمەتلەرگە مەپتۇن بولۇپ، نەچچە كۈننى پەخىرلىك تارىخ تۇيغۇلىرى ئىچىدە ئۆتكۈزگەنىدىم. ئەمدى ئويلاپ باقسام، مېنىڭ كىتابنى ئويغاتقىنىمدىن، بۇ كىتابنىڭ مېنى ئويغاتقىنى ئەمەلىيەت ئىدى. راست، كىتاب مۇگدەشكە باشلىغان تارىخ ـ مەدەنىيەت سەزگۈلىرىمنى ئويغىتىپ، تەگسىز خىياللار قوينىغا تاشلىغانىدى. بۇ تۇيغۇلاردا مەڭگۈلۈك شان ـ شەرەپنىڭ ئوق يىلتىزى ئۆز ۋەتىنىدىن، ئۆز خەلقىدىن پەخىرلىنىشمۇ، ئۆز تارىخىدىن، مەدەنىيىتىدىن، ئۆرپ ـ ئادىتىدىن سۆيۈنۈشمۇ، ۋەتەن ـ مىللەتنىڭ روھىيەت مەشئەللىرى، چولپان يۇلتۇزلىرى بولغان ئالىم ـ ئەللامە، ئەدىبلىرىمىزدىن ئىپتىخارلىنىشمۇ، ۋە يەنە مەنىۋىيىتىمىزدە جەمئىيەتلىشىۋاتقان ئىجتىمائىي گاسلىقلاردىن ئاچچىق ئەپسۇسلىنىشمۇ گىرەلىشىپ كەتكەنىدى. «ھەممە كىتاپ ئوقۇۋېرىشكە ئەرزىمەيدۇ، دىلدا تۇغۇلغان سوئاللارغا جاۋاب بېرەلەيدىغان كىتابلارنىلا ئوقۇش كېرەك» دېگەن ئىكەن بۈيۈك رۇس يازغۇچىسى لېۋ تولستوي ئويغاق ـ ئارىفقا خاس تەلقىن بىلەن . دېمەك، دولان تارىخ ـ مەدەنىيىتى ھەققىدىكى ئىزتىراپلىق ئويلىرىمغا كۈتكەن جاۋاب ئالالايدىغان ـ نان تېگىدىغان كىتابنى ئوقۇشقا مۇۋەپپەق بولغانىدىم. دېمىسىمۇ يېقىندىن بېرى مەن كۆپ كىتاب ئوقۇيالمىدىم. بۇنىڭغا ۋاقىت قىسلىقىنى سەۋەب قىلىپ كۆرسەتسەممۇ، ئەمما، ئەڭ مۇھىم سەۋەب دوستويېۋسكىينىڭ «ئوقۇڭ ۋە ئۆگىنىڭ، جىددىي كۆرۈشكە تېگىشلىك كىتابلارنىلا ئوقۇڭ. قالغىنىنى ھاياتنىڭ ئۆزى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ» دېگىنىدەك، ئادەمنىڭ ئاچچىقى يېرىگە بارىدىغان، «ئاچقاندا ھۇزۇرلاندۇرۇپ، ياپقاندا ئويلاندۇرىدىغان» كىتابلارنىڭ كەملىكى ئىدى.

يۇناننىڭ بۈيۈك پەيلاسوپلىرىدىن دېموكرېت (م.ب 460 ـ م.ب 370 يىللار) «ھەممە نەرسە ئەڭ كىچىك زەررىچە، ئاتوملاردىن تەشكىل تاپىدۇ» دېگەنىكەن. دېمەك، ھەر ئادەمنىڭ ۋەتەننى سۆيۈشمۇ ئالدى بىلەن كىندىك قېنى تامغان ئانا يۇرتىغا بولغان مۇھەببەتنى ئوق يىلتىز قىلىپ باراقسانلايدۇ. «مەكىت تارىخ ـ مەدەنىيىتى»نىڭ مۇئەللىپى ئادىل مۇھەممەت تۇرانمۇ كىتابىنىڭ تىنتۇلىغا مۇھەببەت ۋە قۇۋانچ بىلەن يازغىنىدەك، ئاۋۋال ۋاپالىق، تەندۇرۇس، ھالالچى، قەيسەر، ئەل بەختىگە جان بېغىشلايدىغان ئوغلان قىلىپ يېتىلدۈرگەن سۆيۈملۈك ئانا ـ ئانىسىغا، ئاندىن ئۆزىگە «شەرەپ، بۈيۈكلۈك ھېس قىلدۇرغان» يۇرتى مەكىتكە بولغان ئاتەشىن سۆيگۈسىنى ئوق يىلتىز قىلىپ تۇرۇپ جانجان خەلقى مەكىت جامائىتىگە، ھەممە شان ـ شەرەپ ۋە بۈيۈكلۈكنىڭ مەنبەسى بولغان ئانا ۋەتىنىگە ئوغلانلىق مۇھەببىتىنى سۆيۈنۈپ بايان قىلىدۇ. «مەن ئۇيغۇر دولانلىرى مەركەزلىك ئولتۇراقلاشقان، مەكىتنىڭ ‹قارا دولان› دەپ ئاتىلىدىغان يانتاق يېزىسىدا تۇغۇلۇپ چوڭ بولدۇم، ــ دەيدۇ ئۇ كىتابىنىڭ يېزىلىش جەريانى ھەققىدە توختىلىپ، ــ يانتاق يېزىسى ئۆز ئىچىگە ئالغان قارا ئۆي، ئويبوغداي، ئارالئىڭقا، بۇلۇڭ لاڭقا دېگەن يۇرتلار قەدىمكى ئۇيغۇر دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرىنىڭ خەزىنە بۆشۈكلىرىدىن بولۇپ، ھەر پەسىل، ھېيت ـ ئايەم، بەزمە ـ باراۋەت، توي ـ تۆكۈنلەردە ئوينىلىدىغان مەشرەپلەر، مەشرەپلەردىكى قىزىقچىلىقلار ھەمدە بۇ يەردىكى ئۇيغۇر دولانلىرى ئارىسىدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان تۇرمۇش ئادەتلىرى مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان بولسا، مەرھۇم دادام مۇھەممەت مۇسا ئېيتىپ بەرگەن، ئۆتكەن ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تاكى 1950 ـ يىللارنىڭ ئالدى ـ كەينىدە مەكىتتە يۈز بەرگەن ئاجايىپ ـ غارايىپ ۋەقەلەر زور قىزىقىشىمنى قوزغاپ، يۇرتۇمغا بولغان مۇھەببىتىمنى تېخىمۇ كۈچەيتكەنىدى.

مەن 1986 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرىپ، مەكىتنىڭ تۇرلۇك قىسمەتكە باي تارىخى، مەدەنىيەت ـ سەنئىتى ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ھەققىدە ئىزدىنىشتە تېپىلغۇسىز پۇرسەتكە ئېرىشىپ، ئالاقىدار ماتېرىياللارنى توپلاشقا باشلىدىم. ھالبۇكى، يىگىرمە يىلغا يېقىن ئىزدىنىش جەريانىمدىن ‹مەكىت› دېگەن بۇ يۇرت ھەققىدە پەقەت خەلق ئارىسىدا ساقلىنىپ قالغان دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرى، مەكىتنىڭ يۇرت بولۇش تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك بىر قىسىم رىۋايەت، يېقىنقى زاماندىكى پېشقەدەملەرنىڭ ئەسلىمىسى ۋە ئازغىنا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن باشقا، بىرەر مۇنتىزىم يازما تارىخىي مەنبەنىڭ يوقلۇقى مەلۇم بولدى. شۇنىڭ بىلەن، مۇشۇ كەم يازما تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن جۇڭگو ئومۇمىي تارىخى، شىنجاڭ تارىخى، ئۇيغۇر تارىخى، مەكىتكە قوشنا يۇرتلارنىڭ يەرلىك تارىخى، خەلق ئارىسىدا ساقلىنىپ قالغان تارىخ ـ مەدەنىيەتكە ئائىت رىۋايەت ـ ئەسلىمىلەر، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى... جەھەتلەردىكى ماتېرىياللارنى ئۆگەندىم، كۆپلەپ توپلىدىم ۋە ئەتراپلىق ئىزدەندىم. بۇ يىللاردا مەكىتنىڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامانغا ئائىت تارىخىي ـ مەدەنىيەت مەسىلىلىرى، تارىخىي ۋەقەلەر ۋە تارىخىي شەخسلەر ھەققىدە بىر تۈركۈم ماقالە ئېلان قىلدىم ھەمدە مەكىتتە ساقلىنىۋاتقان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تونۇشتۇرۇپ، مەكىتنىڭ قەدىمكى زامان تارىخ ـ مەدەنىيىتىنى يورۇتۇپ بېرىشكە تىرىشتىم. ئېلان قىلغان ماقالىلىرىمنى ‹مەكىت

www.uyghurkitap.com

تارىخىدىن تېزىسلار» ناملىق كىتاب قىلىپ نەشر قىلدۇردۇم. نىھايەت، بۇ تىرىشچانلىقلىرىم، ئىلان قىلغان ئەسەرلىرىم مەكىت تارىخ-مەدەنىيىتىنى سىستېمىلىق ھەم ئەتراپلىق يورۇتۇپ بېرەلمەي، ئۇقۇرمەنلەرنىڭ يۇرت-يەرلىك تارىخنى بىلىشكە بولغان ئېھتىياجى ۋە تەلەپلىرىدىن خېلىلا يىراقتا تۇردى. شۇڭا بۇ نۆۋەت مەكىت تارىخ-مەدەنىيىتىنى سىستېمىلىق ۋە ئىلمىي يوسۇندا تەتقىق قىلىپ بايان قىلىشنى بۇ يۇرت تۇپرىقىدا ئۇغۇز سۈتى ئەمگەن ئۆزۈمگە ئەۋلاد بۇرچى ھېسابلاپ، «مەكىت تارىخ-مەدەنىيىتى» ناملىق چوڭ ھەجىملىك بۇ كىتابىمنى يېزىپ چىقتىم.

«ئانا يۇرتنى سۆيۈش ۋىجدان جۈملىسىدىن» دېگەن ئاتا سۆزىنى ئاڭلىغانىدىم. ئىنسان ئۈچۈن ئانا يۇرت — ئۇغۇز سۈتى بەرگەن ئانا تۇپراق — مېھىر-مۇھەببەت، ۋىجدان، غۇرۇر ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك ئاتا قىلىدىغان تەۋەررۈك تۇپراقتۇر. سۆيگۈ-مۇھەببەت، ئىنسانىيلىقمۇ مۇشۇ تۇپراقتىن باشلىنىدۇ. بۇ تۇپراقنى سۆيمىگەن كىشى ئۆز ۋەتىنى ھەم خەلقىنىمۇ سۆيمەيدۇ. شۇڭا، مەكىتتىن ئىبارەت بۇ ئانا تۇپراققا بولغان سۆيگۈ-مۇھەببىتىم ۋە بۇنىڭ ئەمەلىي ئىپادىسى بولغان ئىلىم يولىدىكى ئىزدىنىش-ئەمگەكلىرىم قانداقتۇر تار يۇرتۋازلىق نۇقتىسىدىن ئەمەس، بەلكى ۋەتىنىم ۋە خەلقىمنى چوڭقۇر مېھىر-مۇھەببەت بىلەن سۆيگەنلىكىمدۇر. سەمىمىي تەۋسىيەم شۇكى، ھەممە كىشى ئانا تۇپراق— ئۆز يۇرتىنى سۆيسە، يۇرتى ئۈچۈن ئوت بولۇپ كۆيسە، ئىزدەنسە، ۋەتىنىنى، خەلقىنى سۆيىدىغان، ئۇنىڭ ئىشقىدا كۆيىدىغان كىشىلەر بارغانسېرى كۆپەيگەن، توم - توملاپ ئۆلمەس ئەسەرلەر ۋۇجۇدقا كەلگەن بولاتتى! بۇ نۇقتىدا مەن باشقا يۇرتلاردىكى تەتقىقاتچى، تارىخچىلارنىڭمۇ ئۆز يۇرتىنىڭ(مەيلى ئۇ ۋىلايەت بولامدۇ، ناھىيە بولامدۇ، ياكى يېزا-كەنت بولامدۇ) تارىخ-مەدەنىيىتى ھەققىدە قايتا بىر ئويلىنىپ بېقىشىنى، ئۆز يۇرتلىرىنىڭ شەجەرىسىنى تۇرغۇزۇش ئۈچۈن قولىغا قەلەم ئېلىشىنى ئارزۇ ۋە ئۈمىد قىلىمەن.»

ئەدەبىياتشۇناس، شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ «مەكىت-تارىخ مەدەنىيىتى» ناملىق كىتابنىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدە دېيىلگەن تۆۋەندىكى بايانلىرى كىتاب مۇئەللىپىنىڭ پىكرىنى تېخىمۇ مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ: «ئادەتتە بىز ۋەتەن دېگەن ئىبارىنى كۆپ تىلغا ئالىمىز. بۇ بىزنىڭ ئەۋلادلىرىمىزنى تەربىيىلەش، ئۆزىمىزنىڭ ماكانىغا بولغان مەلۇم بىر خىل ھېسسىياتنى ئىپادىلەشتە كۆپ رول ئوينايدىغان ئىبارە. ئەمما بۇ ئىبارە كۆپ ھالدا بىر خىل ئابستراكت بوپقېلىۋاتىدۇ. بولۇپمۇ بىز ئەۋلادلىرىمىزغا ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى بېرىۋاتقان ۋاقتىمىزدا بۇ تەربىيىمىز ئۇلارنىڭ يېشىغا ماس كەلمەيدىغان ئەھۋالدا ئابستراكت، مەۋھۇم بوپقالسا، ئۇنىڭ قىممىتى بولمايدۇ. «ۋەتەن» كونكرېت مەزمۇنىدىن تەشكىل تاپىدۇ. بەزىلەر «ۋەتەن» دېسە تاغ-دەريا، يېمەك-ئىچمەك ۋە باشقا ئەمەلىي نەرسىلەر دەپ چۈشىنىدۇ. توغرا، ئۇمۇ ۋەتەننىڭ بىر قىسمى. ئەمما «ۋەتەن» دېگەن ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ ئادەملىرىدىن، شۇ يەردە ياشاۋاتقان ئادەملەرنىڭ تارىخىي يىللار مابەينىدە ياراتقان مەدەنىيەت مۆجىزىلىرىدىن تەركىب تاپىدۇ. بۇ ناھايىتى كونكرېت، ئىنچىكە، تەپسىلىي ھەم زىل ئىش. بىزدە يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۆزىمىزنىڭ دىيارىنى خەلقىمىزگە تونۇشتۇرۇش جەھەتتە ھەم ئەمەلىي، ھەم قىممەتلىك بەزى ئىزدىنىشلەر بولۇپ، سۆيۈنەرلىك نەتىجىلەر مەيدانغا كەلدى. مەسىلەن، «دۇنيادا بىرلا خوتەن بار» دېگەن زور ھەجىملىك كىتاب نەشردىن چىقتى. ئاتۇشنى تونۇشتۇرىدىغان كىتابلار بارلىققا كەلدى. يەنە يېقىندىلا مەكىتنىڭ مەدەنىيىتى، تارىخىنى تونۇشتۇرىدىغان «مەكىت تارىخ-مەدەنىيىتى» ناملىق مۇكەممەل كىتاب نەشردىن چىقىپ، مەنئۇيىتىمىزگە سۇنۇلغان يەنە بىر خۇشپۇراق گۈل بوپقالدى. مانا بۇ ۋەتەننى خەلققە، ئەۋلادلارغا تونۇشتۇرۇشتا تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك ئەمەلىي مىساللاردۇر. مەن كىتابخانىلارغا بارغاندا دائىم بىر ئىشقا دىققەت قىلىمەن: بەزى خەنزۇ ئاپتورلار قەلىمىدە يېزىلغان ياكى تۈزۈلگەن «قەشقەر» «خوتەن»، «تۇرپان»...دېگەندەك ناملار بىلەن شۇ يەرنى ئۆرپ-ئادەتلىرىنى تونۇشتۇرىدىغان، چىقىۋاتقان مەھسۇلاتلىرى ئىگىلىكى، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇللىرى، مەزكۇر يۇرتلارنى تارىخىي ناملىرى، يەر ناملىرى، جۇغراپىيىسىنى ئىلمىي چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان كىتابلار بەك كۆپ. بۇ، ھازىر تەرەققىي قىلىۋاتقان ساياھەتچىلىكنى جانلاندۇرۇش، ھەربىر يۇرتنىڭ تارماق-ساھەلەر بويىچە ماتېرىياللىرىنى تۇرغۇزۇشتا مەلۇم قىممىتى بار ئىلمىي ۋە ئەمەلىي خىزمەتلەر ئىدى. بۇ جەھەتتە خەنزۇ قەلەمكەشلەرنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرى ھەققەتەن ناھايىتى كۆپ بولدى. مەسىلەن، ئۇلارنىڭ كىتابلىرىغا قارايدىغان بولساق بوغدا كۆلى، قاناس كۆلى، لوپنۇر كۆلى...، ئىشقىلىپ كۆللەر ھەققىدىكى رىۋايەتلەردىن تارتىپ ئالاقىدار تارىخ، ۋەقە-ھادىسىلەرگىچە چالا قويماي ئۆز كىتابلىرىغا پۈتۈۋاتىدۇ. ئۇلار تەرىپىدىن قەلەمگە ئېلىنىۋاتقان ئىزدىنىشلەر بىزدە ئۇنتۇلۇش ۋە يوقىلىشقا يۈز تۇتۇۋاتقان بىر تارىخ بولغانلىقى ئۈچۈن، مەلۇم مەنىدىن شۇ ئاپتورلار تەرىپىدىن قۇتقۇزۇپ قېلىنىۋاتىدۇ، دەپمۇ قارايمىز. بۇ نۇقتىدا خەنزۇ ئاپتورلار بىزدىنمۇ بەكرەك ئەھمىيەت بەردى. مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئادىل مۇھەممەت تۇراننىڭ مەكىتنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، سەنئىتى، فولكلورى، ھەتتا تەبىئىي مۇھىتىنى تونۇشتۇرۇش مەقسەت قىلىنغان «مەكىت تارىخ-مەدەنىيىتى» ناملىق كىتابىنى دىيارىمىزنىڭ ئومۇمىي مەدەنىيىتىنى تونۇشتۇرۇشتا نەتىجىلىك بېسىلىۋاتقان بىر قەدەم، دېيىشكە ھەقلىقمىز. ھازىر دىيارىمىز مائارىپىدىمۇ «دەرسلىك ئىسلاھاتى»

يولغا قويۇلۇۋاتىدۇ. بۇنىڭدا «دەرس بايلىقى» دېگەن مۇھىم مەزمۇن بار. بۇ ئىسلاھاتتا يەنە يەرلىك تارىخ ھەققىدە دەرسلەر، يەرلىك مەدەنىيەت، ئۆرپ ـ ئادەتلەرنى تونۇشتۇرۇش خاراكتېرلىك تەلەپلەر بار. مانا مۇشۇ تەلەپلەرنى قانائەتلەندۈرۈشتە بىزنىڭ ئاپتورلىرىمىز يېزىپ بەرگەن كىتابلار يېتەرلىك بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئاشۇ دەرسلەرنى بېرىدىغان بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىمىز ماتېرىيال مەنبەسى جەھەتتە قىينىلىپ قېلىۋاتىدۇ. مائارىپىمىزدا ئەۋلادلىرىمىزغا ۋەتەننى، ئانا يۇرت، ئانا مەدەنىيەتنى، يەرلىك ئۆرپ ـ ئادەتلەرنى تونۇشتۇرىدىغان مەقسەت تېخى تولۇق مۇئەييەنلىشىپ، ئىشقا ئېشىپ بولالمايۋاتىدۇ. شۇڭا ئادىل مۇھەممەت تۇرانغا ئوخشاش تارىخقا، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە پىششىق، ئۇنى تەتقىق قىلىش، يورۇتۇشقا كامىل ئادەملەرنىڭ مۇشۇنداق كىتابلارنى كۆپلەپ يېزىشىنىڭ ئۆزى ھازىرقى دەرسلىك ئىسلاھاتىدىمۇ، مائارىپىمىزدىمۇ ۋەتىنىمىزنى، خەلقىمىزنى، ئۆزىمىزنىڭ پارلاق مەدەنىيىتىمىزنى، تارىخىمىزنى، داڭلىق ئەدىب ـ ئالىملىرىمىزنى ئەۋلادلارغا تونۇشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى «ۋەتەن» دېگەن بۈيۈك سىيمانىڭ ئابستراكت ئەمەس، كونكرېت بىر مۇكەممەل مەزمۇنغا ئىگە بولۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈشتىكى ئىنتايىن مۇھىم بىر يول...

بىز كۆپ ھالدا «تەتقىقات» دېيىلسە ناھايىتى بۈيۈك پىكىرلەر، يېڭى سىستېمىلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇشى كېرەك، دەپ تۇرىۋالىمىز. تەتقىقاتلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۇنداق بوپكېتىشى ناتايىن. تونۇشتۇرۇش خاراكتېرلىك تەتقىقاتلارمۇ ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ، ئەمەلىي كۆزىتىش، تەكشۈرۈش، خۇلاسىلەشتىن ئىبارەت كونكرېت باسقۇچلاردىن ئۆتىدىغان بولغاچقا، ئىنتايىن كۆپ كۈچ تەلەپ قىلىدىغان ئىلمىي ئەمگەك. ئادىل مۇھەممەت تۇراننىڭ مەزكۇر كىتابى ئەمەلىي كۆزىتىش ۋە تەكشۈرۈشتىن يارالغان ئىلمىي ئەمگەك بولغاچقا، يۇقىرى قىممەتكە ئىگە دەپ قارايمىز. بۇ كىتاب بۇنىڭدىن كېيىنكى تەتقىقاتلاردا بىزنىڭ پەلسەپىۋى، بەدىئىي، ئەدەبىي ساھەلەردە ياكى سەنئەت، مەدەنىيەت، ئۆرپ ـ ئادەت، فولكلورشۇناسلىق نۇقتىسىدىن يېڭى ـ يېڭى تەتقىقاتلىنىشلىرىنى ئېچىشتا ئاساس تىكلەپ بېرىدۇ، دەپ ئويلايمەن...»

بىر پەيلاسوپ «كىتابسىز ياشاش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى كىتابسىز ھايات جاھالەتتۇر» دېسە، يەنە بىر دانىشمەن «كىتابسىز ئالەم ـ ياۋايىلار ئالەمدۇر» دېگەنىكەن. ئەمما، شۇنى تەن ئېلىش كېرەككى، ھەممىلا كىتابتا ئىلمىي قىممەت ۋە تەربىيىۋى ئەھمىيەت بوپكېتىشى ناتايىن. شۇنداق كىتابلارمۇ بولىدۇكى، ئۇنىڭدىن بىلىم ئېلىشنىڭ ئەكسىچە زەھەرلىنىش مۇمكىن. يېقىنقى يىللاردىن بېرى بىزدە ھەققەتەن كۆپ كىتاب نەشر قىلىندى، بازارغا سېلىندى. ئۇلارنىڭ زادى قانچىلىكى جىددىي ئوقۇشقا، ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۆڭلىدىن يېرىدىن چىقىشقا ئەرزىيدۇ؟ بۇنىڭغا بىر نېمە دېمەك تەس. چۈنكى، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز كىتاب تېپىش قىيىن دەۋردە ياشىغان بولسا، بىز كىتابلارنىڭ كۆپلىكىدىن كىتاب تاللاش قىيىن باسقۇچتا ياشىماقتىمىز. ئەلۋەتتە، كىتابنىڭ سېتىۋېلىنغىنى ئەمەس، ئوقۇشقا ئەرزىيدىغىنى بايلىقتۇر. چۈنكى، كىتابلارنىڭ سانى ئەمەس ئېسىلى پايدا كەلتۈرىدۇ. گەرچە قانداق كىتابنىڭ پايدىلىق، قانداق كىتابنىڭ پايدىسىزلىقى ھەققىدە ئېنىق كېسىپ بىرنەرسە دېيىشكە بولمىسىمۇ، ئەمما، بۇ مەسىلىدە ئوقۇرمەنلەر ئۆز دىتى ۋە بىلىمگە تايىنىپ مۇۋاپىق جاۋابقا ئېرىشەلەيدۇ. دېمەك، كىمدە كىم باشقىلار تەرىپىدىن ئومۇملىشىۋاتقان قېلىپلىق پىكىرلەرگە ئەمەس، ئۆزىنىڭ نازۇك دىتى ۋە يۈرەك تېۋىشىغا قۇلاق تۇتسىلا، كىتابلارنىڭ سېھىرلىك ئالىمىنى كۆرۈپ يېتىشكە مۇۋەپپەق بولىدۇ.

شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ سابىق مۇدىرى، جۇڭگو ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام تەتقىقاتى جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، شائىر، تونۇلغان ئەدەبىيات تەرجىمانى ئىمىن ئەھمىدىي «مەكىت تارىخ ـ مەدەنىيىتى» ناملىق كىتابنىڭ سېھىرلىك ئالىمىدىن ھېس قىلغانلىرىنى تۆۋەندىكىچە يىغىنچاقلايدۇ: «ئادىل مۇھەممەت تۇراننىڭ ئاساسلىق تۆھپىسى ئۇنىڭ قانچە كىتاب يازغانلىقى، قانچىلىك ماقالىلىرىنىڭ جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشكەنلىكىدە ئەمەس، بەلكى، مۇشۇ كىتابلار ۋە ماقالىلەردىن ھالقىپ كەتكەن ئىدىيە، ئىنتىلىش ئاساسىي ئورۇندا تۇرغانلىقىدىندۇر. چۈنكى ئىقتىساد تەرەققىي قىلىپ، جەمئىيەت پاراۋان بولۇۋاتقان دەۋردە تەكىتلەيدىغىنىمىز، مىللىي روھ قايتىدىن ئويغانغان، گۈللەنگەن جەمئىيەت قۇرۇش. ئادىل مۇھەممەت تۇراننىڭ بۇ كىتابىدا ئوتتۇرىغا قويۇلۇۋاتقىنىمۇ شۇ تارىخ ۋە شۇ مەدەنىيەت پاكىتىنىڭ ئۆزى بىلەن ئەمەس، بەلكى بىر خىل روھ بىلەن نامايان بولىدۇ. قانداق قىلغاندا جەمئىيەتنى تېخىمۇ ئالغا باستۇرۇش، مىللەتنى يەنىمۇ ئويغىتىش، ئىجىل ـ ئىناق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت يۈكسەك غايە مەزكۇر كىتابتا جامائەتنىڭ سەمىگە سېلىنىپ تۇرىدۇ. چۈنكى، خاس مىللىي مەدەنىيەت شۇ مىللەت مەۋجۇدلۇقىنىڭ ئاساسىي بەلگىسى. ئەگەر خاس مىللىي مەدەنىيەت يوقالسا، شۇ مىللەتنىڭ يوقىلىشىمۇ تۇرغان گەپ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ مەدەنىيەت تىلدا، ئۆرپ ـ ئادەتتە، جۇغراپىيىلىك ئاتالغۇلاردا، ئارخېئولوگىيىدە، خەلقنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك، يۈرۈش ـ تۇرۇش، گەپ ـ سۆز، سالام ـ سەھەت مۇئامىلىرىدە، فولكلورنىڭ جىمىكى ساھەسىدە ئەكس ئېتىدىغان بولغاچقا، «مەكىت ـ تارىخ مەدەنىيىتى»دە يورۇتۇلۇۋاتقان «مەدەنىيەت»

دېگەن بۇ تېما تەتقىقاتىدا يالغۇز خاس مىللىي مەدەنىيەتتىكى يۈزەكى ھادىسىۋى ھالەتلارلا نەزەردە تۇتۇلمىغان، بەلكى ئۇ شۇ خاس مەدەنىيەتنى شەكىللەندۈرگەن بارلىق ئامىلنى قېزىپ چىققان. بىز بۇ كىتابنى ۋاراقلىغىنىمىزدا ئاپتورنىڭ تەتقىقاتتا بارغانسېرى چوڭقۇرلاپ، خاس مىللىي مەدەنىيەتنىڭ تارىخىي قاتلاملىرىغا غەۋۋاس كەبىي شۇڭغۇۋاتقانلىقىنى، بۇ تەتقىقات جۇغراپىيە ئىلمى، ئىنسانشۇناسلىق، تىلشۇناسلىق، مىللەت پسىخىكىسى بىلەن زىچ بىرىككەنلىكىنى قايىللىق بىلەن بايقايمىز. شۇڭا بىز بۇ كىتابنى نوقۇل دولانلارنىڭ تارىخ ۋە مەدەنىيىتى نۇقتىسىدىنلا ئەمەس، بەلكى مىللەتنى ئۆزىنى ئىلمىي تونۇغان تېخىمۇ مەدەنىيەتلىك، ئىناق-ئىتتىپاق قىلىپ، بۈگۈنكى دۇنياغا خاس مىللىي ئىپتىخار ۋە ئەقلىي ئاڭ بىلەن يېتىلدۈرۈشتىكى ئەجايىپ رولىنى ئويلاپ مۇئامىلە قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. ئاپتور كىتابىدا يەنە بارلىق تىرىشچانلىقىنى تارىخ تەتقىقاتىغا قارىتىدۇ. چۈنكى مەدەنىيەت تەتقىقاتىدا مول تارىخ بار. ئۇنى بىز مەدەنىيەت تارىخى دەيمىز. لېكىن، ئۇمۇمەن ئىجتىمائىي جەمئىيەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئومۇملۇققا ئىگە بولغان بىر تارىخمۇ بولىدۇ. بۇ تارىخ مىللەتنىڭ شەكىللىنىشىدىن تارتىپ تەرەققىياتى، ئىقتىسادىي تىندۇرمىلىرى، ماكانلاشقان يۇرت-رايونلىرى، جۇغراپىيىسى ۋە ئاھالە تۈركۈملىرىگە قەدەر تۇتاشقان بولىدۇ. مانا بۇ تارىخنىڭ بىر قىسمى يېزىقتا ئېلىنىش ئارقىلىق شەكىللەنگەن بولسىمۇ، ئەمما كۆپ قىسمى ئادەملەرنىڭ ئاغزىدا ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا كۆچۈپ رىۋايەت، ئەپسانىلەرگە ئايلىنىپ كەتكەن بولىدۇ. تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا رىۋايەت، ئەپسانىلىرى بولمىغان مىللەتنىڭ تارىخمۇ ئېنىق بولمايدۇ. چۈنكى رىۋايەت- بەدىئىي تارىخ دېمەكتۇر(مەسئۇل مۇھەررىردىن). تارىخى نائېنىق مىللەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىدىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ مەنىۋى كۈچىمۇ بولمايدۇ. شۇڭا ئاپتور كىتابىدا ‹تارىخ› تېمىسىنى يورۇتۇش ئۈچۈن ئەتراپلىق ئىزدەنگەن. ئەمما بۇ تېمىدا ئىزدەنگەندە ئۆتمۈشكە سېغىنىشنى مەقسەت قىلماستىن، بەلكى تارىخنى يورۇتۇپ بۈگۈنگە يول ئېچىش ئارقىلىق گۈللەنگەن يېڭى جەمئىيەت، ئىناق-ئىجىل ئىجتىمائىي مۇھىت، روناق تاپقان ئىقتىساد، يېڭىچە ھاياتىي كۈچكە ئىگە مىللىي مەدەنىيەتنى نىشانلاپ پىكىر يۈرگۈزگەن. شىنجاڭنىڭ تارىخى بۇ دىياردىكى مىللەتلەر ئورتاق ياراتقان تارىختۇر. ئۇيغۇرلارنى ئالساق، ئۇلارنىڭ تارىخىي قاتلاملىرى، خاس مەدەنىيىتى، ئەنئەنىسىدە ئورتاقلىقىمۇ، ئۇزاق تارىختا ياشاپ ئاۋۇغان بۈيۈك تەكلىماكان قۇملۇقلىرىدىكى پارچە-پارچە بوستانلىقلار، تۈزلەڭلىكلەر ۋە تاغ-ئېدىرلاردىكى يۇرت-قوۋملار بويىچە خاسلىقىمۇ ئۇزاق تارىختىن بۇيان ساقلىنىپ كەلمەكتە. دولانلار مەركەزلىك ياشىغان يۇرت مەكىت ھەققىدە سۆز بولغاندا، دولانلار ۋە ئۇلارنىڭ جايلىشىشى، تارىخى، سەنئىتى، ئۆرپ-ئادەتلىرى ھەققىدىكى ئۆزگىچىلىك ۋە ئىلمىي قىممەتكە ئىگە نۇرغۇن مەنبە-ماتېرىيال تارىخ، تەتقىقات، ئەدەبىيات، سەنئەت ۋاستىلىرى ئارقىلىق ئايان بولماقتا. ئۇنىڭ كۆپ قىسمى مانا شۇ ‹مەكىت تارىخ-مەدەنىيىتى› ناملىق كىتابتا نامايان بولدى. يەنە بىز تولىمۇ سۆيۈنۈۋاتقان دولان مۇقام-مەشرەپلىرى جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ سەھنىلىرىدە دولان سەنئىتىنىڭ سېھرىي كۈچى ۋە دولانلارنىڭ ماھارەت-پاراسەتلىرىنى جاھان ئەھلىگە نامايان قىلماقتا. بۈيەردىكى سىر-ھېكمەت ئەلۋەتتە دولانلار-مەكىتتىكى ئۇزاق تارىخ ۋە مەپتۇنكار مەدەنىيەتتە. بۇ تارىخ ۋە مەدەنىيەت ئىلمىي نۇقتىدىن روشەن يورۇتۇلسا، كۆپ قىرلىق مىللىي مەدەنىيەت قاتلىمىمىزنىڭ ھۆججەت شەكلىدىكى ماتېرىياللارغا چۈشمىگەن قىسمىمۇ ئايدىڭلىشىپ كېتىشى مۇمكىن. مانا شۇ نۇقتىدىن ئادىل مۇھەممەت تۇراننىڭ تەتقىقاتىدا بىر خىل ئىزلەنمە چوڭقۇرلۇق بار. بۇ چوڭقۇرلۇق، تارىخىي چوڭقۇرلۇق ھەم پەلسەپىۋى چوڭقۇرلۇقتا كۆرۈلىدۇ. شۇڭا ‹مەكىت تارىخ-مەدەنىيىتى›نى ئوقۇغىنىمىزدا يۈزەكى ماتېرىياللىق ھالەت، ئادەتتىكى چۈشەندۈرۈشلەردىن ھالقىپ كەتكەن ئىلمىي ئىزدىنىش روھىنى بايقايمىز. دېمەك، ئادىل مۇھەممەت تۇران بىر ئورگاننىڭ ئالدىراش رەھبىرىي كادىرى بولسىمۇ، ئەمما، ئىلمىگە يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلغانلىقى، تەلەپچان ئىلىم ئەھلىگە يات بولغان ئالدىراقسانلىق، يەڭگىللىك، بىرتەرەپلىمىلىك، يۈزەكىلىكتىن ساقلانغان.»

ئاپتور كىتابىنىڭ يىگىرمە يىلغا يېقىن ئىزدىنىشتىن روياپقا چىققانلىقىنى يازىدۇ[4]. دېمىسىمۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۇزۇن ۋاقىت ئەتراپلىق ئىزدىنىپ، پۇختا ئىلمىي ئاساسلار بىلەن دەلىللىمەي تۇرۇپ، قەدىمىي مەدەنىيەتنىڭ ئۆزگىچە خەزىنە بۆشۈكلىرىدىن بىرى بولغان مەكىتتەك يۇرتنىڭ تارىخ-مەدەنىيىتىگە دائىر بۇنداق مۇكەممەل كىتابنىڭ بارلىققا كېلىشى مۇمكىن ئەمەس. بىز ئاپتورنىڭ ئېيتقانلىرىنى كىتابتا پايدىلانغان ئەتراپلىق، مول ماتېرىياللار رويخېتىدىنمۇ كۆرۈپ يېتىمىز. ئاپتور تارىخقا بولغان يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن مەكىتنىڭ تارىخ-مەدەنىيىتىگە ئائىت ئىنگلىز، رۇس، تۈرك، ياپون، خەنزۇ...تىللىرىدىكى ئىلمىي مەنبە - ماتېرىياللارنى ئەتراپلىق توپلىغان، ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ دەلىللىگەن.

مەيلى قەدىمكى تارىخ، مەيلى قەدىمكى مەدەنىيەت بولسۇن تەۋرەنمەس ئىرادە، قايتماس روھ بىلەن ئىزدەنگۈچىلەر، يۈكسەك ئىلمىي مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلغانلارغا ئۆزىنىڭ سىرلىق چۈمپەردىسىنى ھامان ئاچىدۇ. تارىخ ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تەتقىقاتچىسى ئادىل مۇھەممەت تۇرانمۇ تارىخ ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتى سەپىرىدىكى ئىجتىھاتى، ئىلىم يولىدا رىيازەت چېكىپ جاپالىق ئىزدىنىشلىرى بەدىلىگە ‹‹ئۇيغۇر›دىن ئىبارەت مۇشۇ ئوق يىلتىزنى مەركەز قىلغان

www.uyghurkitap.com

هالدا قەدىمدە ئۆزى بىلەن زامان، ماكان جەھەتتە بىرگە مەۋجۇد بولغان قەدىمكى مىللەت، قوۋملارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان»[5] دولانلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان سىرلىق يۇرت مەكىتنىڭ تارىخ ۋە مەدەنىيىتىنىڭ سىرلىق چۈمپەردىسىنى ئەجرىگە مۇناسىپ هالدا ئېچىشقا مۇۋەپپەق بولدى. ئەلۋەتتە، كۆپ يىلدىن بېرى ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ ئېتنىك مەنبەسى، مەدەنىيەت تىندۇرمىسى ۋە تىل ـ شېۋىسى ھەققىدە تالاش ـ تارتىشلار كۆپ بولدى، مۇجمەل قاراشلارمۇ سايىدەك ئەگىشىپ كەلدى. بۇ ھەقتە ئەقىلغا لايىق پىكىر يۈرگۈزىدىغانلارمۇ، ئېغىزىغا كەلگىنىچە بىلجىرلايدىغانلارمۇ چىقىپ تۇردى. ئاپتور كىتابىدا مانا شۇ چىگىش مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، سىستېمىلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئەتراپلىق ئىزدىنىپ، جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى مۇناسىۋەتلىك ئىلمىي مەنبە ۋە ماتېرىياللارنى جەملەش، سېلىشتۇرۇش، تەھلىل قىلىش ئارقىلىق ئېرىشكەن قايىل قىلارلىق يەكۈنلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ يەكۈن «مەكىت تارىخ ـ مەدەنىيىتى» ناملىق كىتابنى تېخىمۇ ئىلمىي قىممەتكە ئىگە قىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا، « ‹مەكىت› دېگەن ئۇقۇمنى شەرھلەش، مەكىتنىڭ تارىخىغا ئوچۇق ئېنىقلىما بېرىشمۇ زۆرۈر بولىدى، ــ دەيدۇ ئاپتور بۇ ھەقتە توختىلىپ،ــ مەكىت قەدىمدىن تارتىپ مەدەنىيەتلەرنىڭ كېسىشمە بەلۋېغى بوپكەلگەن. ئۇنىڭ شەرقىدەــ تەكلىماكان قۇملۇقىدا ئەينى ۋاقىتتا ئىنتايىن گۈللەپ، يۈكسەك مەدەنىيەت بەرپا قىلغان كىروران بوستانلىقى، كىروران مەدەنىيەت مەركىزى بولغان. ئۇنىڭ شىمالىدىكى بارچۇق، غەربىدىكى سۇلى (قەشقەر)، جەنۇبىدىكى ئۇدۇن(خوتەن)، ياركەند(ساكارۇل) لارمۇ يەنە شۇنداق مۇھىم مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن ئىدى. دېمەك، مۇشۇنداق ئەۋزەللىكلەر قەدىمدىن تارتىپ ئاشۇ يۇرتلار بىلەن تەڭ ئىنسانلار ياشاپ كەلگەن مۇشۇ زېمىندا ــ كۆپلىگەن مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ كېسىشمە نۇقتىسى بولغان مەكىتتە بۈگۈنكىدەك ئۆزگىچە بولغان ئىنتايىن مول بىر مەدەنىيەت بۇلىقىنى هاسىل قىلغان. مەن مانا شۇ نۇقتىنى نېگىز قىلىپ مەكىتنىڭ تارىخى ھەققىدە ئىزدەندىم. نامى ھەققىدە ئېنىقلىما بەردىم. كېيىنچە بىز ھەتتا مەكىتتە بۇنىڭدىن 6000 يىل بۇرۇنقى ئىنسانلارنىڭ پائالىيىتىگە شاھىت بولىدىغان خارابىلەرنىمۇ بايقىدۇق...»

شۇنداق. «تارىخــ ئەجدادلارنىڭ خاتىرە تېشى، ھەم ئەۋلادلارنىڭ يولخېتى... ئۇ شۇنداق نەرسىكى، ئۇنىڭدا ئۆتمۈش، بۈگۈن ۋە كېلەچەكنىڭ پۈتكۈل قىياپىتى ئەكس ئېتىدۇ.» [6] يەنە بىر جەھەتتىن «ئىنسانىيەت تارىخى ماھىيەتتە ئىدىيە تارىخى»(ۋولىس) ۋە «بارلىق تارىخنىڭ ھەممىسى بۈگۈنكى زامان تارىخىدۇر»(كروچ). «مەكىت ـ تارىخ مەدەنىيىتى»گە باشتىن ـ ئاخىر يانداشىپ بارغان تارىخىي چۈشەنچە بىزنى ئەڭ قەدىمكى زامانلاردىن بۈگۈنكى كۈنلەرگە

قەدەر بولغان چەكسىز مۇساپىدە ھېلى كۆكتە ئۇچۇرۇپ، ھېلى قۇمدا تالجىقتۇرۇپ ساياھەت قىلدۇرىدۇ. ھېلى بۈك ـ باراقسان توغراقلىقلاردا ئېزىقتۇرسا، ھېلى باياۋانلاردىكى مۆكلۈق مۇقاملارغا شەيدا قىلىدۇ. دولانلار ياشاپ ئاۋۇغان، چۆللەر بىلەن بوستانلار گىرەلەشكەن بۇ سىرلىق زېمىندىكى سېھىرلىك ساياھەتنىڭ قىممىتىنى سەير قىلغان ئادەملا بىلىدۇ، ئەلۋەتتە. ئاپتور ئوقۇرمەنلەرنى ئەنە شۇنداق تەپەككۇرلۇق ساياھەت قىلدۇرۇش جەريانىدا ئۆزىنىڭ تالاي ئوي ـ خىيال، ئىدىيە، يەكۈننى ئوتتۇرىغا قويۇپ، تولىمۇ مۆتىۋەر بىر مەدەنىيەتنىڭ سىرلىق خەزىنىسىگە باشلاپ كىرىدۇ. بىز كىتابتىن باش كۆتۈرگەندە، ئۇيغۇر دولانلىرىغا مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ئۇچۇرلار ۋە يېڭى بايقاشلاردىن ئەقىل كۆزىمىزنىڭ يەنىمۇ يورۇپ ـ روشەنلەشكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز ھەم ئاپتورنىڭ ئەڭ چوڭ ئۇتۇقى مانا شۇ يەردە، دېگەن خۇلاسىگە كېلىمىز.

«ھەقىقەتەن ھازىرغىچە ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، تىل ـ شېۋىسى ھەققىدە مەيلى دۆلەت ئىچىدە، مەيلى چەت ئەللەردە بولسۇن، تەتقىقاتلار خېلى كۆپ بولدى، ــ دەيدۇ يېتىلىۋاتقان ياش تارىخ تەتقىقاتچىسى، ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىن ئەلى غوپۇر بۇ كىتابنىڭ تارىخ تەتقىقاتىدىكى مۇۋەپپەقىيىتى ھەققىدە توختىلىپ،ــ ئادىل مۇھەممەت تۇراننىڭ ‹مەكىت ـ تارىخ مەدەنىيىتى› ناملىق كىتابى بۇ ساھەدە تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ ئىزدەنگەن، ئۇيغۇر دولانلىرى ھەققىدە يېزىلغان مۇكەممەل ۋە نوپۇزلۇق ئەسەر دەپ قاراشقا ھەقلىقمىز. چۈنكى، بۇ كىتاب تارىخ نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مەكىتنىڭ بىر پۈتۈن تارىخىنى ھەر قايسى قاتلام بويىچە سىستېمىلىق بايان قىلدى. ھەممىگە مەلۇمكى، تارىخ تەتقىقاتچىلىرى چوقۇم ئەسلىي مەنبەلەرنى، يەنى ئارخېئولوگىيىلىك، يازما ۋە فولكلور مەنبەلىرىنى تولۇق ئىگىلىگەن بولۇشى كېرەك. بۇ نۇقتىدا ئادىل مۇھەممەت تۇران مەزكۇر زېمىندا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن تەتقىقاتچى بولغىنى ئۈچۈن مەكىت دولانلىرىغا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن مەنبە ۋە ماتېرىيالنى بىۋاسىتە تەتقىق قىلغان ۋە خاتىرىلەپ ماڭغان. شۇڭا بۇ كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، ھازىرغا قەدەر مەكىت دولانلىرى ھەققىدە مەلۇم بولغان ۋە بولمىغان مول مەنبە ــ ماتېرىياللارنىڭ ياردىمى بىلەن بۇ يىرىك ئەسەر بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە بولغان. ئۇ ئۆز مەتبۇئاتلىرىمىزدىكى، مول فولكلور خەزىنىمىزدىكى مەنبەلەردىن بولسۇن، خەنزۇچە ياكى باشقا تىللاردىكى مەنبەلەردىن بولسۇن، ھەممە مەنبەدىكى تەتقىقات ۋە ئۇچۇرلاردىن تولۇق پايدىلىنىپ، كىتابنىڭ ئىلمىي قايىل قىلىش كۈچىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرغان. دەۋر ئالاھىدىلىكى جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، قەدىمكى دەۋرلەردىن تارتىپ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان ۋاقىتقىچە بولغان ئارىلىقتىكى تارىخ جۇڭگو ئومۇمىي تارىخىنىڭ، شۇنداقلا

شىنجاڭ يەرلىك تارىخىنىڭ قاتلاملىرى، دەۋرلەر بويىچە، ھەرقايسى سۇلالە، خانىدانلىقنىڭ تارىخى، ئۇلارنىڭ مەزكۇر رايوندىكى ھۆكۈمرانلىقى، ئاپپاراتلىرى، باشقۇرۇش تەرتىپلىرى ئاساسىدا سىستېمىلىق بايان قىلىنغان. شۇڭا بۇ كىتابنىڭ تارىخ قاتلاملىرى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇن ھەقىقەتەن مول بولغان. ئاپتور مەيلى مەكىت نامىنىڭ ئېتىمولوكىيىسى، مەيلى مەكىتتىكى يەر ناملىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى، ئۆزگىرىشى ياكى ئەپسانە- رىۋايەتلەر، تارىخىي شەخسلەر، ۋەقەلەر ھەققىدىكى بايانلاردا بولسۇن ئىلمىي ئاساستا ھەرخىل كۆزقاراشنى سېلىشتۇرما پايدىلىنىپ ئۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭ پىشقان تارىخچى ۋە تەلەپچان ئىلىم ئەھلىگە خاس مەسئۇلىيەتچانلىقى كىتابنىڭ تارىخ تەتقىقاتىدىكى مۇۋەپپەقىيىتىنى پۇختا ئىلمىي ئاساسقا ئىگە قىلغان».

«بۇ كىتابنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكى،— دەيدۇ يېتىلىۋاتقان ياش تىل تەتقىقاتچىسى، ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىن كۈرەش تاھىر، — تەسۋىرىي تەتقىقاتتىن چۈشەندۈرمە تەتقىقات باسقۇچىغا ئۆتكەنلىكىدە كۆرۈلىدۇ. مىسالەن، كىتابتا مەكىت- دولان شېۋىسى ھەققىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلگەن چاغدا، دولان شېۋىسىنى دولان ئۇيغۇرلىرىنىڭ شەكىللىنىشى، جۇغراپىيىلىك مۇھىتى ۋە ئۆرپ - ئادىتى بىلەن بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ باشقا شېۋە - دىئالېكتلىرىغا سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىنغان. يەنى مەكىت دولانلىرىنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، مۇقام، مەشرەپ، مۇزىكا، ئۇسسۇل، دولان چالغۇلىرى ۋە جۇغراپىيىلىك مۇھىتى قاتارلىقلاردىكى ئالاھىدىلىكلىرىنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەرنىڭ ئوخشىماسلىقىدىكى نۇقتىلارنى باشقا يۇرتلارغا تارالغان دولانلارنىڭ تىل- شېۋىلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشلارنى ۋە شۇ سۆزلەرنىڭ ھەر تەرەپلىمە ئۆزگىچىلىكىنى سېلىشتۇرۇپ، خاسلىق ۋە پەرقلەرنى ئۈنۈملۈك يورۇتۇپ بەرگەن.»

شۇنداق. بىر مىللەتنىڭ تىلىدىكى يەرلىك ئۆزگىچىلىك تالاي سىرنى ئۆزىگە يوشۇرۇپ ياتقان بولىدۇ. شۇڭا، بۇ تىل بايلىقىنى قېزىش، باغلىنىش دائىرىسىنى ئېنىقلاش پەقەت تىلشۇناسلىق ساھەسىدىلا ئەمەس، بەلكى مەزكۇر خەلقنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى تەتقىقاتىدىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بەلكىم، بىزنىڭ ئورتاق ئەدەبىي تىلىمىزدىن مەجبۇرىي سىقىپ چىقىرىلىپ، «شېۋىلەر» قاتارىدا مۇئامىلە قىلىنىۋاتقان ياكى «شېۋە» نامى ئاستىدا نەزىرىمىزدىن چەتتە قالدۇرۇلغان بەزى «شېۋە»- تىل ئادەتلىرىمىزنىڭ مەدەنىيەت قاتلىمى، تارىخىي تىندۇرمىسى تازا چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىنسا، ئۆتمۈش بىلەن بۈگۈنىنىڭ باغلىنىشىدا يېڭى نەتىجىلەرگە سەۋەب بولۇپ قالار ئىدى. ئەمما، بۇ خىل تەتقىقات يۈكسەك ئىلمىي مەسئۇلىيەتتە ئەتراپلىق ئەمەلىي تەكشۈرۈش، ئىزدىنىشنى شەرت قىلىدۇ.

بىزدە شېۋىلەرنىڭ كۆپلىكىنىڭ ئەكسىچە، تارىخشۇناسلىق بىلەن تىلشۇناسلىقنى بىرلەشتۈرۈپ تەتقىق قىلىدىغانلار بەك ئاز. «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ يېتەكچىلىك ئورنىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى نەتىجىسىدە دولان(مەكىت) شېۋىسىنىڭ ئەمەلدىكى ئىستېمال دائىرىسى تەدرىجىي تارىيىپ، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردىكى ئاكتىپلىقى ۋە ئۈنۈمدارلىقى بارغانسېرى سۇسلاشماقتا»[7] دەپ يازىدۇ ئادىل مۇھەممەت تۇران كىتابىدا. بۇنىڭدىن ئاپتورنىڭ دولان(مەكىت) شېۋىسىنى تەتقىق قىلىش جەريانىدىكى بەزى ئەپسۇسلۇق تۇيغۇلىرىنى چۈشىنىمىز. بۇ ئەپسۇسلۇقنىڭ كەينىگە شېۋە تەتقىقاتىدىن پەيدا بولغان تارىخ- مەدەنىيەت بىلەن تىل مۇناسىۋەتلىرى ھەققىدىكى ئويلىرى يوشۇرۇنغان بولسا كېرەك، بەلكىم!

«ئادىل مۇھەممەت تۇران مېنىڭ نەزىرىمدە ئۆزى ياش، مول ھوسۇللۇق تارىخ- مەدەنىيەت تەتقىقاتچىسى، — دەيدۇ ‹مەكىت تارىخ- مەدەنىيىتى› ناملىق كىتاب ھەققىدىكى بايانلىرىدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى، دوكتور ئاسپىرانتلار يېتەكچىسى، جۇڭگو ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام تەتقىقاتى جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، فولكلورشۇناس ئابدۇكېرىم رەھمان، — ئەسلىدە ئادىل مۇھەممەت تۇران شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان مەزگىللىرىدە ئۇ باشقا فاكۇلتېتتا بولغانلىقى ئۈچۈن بىلىپ كەتمەپتىكەنمەن. كېيىن ئۇ قەشقەرگە خىزمەتكە بارغاندىن كېيىن ئارقا- ئارقىدىن قەشقەرنىڭ مەدەنىيەت، تارىخ، ئارخېئولوگىيىسىگە ئائىت ئىككى پارچە قىممەتلىك تەتقىقات ئەسىرىنى ئېلان قىلدى. شۇ ئەسەرلەرنى كۆرۈپ ئادىل مۇھەممەت تۇرانغا قىزىقىشىم قوزغالدى. كۆرۈشۈش ئارزۇسىدا بولدۇم ۋە تونۇشۇشقىمۇ مۇۋەپپەق بولدۇم. شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ بىزنىڭ مەكتەپتىن — شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن چىققانلىقىنى، تارىخ فاكۇلتېتىدا ئوقۇغانلىقىنى ئۇقۇپ قالتىس پەخىرلەندىم. سەۋەبى، مەنمۇ مەدەنىيەت تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىمەن. لېكىن تارىخ، ئارخېئولوگىيە ساھەسىدىكى بىلىمىم سەل چولتا. ئەمما ئادىل مۇھەممەت تۇرانىنىڭ تارىخ، ئارخېئولوگىيە، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ساھەسىدە پۇختا ئىلىم ئاساسى بولغاچقا، ‹مەكىت- تارىخ مەدەنىيىتى›گە ئوخشاش تەتقىقاتلىرىدا بىز بىلىشكە تېگىشلىك بىلىم جۇغلانمىسىغا ئىگە زۆرۈرىي ماتېرىياللار ناھايىتى مول. يەنە بىر نۇقتىدىن ئۇنىڭ تەتقىقاتى قەشقەر بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان. قەشقەر جۇڭگو بويىچە يۇز تارىخىي مەدەنىيەت شەھىرىنىڭ بىرى. لېكىن قەشقەرنىڭ مەدەنىيىتى، تارىخى ھەققىدە يېزىلغان بۇنداق ئىلمىي قىممەتكە ئىگە ئەسەرلەر ئانچە كۆپ ئەمەس. بۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، قەشقەرنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى تېخى چوڭقۇرلاپ ئېچىلمىغان بوزلۇق سۈپىتىدە ئېچىشىمىز- تەتقىق قىلىشىمىزنى تەقەززا قىلىۋاتىدۇ، دېيىش مۇمكىن. چۈنكى بۇ سېھىرلىك قەدىمىي

مەدەنىيەت ئاستانىسىنىڭ باي مەدەنىيەت تىندۇرمىسى ۋە ئالاھىدىلىكلىرى تېخى ئەتراپلىق ۋە چوڭقۇر قېزىلمىدى. جۇڭگۇ ۋە چەت ئەللەردىكى مەشھۇر زاتلار، تالاي ئىلىم ئەھلى ۋە سەيياھ-ساياھەتچى قەشقەرگە باردۇ. چۈنكى «شىنجاڭغا بارمىغۇچە جۇڭگونىڭ پايانسىزلىقىنى بىلگىلى بولماس، قەشقەرگە بارمىغۇچە شىنجاڭنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى چۈشەنگىلى» دەيدىغان ئوبرازلىق ئىبارە پۈتكۈل جۇڭگولۇقلار ۋە قەشقەرگە كېلىدىغان چەت ئەللىكلەر نەزىرىدە بىر ئومۇمىي ھەقىقەتكە ئايلىنىپ قالدى. شۇنداق ئىكەن، قەشقەرنى چۈشىنىش، قەشقەرنىڭ مەدەنىيەت ئۆزگىچىلىكلىرىنى تەتقىق قىلىش نۆۋەتتىكى مۇھىم تېما. بۇ تېما دەل ئادىل مۇھەممەت تۇراننىڭ تەتقىقاتىدا ئۆز ئىپادىسىنى تېپىۋاتىدۇ. ئۇ، قەشقەر ھەققىدە ئارقا-ئارقىدىن ناھايىتى نۇرغۇن قىممەتلىك تەتقىقات نەتىجىسىنى ئېلان قىلدى. بىز مۇتالىئە قىلىۋاتقان «مەكىت تارىخ-مەدەنىيىتى» ناملىق كىتابىمۇ بىزگە ھازىرغىچە مەلۇم بولمىغان ناھايىتى كۆپ پاكىتلىق تارىخىي ماتېرىيال ۋە ئۇچۇر جەملەنگەن. مەدەنىيەت ۋە تارىخ تەتقىقاتىدا ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارنىڭ قىممىتى بەك زور بولىدۇ. ئۇ يىمىرىلمەس پاكىتتۇر. بۇ جەھەتتە ئادىل مۇھەممەت تۇراننىڭ ئۇنۇملۇك خىزمەتلىرى ھەقىقەتەن تەتقىقاتچىلار ئۈچۈن ئۈبدان ئۆرنەك. ئۇ توپلىغان ئەتراپلىق ماتېرىيال ۋە مول مەنبە مەكىتتەك سېھىرلىك مەدەنىيەت بەلۋېغىنىڭ كۆپ قاتلاملىق تارىخىنى قايىل قىلارلىق دەرىجىدە يورۇتۇپ بېرەلىگەن. بۇرۇن مەكىت ھەم دولان ھەققىدە ئوخشىمىغان قاراش مەۋجۇد ئىدى، ئادىل مۇھەممەت تۇران بۇ ھەقتىكى خىلمۇ خىل قاراشنى ئىلمىي نۇقتىدىن تەھلىل قىلىپ، مەكىت- دولان مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزگىچىلىكى، ئالاھىدىلىكى، قاتلاملىرىنى بۇ ئۈچ تومluق كىتابىدا ئەمەلىي پاكىتلار ئارقىلىق قايىل قىلارلىق يەكۈنلىگەن. مەن بۇ ئىلمىي ئەمگەكتىن تولىمۇ سۆيۈندۈم. چوڭ جەھەتتىن ئېيتقاندا شىنجاڭنىڭ تارىخ ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتى ساھەسىدە نەتىجىلەر خېلى زور بولسىمۇ، لېكىن ئىنچىكىلىگەندە، مەكىتتەك بىر ئۆزگىچە يۇرتنىڭ مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرىنى تۇتقا قىلىپ، ئاندىن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ قەدىمكى ۋە ھازىرقى ھالىتىنى يەكۈنلەش، ھەقىقەتەن بەك مۇرەككەپ ۋە ئىنچىكە ئىلمىي خىزمەت، ئەتراپلىق ئىلمىي دەلىل ۋە تارىخىي ئاساس تەلەپ قىلىدىغان تەلەپچان تەتقىقات. بۇ قانداقتۇر خىيالىي ۋە بەدىئىي تەسەۋۋۇر ئارقىلىق بارلىققا كېلىدىغان ئىجادىيەت ئەمەس. بۇ تەتقىقاتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئۈچۈن تەلەپچان ئىلىم ئەھلىگە خاس چىدامچانلىق، غەيرەت-جاسارەت كېرەك. ئادىل مۇھەممەت تۇران خىزمىتىنىڭ شۇنچە ئالدىراشلىقىغا قارىماي مەيلى ئۇ قەشقەردە ياكى ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ كەلگەندە بولسۇن، تەتقىقاتنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇشى، «مەكىت تارىخ-مەدەنىيىتى»دەك مۇكەممەل تەتقىقات نەتىجىسىنى كەڭ ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈپ ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ قايىللىقى، ئېتراپىغا ئېرىشىشى بىزنى سۆيۈندۈردى...»

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى- مۇزېي مۇتەخەسسىسى، قەدىمكى قولىيازمىشۇناس، يېپەك يولى قەدىمكى مەدەنىيىتى تەتقىقاتچىسى ئىسراپىل يۇسۇپمۇ شۇنداق پىكىر يۈرگۈزىدۇ: «قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش-باشقۇرۇش ئورنى ئادىل مۇھەممەت تۇران بىر قەدەر ئۇزۇن ئىشلىگەن ئىدارىدىن بىرى. شۇ مەزگىللەردە ئۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە مۇزېي سىستېمىسى بويىچە كۆزگە كۆرۈنۈۋاتقان شىجائەتلىك، ئىزدىنىش روھىغا باي، ئىقتىدارلىق ياشلارنىڭ بىرى ئىدى. بىر مەزگىل ئۇ قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش، قوغداش ئورنىدا رەھبەرلىك خىزمىتىدە بولدى. شۇ جەرياندا مەزكۇر ۋىلايەتتىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئورۇنلىرىنىڭ قوغدىلىشىغا مۇناسىپ تۆھپە قوشتى. ئۆز خىزمىتىگە بىرلەشتۈرۈپ ئىلمىي تەتقىقاتتىكى نەتىجىلىرىمۇ ئۈنۈملۈك بولدى. شۇ مەزگىللەردە ئۇ ئاپتونوم رايون بويىچە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرى ۋە ئۆزىنىڭ ئەمەلىي تەكشۈرۈش خاتىرىسى، بۇ ساھەدىكى تەتقىقاتلىرى، شۇنداقلا باشقا ئارخىپ ماتېرىياللار ئاساسىدا «قەشقەردىكى قەدىمكى ئىزلار»، «مەكىت ناھىيىسىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»... قاتارلىق كىتابلار ۋە ماقالىلەرنى ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردى. بۇ كىتابلار قەشقەرنىڭ تارىخ-جۇغراپىيە، ئارخېئولوگىيە تەتقىقاتى ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى پەن بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش جەھەتتە چوڭ ئەھمىيەت ھەم بەلگىلىك ئىلمىي قىممەتكە ئىگە. كېيىن خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن رەھبەرلىك ئادىل مۇھەممەت تۇراننى قەشقەر ۋىلايەتلىك ساياھەت ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىكىگە بەلگىلىدى. شۇ جەرياندىمۇ ساياھەتچىلىكنى جانلاندۇرۇش بىلەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى قانداق توغرا بىر تەرەپ قىلىش مەسىلىسى ئۈستىدە ئەتراپلىق ئىزدەندى. بۇ ھەقتە ماقالىلارنى ئېلان قىلدى. مەن بۇلارنى تىلغا ئېلىش ئارقىلىق تەتقىقاتچى ئادىل مۇھەممەت تۇراننىڭ قايسى ساھەدە ئىشلىسە شۇ كەسپنى قىزغىن سۆيىدىغان، قېتىرقىنىپ باش قاتۇرىدىغان، تىنىمسىز ئىزدىنىدىغان، ئۆمۈرلۈك نىشانى تەۋرەنمەيدىغان كۆپ قىرلىق ئىزدىنىش روھىغا باي ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتمەكچىمەن. بۇ پىكرىمنى چوڭقۇر تەتقىقات خاراكتېرىنى ئالغان «مەكىت تارىخ- مەدەنىيىتى» ناملىق ئۈچ توملۇق كىتاب ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ...»

ھەرقانداق يۇرت- رايوننىڭ تارىخى، خەلقىنىڭ كەچمىشىنى ئەڭ ئاۋۋال ئۆز ئىچىدىن چىققانلار يازسا، ئۇ ئىشەنچلىك، ئەقلىغە ئۇيغۇن، پايدىلىنىش قىممىتى تېخىمۇ يۇقىرى بولىدۇ.

چۈنكى، مەيلى قانچىلىك مەشھۇر تەتقىقاتچى بولسۇن، ئۇ ئۆزگە يەردىن كېلىپ، شۇ ئەلنىڭ تۇيغۇسى، ئېڭى، كۆزقارىشى بىلەن يەنە بىر ئەل ھەققىدە قەلەم تەۋرەتسە، ئۇ ئەقىلغە ئۇيغۇنلۇق بىلەن ئۇيغۇنسىزلىقنى تەڭ سادىر قىلىپ مېڭىشى مۇمكىن. شۇڭا، تارىختىن بۇيان ھەرقانداق تەتقىقاتتا ئەڭ ئاۋۋال تەتقىق قىلىنغۇچى ئوبيېكتنىڭ ئۆز ئىچىدىن كەلگەن ئەسلىي مەنبە- ماتېرىيال ئەڭ مۇھىم ھېسابلانغان. ئاندىن باشقىلارنىڭ تەتقىقاتىغا مۇراجىئەت قىلىنغان. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئادىل مۇھەممەت تۇران ئۆزى مۇشۇ تۇپراقتا ئۆسۈپ چوڭ بولغان، مۇشۇ ۋەتەننىڭ ھاۋاسىدا، مۇشۇ ئەلنىڭ ئېڭىدا تۇرۇپ قەلەم تەۋرەتكۈچى بىر ئۇيغۇر دولان بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇنىڭ بۇ كىتابى تېخىمۇ ئەھمىيەت ۋە قىممەتكە ئىگە ئەلۋەتتە.

«بۇ كىتاب نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، — دەيدۇ مەكىت ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى، ئۇيغۇر دولان مەدەنىيىتى تەتقىقاتچىسى، يازغۇچى مۇتەللىپ سېيىت، — مەكىت ۋە باشقا يۇرتلاردىكى پۈتكۈل ئۇيغۇر دولانلىرى ئۈچۈن بايرام بولدى. كىتابنى ھەيۋەتلىك بىنالاردا ئىشلەيدىغانلاردىن تارتىپ، توغراقلىقلاردا كۆزەتچىلىك قىلىدىغانلارغا قەدەر قىزىقىپ ئوقۇدى، ئۆزلىرىگە ھەمراھ قىلدى. مەزكۇر كىتاب ھەققىدە تۈرلۈك شەكىلدە سۆھبەت ۋە مۇنازىرە بولۇپ، ئاپتورغا ئاپىرىن- تەھسىنلەر ئوقۇلدى. چۈنكى ئۇ مەكىت(دولان) ئۈچۈن ئۇن- تىنىسىز تەر تۆكۈپ كەلدى. بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتنى تارىختىقا بولغان يۈكسەك مەسئۇلىيەت، ۋىجدانىي بۇرچ، قاتتىق ئىلمىي تەلەپچانلىق بىلەن قىلدى. ئادىلجان مەكىتتە ئىشلەۋاتقان يىللاردا ئۇنىڭ تەشەببۇسى، كۈچ چىقىرىشى بىلەن تۇنجى ‹مەكىت تارىخ ماتېرىياللىرى› روياپقا چىققان؛ مەكىت(دولان) ھەققىدە ھەر خىل تېلېۋىزىيە پروگراممىسى ئىشلەنگەن، تەتقىقات يىغىنلىرى ئېچىلغانىدى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ چوڭ ھەجىملىك ‹مەكىت تارىخ- مەدەنىيىتى› ناملىق كىتابى ئېلان قىلىنىپ، بۇ ھەقتىكى خىزمەتنى تېخىمۇ ۋايىغا يەتكۈزدى. بۇ كىتابنىڭ ئەھمىيىتىنى مۇنداق بىر مىسالدىن تېخىمۇ ئېنىق- ئەمەلىي بىلىش مۇمكىن: 2006- يىل ئۆكتەبىردە ‹ئۇيغۇر دولان توققۇز مۇقامى›نىڭ DVDۋە VCDپلاستىنكىسىنى ئىشلەش ئۈچۈن تونۇلغان رېژىسسور ئۆمەر سايىم، دراماتورگ، سېنارىست تۇرسۇنجان لېتىپ قاتارلىقلار مەكىتكە كەلدى ۋە ئۇلار ئىش باشلاشتىن ئاۋۋال ‹مەكىت تارىخ- مەدەنىيىتى› ناملىق كىتابتىن ئالتە يۈرۈش ئەكەلتۈرۈپ، ئۇنى تەپسىلىي ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن ئاندىن شۇ كىتابتىكى ماتېرىياللارنى ئۆرنەك قىلىپ تۇرۇپ، دولان مۇقامىنىڭ DVD ۋە VCDپلاستىنكىسىنى ئىشلەپ چىقتى...»

تەتقىقاتچىنىڭ كىتابى ھەققىدىكى يۇقىرىقىدەك تەرىپ- تەۋسىپلەرنى، مۇئەييەنلەشتۈرۈشلەرنى ۋە ئاپتورنىڭ بۇ كىتابنى يېزىشقا يىگىرمە يىل ۋاقىت سەرپ قىلغانلىقىنى ئويلاپ، ئېسىمگە تارىختىكى مۇنداق بىر ۋەقەلىك كېلىۋالدى: ئۇلۇغ ئاسترونوم كوپېرنىك «پلانىتالارنىڭ قۇياش ئەتراپىدا ئايلىنىشى» ناملىق كىتابىنى 40 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ يازغانىكەن. بۇ كىتاب نەشر قىلىنىشى بىلەنلا تۇنجى نۇسخىسىنى كېسەل ياتقان مۇئەللىپىنىڭ قېشىغا ئاپىرىپتۇ. ئالىم كىتابنى قولىغا ئېلىۋېتىپ جان ئۈزگەنىكەن. ئەنە شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇنىڭ نامى ئەبەدىيلىشىپ كەتتى. دېمەك، بىر ئاپتور يازغان كىتاب قانچە ئەسىر ياشىسا، شۇ ئاپتورنىڭ نامىمۇ شۇنچىلىك ياشايدۇ. چۈنكى، دۇنيادا يېزىلغان كىتابلارنىڭ ھەممىسى ئۆزۈن ياشاۋەرگەن ئەمەس. بۇنىڭدىن كېيىن ھەم شۇنداق بولۇشى مۇقەررەر. خۇددى بۈيۈك ئەدىپ ئا. دىيوما ئېيتقاندەك: «بىر قېتىم ئوقۇلىدىغان كىتابنىڭ ھازىرقى كۈنى بار، تەكرار- تەكرار ئوقۇلىدىغان ۋە ساقلىنىش قىممىتى بار كىتابنىڭ كېلەچىكى بار». ئادىل مۇھەممەت تۇراننىڭ «مەكىت تارىخ- مەدەنىيىتى» ئۆزىدىكى مول بىلىم جۇغلانمىسى، تەتقىقات چوڭقۇرلۇقى، يېڭى- يېڭى يەكۈن- نەتىجىلەرنى ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەنلىكى بىلەن قىممىتىنى تەكرار نامايان قىلىپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ سېھرىي- جۇلاسى يىللارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ تېخىمۇ نۇرلانغۇسى.

## نەقىل مەنبەلىرى


[1] ئادىل مۇھەممەت تۇران: «باباۋاندىكى مەڭگۈلۈك ناخشا — دولان»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2005- يىل ئۆكتەبىر نەشرى، 91- بەت.

[2] يۇقىرىقى كىتاب 115- بەت.

[3] يۇقىرىقى كىتاب 107- بەت.

[4] ئادىل مۇھەممەت تۇران: «مەكىت تارىخ — مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2006- يىل ئاپرېل نەشرى 1- توم 3- بەت.

[5] يۇقىرىقى كىتاب 1- توم 325- بەت.

[6] ئابدۇقادىر جاالالىددىن: «ئەنئەنە ۋە تارىخ ھەققىدە ئويلىغانلىرىم»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1996- يىل 1-،2- (قوشما سان)؛ «ئابدۇقادىر جالالىددىن ماقالىلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000- يىل نەشرى، 103- بەت.

[7] ئادىل مۇھەممەت تۇران: «مەكىت تارىخ- مەدەنىيىتى» 2- توم 947- بەت.


---

ئاپتور: «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ تەكلىپلىك خادىمى(M1)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# بىزدىكى ئۈچ غەلەت

دىلئارام قۇربان ئايتۇرك

جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى پسىخولوگىيە تەتقىقات ئىنستىتۇتىدىكى ئاسپىرانتلىق ئوقۇشۇمنى تاماملاپ، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتۇم ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگىنىمگىمۇ بىر نەچچە ئاي بوپقالدى. بۇ جەرياندا ساۋاقداش دوست- يارانلار، ئۇرۇق- تۇغقان، قوشنا- قولۇملار بىلەن كەڭرى ئۇچراشتىم، ھال- مۇڭ بولدۇم. قىزغىن، قايناق ھايات يەنە شۇ ئۆزگىچىلىكى بىلەن داۋام قىلماقتا ئىدى. نەچچە يىل باشقا مەدەنىيەت تۈپلىرى بىلەن كۆپرەك ئۇچراشقان ھەم ئوقۇش- تەتقىقات ئېلىپ كەلگەن ئۇچۇر- بىلىم ئىمكانى ۋە مەجبۇرىيەتلىرى بىلەن تولىمۇ ئالدىراش يۈرگەچكىمۇ، بۇ بىر نەچچە ئايلىق ئۆز مەدەنىيەت تەۋەلىكىگە قايتىش مەندە خېلى كۆپ ئويلىنىش پەيدا قىلدى. نۇرغۇن ئادەت، پىكىر- قاراش، مەسىلە- خاھىشقا باشقىدىن قاراشقا، يېڭىدىن باھا بېرىشكە، ھەتتا بەزىلىرى ھەققىدە ئەستايىدىل ئويلىنىشقا مەجبۇر بولدۇم. ئېچىۋېتىلگەن ئاڭ ئەسلىدىمۇ ئەقىل سۈزگۈچىنىڭ بوش، ئاراچىلىرىنىڭ كەڭ بولۇشىدا ئەمەس، بەلكى ھەم، پۇختىلىقىدا ئىدى. ۋەھالەنكى ئەقىل بىلەن باققانسېرى ئارىمىزدا، بولۇپمۇ مەن بىلەن تەڭ دېمەتلىكلەر ئارىسىدا ئەۋج ئېلىپ كېتىۋاتقان مۇنداق بىر قانچە مەسىلە بەكرەك دىققىتىمنى تارتتى. بۇلار جەمئىيىتىمىزدە ياشاۋاتقۇچى ھەر بىر شەخسكە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردىن ئىدى. يەنە كېلىپ دەلىل بىلەن تورغۇزۇلۇشى كېرەك بولغان بۇ قاراش- ئادەتلەر ساپلا ئاساسسىز غەلەت پەتىۋالارنىڭ دۆۋىسىدە قالغان، بەزىلەر خاتا يۆنىلىشتە كېتىۋاتقانىدى. ئەلۋەتتە، ئادەمنىڭ تەقدىرىكە، جىنغا بېرىپ تاقىلىدىغان بۇ مەسىلىلەرگە سەل قاراشقا بولمايتتى. شۇڭا بۇ ھەقتە ئاز- تولا ئىزدىنىپ، ئىزدەنگەنلىرىمنى ئوقۇرمەنلەر بىلەن ئورتاقلىشىشنى ئۆز بۇرچۇم دەپ بىلدىم.

بۇ ھادىسە - مەسىلىلەرنىڭ بىرىنچىسى- قورساقنى ئوپېراتسىيە قىلىپ بالىنى ئېلىش ياكى ئۆزى تۇغۇش مەسىلىسى ئىدى.

بالىنى ئوپېراتسىيە قىلىپ ئېلىش- قورساق (بالىياتقۇ)نى يېرىپ بالىنى ئېلىش ئوپېراتسىيىسى ئىنگلىزچە Caesarean Section دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئىنگلىزچە ئاتالغۇنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخىنى سۈرۈشتۈرسەك، گەپنى يەنىلا قەدىمىي رىم پادىشاھى، قەيسەر ئىمپېرىيىسىنىڭ قۇرغۇچىسى قەيسەر (Julius Caesar)دىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە، قەيسەر ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن يېرىپ ئېلىنغانىكەن. يەنە قەدىمكى رىم دۆلىتىنىڭ قانۇنى (Lex Rogis)دا ئەگەر ھامىلدار ئايال ئۆلۈپ كەتسە، چوقۇم قورسىقىنى يېرىپ بالىنى ئېلىپ، ئانا ۋە بالىنى ئايرىم- ئايرىم دەپنە قىلىش كېرەك، دەپ بەلگىلەنگەنىكەن. بۇ (Lex Cesare)، يەنى قەيسەر قانۇنى دەپ ئاتىلىدىكەن. ئەرەب تىلىدىمۇ ئوپېراتسىيە ئارقىلىق تۇغۇتنى بوشىنىشنى «ئەمەلىيە قەيسەرىيە»، يەنى «قەيسەر ئوپېراتسىيىسى» دەپ ئاتايدىكەن. يەنە فرانسۇز، رۇس، گېرمان تىللىرىدا، جۈملىدىن تۈركىيىدىمۇ مۇشۇنداق ئاتايدىكەن. دېمەك، بۇ تىببىي كەسپىي ئاتالغۇنىڭ كېلىپ چىقىشى قەيسەر ئىسىملىك رىم پادىشاھى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەن. مەن بۇ قۇرلارنى يېزىۋاتقىنىمدا، بۇ خىل ئوپېراتسىيىنى خېلى كۆپ قېرىندىشىمىزنىڭ خەنزۇچە «پاۋفۇچەن (刨腹产)» ياكى «پاۋگۇڭچەن(刨宫产)» دېگەن قىسقا

## ئەكتۇشلارغا سۆز

ئاتالغۇ بىلەن ئاتايدىغانلىقىنى ئاڭلىدىم. مېنىڭچە، بۇ خىل ئوپېراتسىيىنى خەلقئارالىق ئۆلچەملەشكەن ئاتالغۇ بويىچە «قەيسەر ئوپېراتسىيىسى» دەپ ئالساق ئوبرازلىق ۋە تىلغا يېقىن بولامدىكىن دەيمەن. خوش، ئۇنداقتا مەن بۇ ئوپېراتسىيىنى قەيسەر ئوپېراتسىيىسى دەپ گېپىمنى باشلاۋېرەي.

جۇڭگودا 1970 ـ يىللاردىن بۇرۇن قەيسەر ئوپېراتسىيىسى نىسبىتى %5 ــ %7 ئەتراپىدا بولغان بولسا، 1980 ـ يىللاردىن كېيىن ناھايىتى تېز ئۆرلەپ %30 كىچە يەتكەن. ھازىر بولسا جۇڭگودىكى دوختۇرخانىلاردا قەيسەر ئوپېراتسىيىسى نىسبىتى %30 ــ %50كىچە يەتكەن. ئۈرۈمچىدىكى بەش چوڭ دوختۇرخانىنىڭ ستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، %50تىن ئارتۇق ئايال بالىنى قەيسەر ئوپېراتسىيىسى ئارقىلىق ئېلىشنى تاللىغان. بىز بۇنى ئامېرىكىدىكى %20 ــ %25 ، ياپونىيىدىكى%8 كە سېلىشتۇرغىنىمىزدا ئارىدا ناھايىتى چوڭ پەرق كېلىپ چىقىدۇ، ھەتتا خەلقئارا سەھىيە تەشكىلاتى بەلگىلىگەن %10 ـ %15لىك ئۆلچەمدىنمۇ ئېشىپ كېتىدۇ. بىزنىڭ ئاياللىرىمىز ھەقىقەتەن «قەيسەر»لىشىپ كەتتىمىكىنە؟

نورمال ئەھۋال ئاستىدا، بەدىنى ساغلام، يېشى بەك چوڭ بولمىسىلا، بالا ئاي ـ كۈنىگە توشقاندا، %90 ئايال ئۆزى تۇغالايدۇ. ئەمىسە نېمە ئۈچۈن شۇنچە جىق ئايال قەيسەر ئوپېراتسىيىسىنى تاللايدۇ؟ نەچچە ئايلىق كۆزىتىش، سىردىشىش، ئەھۋال ئىگىلەش جەريانىدىن ھېس قىلىشىمچە، ئاياللارنىڭ قەيسەر ئوپېراتسىيىسى قارارىنى چىقىرىشىغا تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە قاراش سەۋەب بولغان.

1. قەيسەر ئوپېراتسىيىسى قىلدۇرغان ئاياللارنىڭ پىكورىسى بۇزۇلماسمىش. بۇ نەدىن كەلگەن ئىلمىي قاراش، پاكىتلىق خۇلاسە، تەجرىبە دەلىلىكى، بىلمىدىم. ئەمەلىيەتتە، بالىنى ئۆزى تۇغقاندا ئوپېراتسىيە قىلىنغانغا قارىغاندا سالامەتلىك تېز ئەسلىگە كېلىدۇ. تۇغقان كۈندىن باشلاپ ھەرىكەت قىلىش تامامەن مۇمكىن. ئوپېراتسىيە قىلىنسا، ئۇزاق ۋاقىت ھەرىكەت قىلماي كارىۋاتتا يېتىپ كۈتۈنۈشكە توغرا كېلىدۇ ـ دە، ئاسانلا سەمىرىپ كېتىدىغان گەپ. يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، مەيلى چوڭ ياكى كىچىك بولسۇن، تىغ تەگكەن بەدەن ھامان ئاجىزلايدۇ. ساق تەننى ئوپېراتسىيە قىلىپ كېسىپ ئۆزگەرتىش، گۈزەللىك ئىزدەش زامانىمىز ئاياللىرىدىكى غەيرىي ئېستېتىك يۈزلىنىشتۇر. ئەمما بۇ تۈپ نېگىزىدىن ئېيتقاندا، بەدەننىڭ نورمال فىزىئولوگىيىلىك قانۇنىيىتىنى بۇزۇش بەدىلىگە ئېلىپ بارىدىغان ئۆزگەرتىش بولۇپ، بەدەننىڭ شەكىل ـ ئىقتىدارىنى تېخىمۇ تېز كاردىن چىقىرىدۇ. يەنە تېخى بەزىلەرنىڭ دېيىشىچە، ئوپېراتسىيە قىلدۇرغاندا ئاياللارنىڭ فىزىئولوگىيىلىك تۇزۇلۇشى بۇزۇلماي، تۇغمىغان ئاياللار بىلەن ئوخشاش ھالەتتە ساقلىنارمىش ۋە ئەرلىرىنىڭ تالاغا قاراپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولارمىش. توۋا دەيمەن، نەدىن تاپتى بۇ خىل مۇنداق بىمەنە گەپنى. سىز ھامىلدار بولدىڭىزمۇ، ھامىلە يېتىلىپ، تۇغۇلغىچە بولغان ئارىلىقتا سىزنىڭ ھورمۇنلىرىڭىز ھامىلدار ئايالغا خاس كۆپىيىپ، ئۇستىخان، مۇسكۇللىرىڭىز تۇغۇشقا لايىق بولۇپ يۇمشاپ، ئۆزگىرىپ بولىدۇ. تەبىئىي تۇغۇت ئارقىلىقلا يۇمشىغان ئۇستىخانلىرىڭىز جايىغا چۈشۈپ، ئەسلىڭىزگە تېخىمۇ تېز قايتالايسىز. يەنە كېلىپ ئېرىڭىزنىڭ ساداقىتىنىڭ سىزنىڭ تۇغۇش ـ تۇغماسلىقىڭىز بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى؟ بۇزۇلىدىغان ئەر سىز تۇغمىسىڭىزمۇ ياكى قەيسەر ئوپېراتسىيىسى قىلدۇرۇپ ئۆزىڭىزنىڭ بەدەن شەكلىڭىزنى تەڭداشسىز گۈزەل ھالدا ساقلاپ قالالىسىڭىزمۇ بۇزۇلۇۋېرىدۇ. سىز بەلكىم قەيسەر ئوپېراتسىيىسىدىنمۇ ئاۋۋاللا ئېرىڭىزنى تارتىپ، نىكاھنى چىڭ باغلاپ تۇرىدىغان ۋۇجۇدىڭىزدىكى تېخىمۇ قىممەتلىك نەرسىلەرنىمۇ تويدۇرماي يىرىپ ئالدۇرۇۋەتكەنسىز؟ ۋە ياكى ئېرىڭىزنىڭ ئەھدۇ ـ ئىمانىغا ئاللىقاچان دەز كەتكەندۇ!؟ مەسىلىنىڭ سەۋەب ـ نەتىجىسىنى ھادىسىۋى ئىشلاردىن ئەمەس نېگىزدىن ئىزدەڭكى، پەزىلەتلىك ئەر ھېكمەت ئىگىسىنىڭ بۈيۈك قانۇنىيەتلىرىدىن بەڭۋاشلىق قىلىپ قاچماستىن، مۇرەببىگە ئىخلاس بىلەن ئەگەشكەن مۇرۇۋۋەتلىك ئايالغا خىيانەتنى ھارام، گۇناھ، جىنايەت دەپ بىلگۈسىدۇر ۋە ئۇنىڭغا، ئۇنىڭ تارتقان بىھېساب دەرد ـ جاپاسىغا مۇھەببەت قويغۇسى، ئۇنى تېخىمۇ سۆيگۈسىدۇر. تۇغۇتتەك شۇ بىر ئۇلۇغ ئەجرى تۈپەيلى بولسىمۇ بارلىق زىنايۇ ـ زالالەتتىن قول يىغىپ، دۇنياغا كەلگەن ئەزىز بوۋىقىغا پاكىز، روھىي ۋەتەن راسلاشقا تۇتۇنغۇسىدۇر. ئاڭغاۋ بەندىلەرچۇ؟ قاچىدۇ، بىر ئۇلۇغ، پاكىز ۋۇجۇد دۇنياغا تۆرۈلۈۋاتسىمۇ ئۆز ئويۇنىنى ئويناۋېرىدۇ، ئاينىۋېرىدۇ... سىزنىڭ قەيسەر ئوپېراتسىيىسى قىلدۇرۇشىڭىز ئۇنى بۇزۇلۇشتىن ساقلاپ قالالىسا ـ ھە؟!...

2. ئوپېراتسىيە ئارقىلىق ئېلىنغان بالا ئەقىللىق، ساغلام بولارمىش. ئۇلارچە، قاتتىق تولغاق ئەزىز بالىنى قىيناپ قويارمىش ۋە بۇ جەريانىدىكى چىڭقىلىش، كۈچەش بالىنىڭ مېڭىسىنىڭ، ئەقلىي قابىلىيىتىنىڭ نورمال تەرەققىياتىنى بەلگىلىك دەرىجىدە چەكلەپ قويارمىش. بۇ كۆز قاراشمۇ ئىلمىي ئاساسى يوق جۆيلۈشتىن باشقا نەرسە ئەمەس، ئەلۋەتتە. چۈنكى توققۇز ئاي قورساقتا، سۇنىڭ ئىچىدە ياتقان بالا تەبىئىي تۇغۇلۇش جەريانىدىلا رىتىملىق بېسىم، تەبىئىي كۆنۈش جەريانىنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، چوڭ مېڭىسى، ئۆپكىسى، يۈرىكى تېخىمۇ

www.uyghurkitap.com

تەرەققىي قىلالايدۇ ۋە ساغلام تۇغۇلۇشى كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ. تەتقىقاتلارنىڭ ئىسپاتلىشىچە، قاتتىق تولغاق بالىياتقۇدا ئۇزۇن مەزگىل ياتقان بالىغا نىسبەتەن ئىنتايىن زۆرۈر سىناق بولۇپ، مۇشۇ جەريان ئارقىلىقلا بالىنىڭ ئۆپكىسى، يۈرىكى، قول ـ پۇت مۇسكۇللىرى سىرتقى مۇھىتتا ھەرىكەت قىلىشقا لايىقلىشىدىكەن، ئىممۇنىتېت كۈچى ئاشىدىكەن. پەي ـ مۇسكۇللىرى چىڭىپ، پۇت ـ قولى تولغاق جەريانىدا قاتتىق ھەرىكەتلىنىپ، ئۇگە ـ بوغۇملىرى جاي ـ جايىغا چۈشۈپ تۇغۇلىدىكەن. ئوپېراتسىيە ئارقىلىق ئېلىنغاندا، بالا مۇنداق سىناق جەريانىنى باشتىن كەچۈرمەستىن ئوڭايلا يەنە بىر دۇنياغا كۆز ئاچقاچقا، بۇ يېڭى مۇھىتقا ماسلىشىشى دەماللىققا تېز بولالمايدىكەن، ئىممۇنىتېت كۈچىمۇ نىسبەتەن ئاجىز بوپقالىدىكەن...

3. قەيسەر ئوپېراتسىيىسى ئاددىي ئوپېراتسىيەكەن، ئاغرىقنى ھېس قىلماي تۇغقىلى بولىدىكەن دەيدىغانلار. توغرا، مېدىتسىنا تەرەققىي قىلغان بۈگۈنكى كۈندە بۇ ھەقىقەتەن ئاددىي ئوپېراتسىيە ھېسابلىنىدىغان بوپقالدى. ۋەھالەنكى، تۇغۇت ئالدىدىكى بىر ھامىلدار ئايال ناركوزلىنىپ بىھوش ھالغا ئەكېلىنىدىغان، قورساقتىكى نەچچە قات تېرە ـ مايىنى، ھەتتا بالىياتقۇنىمۇ كېسىپ تىكىدىغان ئوپېراتسىيىنى ئاددىي ئوپېراتسىيە دېيىش مۇمكىنمۇ؟ ئوپېراتسىيىدە قان جىق چىقىپ كېتىدۇ. بۇ، خەتەرلىك ئەمەسمۇ؟ قەيسەر ئوپېراتسىيىسى قىلىنىپ ئىككى يىل ئىچىدە يەنە بالىلىق بولۇش خەتەرلىك. بالىياتقۇنىڭ تۇتۇپ، ئەسلىگە كېلىشىگىمۇ ۋاقىت كېتىدۇ. ئەجەبا بۇ ئاغرىق، ھەتتا جاننى ئالقانغا ئېلىپ قويۇپ قىلىنىدىغان ناھايىتى چوڭ قاراملىق ئەمەسمىكىن؟

4. ھازىر بەزى ئانىلار نەچچە سائەتكە سوزۇلغان تولغاق ئازابىدىن، دادىلار تىت ـ تىت بولۇپ كۈتۈشنىڭ جاپاسىدىن قېچىپلا قەيسەر ئوپېراتسىيىسىنى تاللاۋېتىپتۇ. ھەممە ئىشنىڭ ئاسىنىغا يۈگۈرۈۋەرمەيلى. ھاياتتىكى مۇشۇنداق ئۇلۇغ مۆجىزىگە بولسىمۇ ساقلايلى، بەدەل تۆلەيلى. ھېچنېمىگە ئەرزىمەس توخۇ تۈكى، سامساق شۆپۈكى ئىشلار ئۈچۈن كۈن ـ كۈنلەپ ساقلايمىز، نەدىكى ئەھمىيەتسىز ئىشلار ئۈچۈن قاتمۇ قات ئېغىر بەدەللەرنى تۆلەشكە رازىمىزۇ، بىر جاننىڭ تەقدىرىگە چىدىيالمايمىز، تاقەت قىلالمايمىز. ھەممىمىز مايسىنى تارتىپ ئۆستۈرگۈچىلەرنى مەسخىرە قىلغۇچىلاردىنمۇ، بالىنى تارتىپ تۇغدۇرماقچى بولىمىز. بۇ قانداق مەنتىقە بوپكەتتىكىن ئەمدى؟

5. تۇرمۇشىمىزنىڭ ھاللىنىشىغا ئەگىشىپ، ھامىلىمۇ تېز يېتىلىدىغان، بوۋاقلارمۇ بۇرۇنقىدىن چوڭ، ئېغىر تۇغۇلىدىغان بوپكەتتى. بىر قانچە دوستۇمنىڭ بوۋىقى تۆت كىلوگرامدىن ئېشىپ تۇغۇلدى. مۇشۇنداق «بودەك» بوۋاقلارمۇ ئانىلارنىڭ قەيسەر ئوپېراتسىيىسىنى تاللىشىغا سەۋەب بولماقتا. شۇڭا ئاياللار ھامىلدار ۋاقتىدا كۆپرەك ھەرىكەت قىلىشى، بولۇپمۇ تۇغۇتقا يېقىنلاپ قالغان بىر ئاي مەزگىلدە كۆپ ھەرىكەت قىلىپ، ئاز ئۇخلىشى كېرەك. ئەلۋەتتە، تۇغۇتلۇق ئايالنىڭ داس سۆڭىكى ئالاھىدە كىچىك ياكى بىنورمال بولسا، بالىياتقۇ يېرىلىپ كەتسە، تۇغۇت يولى بىنورمال ياكى ئۆسمە بولسا، ھامىلىنىڭ ئورنى نورمال بولمىسا، ھامىلىنىڭ كىندىكى يۆگىشىپ قالسا، بالا ھەمرىيى چۈشۈپ كەتسە، ھامىلە تۇنجۇقۇپ قالسا، تۇغۇت بەك قىيىن بوپكەتسە قەيسەر ئوپېراتسىيىسى ئەڭ ياخشى تاللاشتۇر. قەيسەر ئوپېراتسىيىسى نۇرغۇن ئانا ۋە پەرزەنتنى بەزىدە ئەجەللىك قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ كەلدى. لېكىن بۇنداق بىنورمال بولۇش نىسبىتى%10 ئەتراپىدا بولۇپ، يېرىمىدىن كۆپرەك بولغۇسى ئانىنىڭ خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىپ قەيسەر ئوپېراتسىيىسىنى تاللىشى ئاقىلانە ئىش ئەمەس. تۇغۇت جەريانىدا كۆرۈلىدىغان نۇرغۇن تەسلىك، قىيىنچىلىقنى تۇغۇشتىن بۇرۇنلا بايقاش، ئالدىنى ئېلىش تامامەن مۇمكىن. ئاياللار ھامىلدار ۋاقتىدا لايىقىدا ئوزۇقلىنىپ، قەرەللىك تەكشۈرتۈپ، مۇۋاپىق ھەرىكەت قىلىپ، ئۆزى تۇغۇشقا تەييارلىق كۆرگىنى تۈزۈك.

تۇغۇتنى بېشىدىن كەچۈرگەن ئانا بىر ئۆلۈپ تىرىلگەندەك بولىدۇ. ئايالنىڭ تۇغۇت ئازابىنى كۆرگەن ئەرمۇ دەل شۇنداق. مانا بۇ ھاياتتىكى بىر سىناق. ئىرادىمىزنى تېخىمۇ چىڭىتىدىغان، جاپالاردىن قورقماس قىلىدىغان بىر سىناق. ھايات ـ ئۆلۈم ھەققىدىكى ئۇزۇل ـ كېسىل قايتا ئويلىنىش دەقىقىلىرىدۇر.

تېخى تۆنۈگۈنكىدەكلا ئېسىمدە. شىئەن قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتى تېبىي ئىنستىتۇتىنىڭ كلىنىكىلىق داۋالاش كەسپىدە ئوقۇۋاتقان ۋاقتلىرىمدا تۆتىنچى يىللىقتىن باشلاپ بىز دوختۇرخانىغا پراكتىكىغا چۈشتۇق. مېنىڭ تۇنجى بۆلۈنگىنىم تۇغۇت بۆلۈمى بولدى. تۇنجى كىرگەن ئوپېراتسىيەم تۇغۇت ئوپېراتسىيىسى بولدى. تۇغۇت كارىۋىتىدا بىر ئايال ـ بولغۇسى ئانا ياتاتتى. مەن پەقەت دوختۇرلارغا ياردەملىشىپ، ئايالغا ئوكسىگېن پۈركىتىپ، ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تەسەللى بېرىپ، رىغبەتلەندۈرەتتىم. باشتا ئانچە جىددىيلەشمىگەندەك قىلغانىدىم. ئەستايىدىللىق بىلەن ھەممىنى كۆزىتىپ تۇراتتىم. ئايالنىڭ تولغىقى كۈچەيگەنسېرى ۋە ۋاقىت ئۇزارغانسېرى جىددىيلەشكىنىمدىن پۇت ـ قولۇمدا جان قالمىغىلى تۇردى. ئايال چىدىغۇسىز تولغاق ئازابىدا نەچچە سائەت قەيسەرلەرچە كۈچىدى. ماڭا ئۇ ئايال بىر بالا ئەمەس، بىر پۈتۈن دۇنيانى تۇغۇۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. جىددىيلىشىشكە باشلىدىم. بالىنىڭ بېشى، ياق يەر شارىنىڭ بىر ئۇچى كۆرۈندى. باش

پاتماي چىقىش ئېغىزى ناركوزسىز كېسىلدى. ئايال تۇغۇتنىڭ ئازابىدىن بۇ كېسىلىشنى سەزمىگەنىدى. جىرتىلداپ قان ئېتىلىپ چىقتى. مەن قان توختىتىش ئۈچۈن قولۇمغا ئالغان داكىنى تۇتقان پېتى ئىيلىنىپ كېتىپتىمەن. ئاپئاقلىق ئىچىدە، كۆزنى چاقنىغۇدەك يوپيورۇق بىر يەرنى كۆردۈم. قۇلىقىم چىڭقىلىپ ھېچنېمىنى ئاڭلىيالمىدىم. يىراقتىن تولىمۇ غۇۋا گۇدۇڭ- گۇدۇڭ كېلەتتى... خېلىدىن كېيىن سەل- پەل ھوشۇمغا كېلىپ، ئاستا- ئاستا كۆزۈمنى ئاچتىم. دوختۇرلار سۆزلىشىۋاتاتتى، بالىمۇ، ئانىمۇ يىغلاۋاتاتتى. يېنىمدا سېسترالار. بىرسى ماڭا سۇ ئىچكۈزدى. يەنە بىرسى: «ئەتىگەن ناشتا قىلمىغانمۇ؟ ئوپېراتسىيەخانىدا ھاۋا يېتىشمەي قاپتۇ ساڭا، قاندىن قورقىدىكەنسەن...» دېدى. ئۇلار مەن ھوشۇمدىن كەتكەندىن كېيىن مېنى ياندىكى ئۆيگە ئەكىرىپ ياتقۇزۇپ قويغانىكەن.

دېرىزىنى ئېچىپ قويۇپتۇ. كۆپكۆك ئاسمان بېتى كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. ھايات نېمىدېگەن قەدىرلىك، دۇنيا نەقەدەر چىرايلىق، ئانىلار نېمىدېگەن ئۇلۇغ! مەنمۇ يېڭى بىر رەت تۇغۇلغاندەك بولدۇم... بۇ مەن كۆرگەن تۇنجى ئوپېراتسىيە ۋە مەڭگۈ ئېسىمدىن چىقمايدىغان ئوپېراتسىيە ئىدى. ئۇنىڭ بىخۇد روھىيىتىمگە ئېلىپ كەلگەن زىلزىلىسى ماڭا ئۆزۈمنى، ھاياتنى، ئانىنى، ئاتىنى، دۇنيانىڭ قىممىتىنى، شۇنداقلا تەبىئەتنىڭ ئىلاھىي قانۇنىيىتىنىڭ ئۇلۇغ ھېكمىتىنى قايتىدىن تېخىمۇ ئېنىق تونۇتقانىدى.

ئەمدى مەسىلىلەرنىڭ ئىككىنچىسىگە كېلەيلى:

بالا تۇغۇلدى. ئاتا- ئانىنىڭ يېڭى تۇغۇلغان پەرزەنت ئۈچۈن تۇنجى بولۇپ ئۆتەيدىغان مەجبۇرىيىتى مەنىلىك ئىسىم قويۇش. ئېسىمدە قېلىشىچە، تونۇشلىرىمىز باللىق ياكى نەۋرىلىك بولسىلا دادامدىن ئىسىم تاللاپ بېرىشنى ئۆتۈنەتتى. مەن بىلىدىغان، دادام تاللاپ بەرگەن ھەم شۇ ئىسىم قويۇلغان باللارمۇ نەچچە ئوندىن ئاشتى. «مال ئىگىسىنى دورىمسا ھارام» دېگەندەك، ھازىر دوستلىرىممۇ مەندىن ئىسىم سورايدىغان بولۇشتى. بېيجىڭدىكى چېغىمدا بىر دوستۇم يېڭى تۇغۇلغان قىزىغا ئىسىم تېپىشىپ بەرسەڭ دەپ تېلېفون قىپتۇ. مەن ئىنتېر توردىن ئىزدەپ، ئۇنىڭ ئىسمىغا يېقىن قىلىپ ئۇيغۇرچە، تۈركچە، پارسچە، ئەرەبچە نۇرغۇن گۈزەل ئىسىمنى تېپىپ ئىزاھاتى بىلەن ئەۋەتتىم. بىزنىڭ تىلىمىزدا كىرمە سۆزلەر بىر قەدەر كۆپ بولغاچقا، بۇ ئىسىملارنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك بىز چۈشىنەتتۇق. ئاردىن يەنە ئۇزۇن ئۆتمەي يەنە بىر دوستۇمنىڭ سىڭلىسى يەڭگىپتۇ. ئۇلارنىڭ «قۇرئان كەرىم»دىكى ئىسىملاردىن تاللاپ قويغۇسى بار ئىكەن.

«قۇرئان كەرىم»دە ئىسمى زىكىر قىلىنغان ئاياللاردىن پەقەت ھەۋۋا ئانىمىز، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى سارە، پىرئەۋننىڭ ئايالى ئاسىيە، شەباھ پادىشاھلىقىنىڭ خانىشى بىلقىس، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى بۈۋىمەريەمدىن ئىبارەت بەش ئايالنىڭ ئىسمى بار ئىكەن. قالغان ئاياللار تىلغا ئېلىنغان بىلەن ئىسمى ئېيتىلمىغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە چوقۇم «قۇرئان كەرىم»دىكى ئىسىمنى قويۇش كېرەك دەيدىغان گەپمۇ يوق. «قۇرئان كەرىم»دە گۈزەل ئاڭلىنىدىغان ئىسىمگە ئوخشاش سۆزلەر نۇرغۇن. لېكىن ئۇلار ئىسىم ئەمەس پېئىل، ئالماش، سۈپەت بولۇشى مۇمكىن. مەنىسىنى بىلمەي تۇرۇپ پەرزەنتىگە ئىسىم قويۇش چوڭ مەسئۇلىيەتسىزلىك جۈملىسىدىن ئىدى. دوستۇم سىڭلىسىنىڭ قىزىغا «قۇرئان كەرىم»دىن تاللىغان ئىسىمنىڭ مەنىسىنى مەندىن سوراپ تېلېفون قىپتۇ. ئۇلار سۈرە فاتىھەدىكى «لەزىنە» دېگەن سۆزنى چىرايلىق ھېس قىلىپ ئىسىم قىلىپ قويماقچى ئىكەن. مەن ئىزدەپ كۆرسەم، بۇ سۆز ئالماش، مەنىسى «ئۇلار» ئىكەن. دىنىمىز مۇسۇلمانلار ئىسمىنىڭ گۈزەل بولۇشى ۋە باللارغىمۇ گۈزەل ئىسىملارنى قويۇشنى تەكىتلەيدۇ. ئاللاھتىن باشقىغا قۇللۇقنى ئىپادىلەيدىغان ئىسىم، پەقەت ئاللاھقىلا خاس بولغان ئىسىم، كۇفرىلارغا خاس ئىسىم، شەيتان- ئىبلىسلارنىڭ ئىسمىنى قويۇش چەكلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا مەنىسى كىشىنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىدىغان، يېقىمسىز، يەنە كىشىنى ئالاھىدە جەلپ قىلىپ، تۈيغۇسىغا بىۋاسىتە تەسىر قىلىدىغان (بولۇپمۇ قىزلار ئۈچۈن)، ئەخلاقسىز ئىنسانلارنىڭ ئىسمىنى دوراپ قويۇش، يامان ئىش، زالىملارنىڭ ئىسمىنى قويۇش، يىرگىنچلىك ھايۋانلارنىڭ ئىسمىنى قويۇش قاتارلىقلاردىن ساقلىنىش تەشەببۇس قىلىنىدۇ. بۇلار ئەلۋەتتە بالىنىڭ كېيىنكى ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن پايدىلىق بولۇپ، چىرايلىق ئىسىم كىشىنىڭ زوقىنى قوزغايدۇ، بالىغىمۇ سۆلكەت، غۇرۇر بېغىشلايدۇ.

ھازىر كۆپ ئىشلىتىلىۋاتقان كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئىپتىدائىي دەۋرىدە ئەجدادلىرىمىز ئۇلۇغلاپ قويغان ئىسىملاردا، ھايۋانلاردىن شىر، ئارسلان، يولۋاس، توغرۇل، مېتال ۋە جاۋاھىراتلاردىن ئالماس، ئالتۇن، كۈمۈش، مەرۋايىت، گۆھەر، پولات، تۆمۈر، تەبىئەت ھادىسىسى، شەيئىلەرنىڭ ئىسمىدىن يۇلتۇز، ئاي بىلەن تۇرلەنگەن ئىسىملار، ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىن ئەرەب- پارس تىلىنىڭ تەسىرىدە قوبۇل قىلىنغان ئىسىملاردىن مۇھەممەد، ئەلى ، فاتىمە، ئائىشە، ھاجەر ياكى گۈل، دىل، قەمەر بىلەن تۈزۈلگەن ئىسىملار، بالىنىڭ ھايات قېلىشىنى ئۈمىد قىلىپ قويغان توختى، تۇرغۇن، تۇرسۇن، تۇرغۇننىسا قاتارلىق ئىسىملار، يەر ئىسلاھاتى

مەزگىللىرىدىن قالغان تائىنۇر، ئازاد، نىجاد، ئىنقىلاب مەزگىلىدىن قالغان غالىب، ئىلغار، قەھرىمان، يالقۇن، ئۇچقۇن، جۇشقۇن، چەت ئەللىكلەردىن قوبۇل قىلىنغان تېلمان،زويا، كىلارا، يېڭى زاماندا مودا بولۇۋاتقان گۇلفىرە، فىلورە، دىلفىرە، دىلرۇس، ئىرپان دېگەندەك ھەرخىل ئىسىم ئۇچرايدۇ. ئىسىم قويۇش ئاتا ـ ئانىنىڭ دۇنيا قارىشى، ساپاسى، قىزىقىشى، خاھىشىغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ئىش. ئۆزىڭىز ياخشى كۆرگەن، مەنىسى چوڭقۇر، يېقىشلىق ئىسىملارنى قويسىڭىز، بۇ ئىسىم بالىڭىزغا بىر ئۆمۈر ھەمراھ بولىدۇ. ئىسىم تاللىغاندا فامىلە بىلەن ماسلىشامدۇ، قېرىغاندا چاقىرىشقا لايىقمۇ؟ ئەقىدە ـ ئادەتكە زىتمۇ ـ يوق؟ مەنىسى ياخشىمۇ؟ دېگەندەك نۇرغۇن جەھەتتىن باش قاتۇرۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. مېنىڭ يەكۈنىم، ياشىغانىكەنمىز، ھاياتنىڭ ماھىيىتىنى بىلىپ ياشىشىمىز، ئىسىم قويىدىكەنمىز، مەنىسىنى بىلىپ قويۇشىمىز كېرەك.

بالىغا ئىسىم قويۇپ بولدۇق. ئەمدىكى بىزنىڭ تەخىرسىز دىققىتىمىزنى تارتىۋاتقان ئىش ــ بالىنى ئەمدۈرۈش مەسىلىسىدۇر.

ئانىنىڭ ئوغۇز سۈتى يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنىڭ ئەڭ تەبىئىي ــ ساپ، كۈچلۈك ئوزۇقلۇقى. قەيسەر ئوپېراتسىيىسىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئوپېراتسىيە قىلدۇرغان نۇرغۇن ئاياللىڭ ئوغۇز سۈتى نورمال چىقمايۋاتىدۇ ھەم ئانا سۈتىنىڭ مىقدارى ئازلاپ كېتىۋاتىدۇ. سەۋەبى، ئاياللار تۇغۇپ يېرىم سائەت ئىچىدە ئەمدۈرسە، ئانىنىڭ سۈت ئاجرىتىش ئىنكاسىنى تېزلىتىپ، سۈت بەزلىرىنى يۇمشىتىپ، سۈتىنىڭ مول بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. لېكىن ئوپېراتسىيە ئارقىلىق تۇغۇلغان بوۋاق يېرىم سائەت ئىچىدە ئانىنى ئېمەلمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئانىنىڭ سۈت ئاجرىتىش ئىنكاسى كېچىكىدۇ، ئاستىلايدۇ، ئازلايدۇ. ئوپېراتسىيە قىلىنماقچى بولغان ئاياللىڭ ئوپېراتسىيىدىن بۇرۇنقى ئوزۇقلىنىشىغا چەك قويۇلغاچقا، بەدەندىكى ئوزۇقلۇق مىقدارىمۇ، نەتىجىدە سۈتىمۇ ئاز بولىدۇ. ئاياللار ئوپېراتسىيە ئارقىلىق بوشانغاندا تەبىئىي بوشانغانغا قارىغاندا تۇغۇت سۈيلەش ھورمۇنلىرى ئاجرىلىپ چىقىرىلماي، سۈتىنىڭ ھاسىل بولۇشىمۇ ئاستا، ئاز بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئوپېراتسىيە ئارقىلىق بوشانغان ئانىلاردا سۈت ئازلاپ كېتىۋاتىدۇ. ياش ئانىلار يەنە شۇ فىگۇرىسىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ياكى خىزمەت بېسىمى ۋەياكى سۈتىنىڭ ئازلىقىنى باھانە قىلىپ، ئاۋارىچىلىقلاردىن قېچىپ بالىنى سۈتتىن بالدۇر ئايرىۋالماقتا. ھەتتا بەزىلەر پەقەتلا ئەمدۈرمەي، سۈت پاراشوكى بىلەن بالىنى ئەي قىلماقتا. ئانىنىڭ سۈتىدە بالا ئېھتىياجلىق بولغان ھەممە ئوزۇقلۇق ماددا بار. ئانا سۈتىنىڭ بوۋاق بالىغا ھەزىم قىلىنىشى، قوبۇل قىلىنىشى ناھايىتى تېز، ئۈنۈملۈك. بۇنى ھەر قانداق بىر ئالىي سۈت پاراشوكى ياكى ئىنەك سۈتى، ئوزۇقلۇق، دورا ـ يېمەكلىك تولۇقلاپ بولالمايدۇ. جەمئىيىتىمىزدە سۈت پاراشوكلىرىغا تايىنىۋېلىش ناھايىتى كۈچلۈك بولۇۋاتقان، «بوۋاقلار دائىم ئىچىپ بەرسە كەلگۈسىدە دوكتور بوپكېتىدىغان» سۈت پاراشوك ئېلانلىرى مېدىيىلەرنى بىر ئالغان مۇشۇ كۈندە بۇ ئىشلارنىڭ خۇلاسىسى ئاخىرى چىقتى. 2008 ـ يىل 28 ـ ئىيۇن ئازادلىق ئارمىيە لەنجۇ دوختۇرخانىسىغا بۆرىكىگە تاش چۈشكەن بىر بوۋاق ئېلىپ كېلىندى. ئاتا ـ ئانىسىنىڭ دېيىشىچە، بوۋاق تۇغۇلغاندىن تارتىپ، 50 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە، جۇڭگونىڭ ئالدىنقى قاتاردا سانىلىدىغان داڭلىق ماركىلىق مەھسۇلاتى، ئىشەنچلىك كارخانا شىجياجۇاڭ «سەنلۇ» (ئۈچ مارال) گۇرۇھى ئىشلەپچىقارغان «سەنلۇ» بوۋاقلار سۈت پاراشوكىنى ئىچىپ كەلگەنىكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىش جىددىي قارىلىپ گەنسۇ ئۆلكىلىك سەھىيە نازارىتى بۇ ھەقتە سەھىيە مىنىستىرلىكىگە دوكلات سۇنغان. ئارقىدىنلا دۆلىتىمىزنىڭ ھەر قايسى ئۆلكە ـ شەھەرلىرىدە مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان بوۋاق بىمارلار كۆپىيىشكە باشلىغان.

2008 ـ يىل 11 ـ سېنتەبىر سەھىيە مىنىستىرلىكى باياناتىئېلان قىلىپ، كۆپلىگەن بوۋاقنىڭ ئوخشاش بىر خىل سۈت پاراشوكىدىن، يەنى«سەنلۇ» سۈت پاراشوكىدىن زەھەرلەنگەنلىكىنى، تەركىبىدە مېلامىن بارلىقىنى ئاشكارىلىدى. ئارقىدىنلا «سەنلۇ» گۇرۇھى مەسىلە بار سۈت پاراشوكلىرىنى قايتۇرۇۋېلىش ئۇقتۇرۇشى چىقاردى. ۋەھالەنكى، بۇ چاغدا ئاللىقاچان تەركىبىدە مېلامىن ئېشىپ كەتكەن 700 تونىنا سۈت پاراشوكى بازارنى قاپلاپ بولغاندى.

2008 ـ يىل 17 ـ سېنتەبىر رايونىمىز شىنجاڭدا «سەنلۇ» ماركىلىق سۈت پاراشوكىدىن زەھەرلىنىپ بۆرىكىگە تاش چۈشكەن بوۋاق بىمارلار 86 نەپەرگە يەتكەن، بىر بوۋاق ئۆلگەن. ئۇنىدىن كېيىن قانچىگە يەتتى؟ مەلۇم قىلمىغانلىرى قانچىلىك؟ بۇ بىزگە قاراڭغۇ.

1. مىسال: «شىنجاڭ ياشىن خەۋەرلەر تورى» 13 ـ سېنتەبىر خەۋىرى.

2008 ـ يىل 12 ـ سېنتەبىر سائەت 12دە مۇخبىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسىدا سەككىز ئايلىق ئوغلىنىڭ ئوپېراتسىيە قىلىنغان قورسىقىنى سىلاپ ئازابتا ئولتۇرغان كورلىلىق ئاتا ئابلىز كېرەمنى زىيارەت قىلدۇ. ئابلىز كېرەم بۇ يىل مارتتىن باشلاپ ئانا سۈتىدىن ئايرىغان ئىككى ئايلىق ئوغلىغا «سەنلۇ» سۈت پاراشوكىنى بېرىپ كەلگەنىكەن.

«بۇ بىر كونا، ئىشەنچلىك ماركا، باھاسىمۇ مۇۋاپىق، شۇڭا بىز بۇ سۈت پاراشوكىغا ئىشەنگەن» دەيدۇ ئاتا. 1- سېنتەبىر ئابلىز كېرەم ئايالى ئىككىسى ئوغلىنىڭ قول- پۇتلىرىنىڭ ئىششىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ دەرھال مەھەللىدىكى ئامبۇلاتورىيىگە ئاپىرىدۇ. دوختۇر ئۇلارنى چوڭ دوختۇرخانىغا دەرھال بېرىشنى بۇيرۇيدۇ. شۇ كېچىسى بالىسى يىغلاپ پەقەت توختىمايدۇ. ئۇلار نېمە ئىش بولغىنىنى بىلەلمەي بالىنىڭ بېشىدا قاراپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ ئىككى كۈندىن بېرى كىچىك تەرەت قىلمىغىنىنى ھېس قىلىدۇ. «ئىككى كۈن كىچىك تەرەت قىلمىسا، چوڭ ئادەملەرمۇ چىدىيالمايدىغان تۇرسا». ئابلىز كېرەم ئۈھسىنىپ مۇخبىرغا شۇنداق دېدى. 2- سېنتەبىر ئەتىگەندە ئۇلار بالىنى كورلا شەھىرىدىكى چوڭ دوختۇرخانىغا ئاپىرىدۇ. ئۇلار كېسەللىكنى تاپالماي، 3- سېنتەبىر بالىنى بايىنغولىن ئوبلاستلىق دوختۇرخانىغا يۆتكەيدۇ. «بالاڭلارنىڭ بۆرىكىگە تاش چۈشۈپتۇ، جىددىي خاراكتېرلىك بۆرەك زەئىپلىشىپتۇ، دەرھال ئۈرۈمچىگە ئاپىرىپ ئوپېراتسىيە قىلمىسا خەتەرلىك...» دوختۇر تەكشۈرۈپ، كەسكىن قارار چىقىرىپتۇ. ئابلىز كېرەم ئەر- ئايال بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ بېشىدىن تۈتۈن چىقىپتۇ ۋە دەرھال بىر تاكسىنى توسۇپ، ئۈرۈمچىگە يول ئاپتۇ. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسى سۈيدۈك كېسەللىكى بۆلۈمىنىڭ دوختۇرى گوفېڭ شۇ ۋاقىتنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: بالا ئەكېلىنگەن چاغدا بىر جۈپ بۆرىكى تاش چۈشۈش سەۋەبىدىن ناھايىتى ئاجىزلاپ كەتكەن، ئەھۋالى تولىمۇ ئېغىر بولۇپ، شۇ كۈنىلا سۈيدۈك نەيچىسى ئورنىتىش ئوپېراتسىيىسى قىلىپ سۈيدۈكنى ماڭدۇردۇق. ئەتىسى ئىككىنچى قېتىم ئوپېراتسىيە قىلىپ تاشنى ئالدۇق. ئۇلار شۇندىن كېيىن «سەنلۇ» سۈت پاراشوكى ۋەقەسىنى ئاڭلىغان ۋە بالىنىڭ كېسەلنى سۈت پاراشوكىدىن بولدى، دەپ گۇمانلىنىپ، بۆرەكتىن چىققان تاشنى تەكشۈرۈشكە ئەۋەتىپ بەرگەن. ھازىر بۇ بوۋاق ساقايدى. لېكىن ئەمدىلا سەككىز ئايلىق بولغان بوۋاقنىڭ تىغ تەگكەن تېنى ۋە بۆرىكىنى نېمە دەيمىز؟ ئاتا- ئانىنىڭ بىھۇدە چەككەن ئازار- رىيازىتىنىچۇ؟... بۇ يەردە ئانا مەسئۇلىيىتى بىلەن تىجارەت مەسئۇلىيىتىنىڭ خىيانىتىگە قۇربان بوپكەتكەن تالايلىغان بوۋاقنىڭ ئاچچىق قىسمىتى بار، ئەلۋەتتە.

**2. مىسال:** 2008- يىل 11- نويابىر لوپ ناھىيىسىدىن كەلگەن ئەمدىلا يەتتە ئايلىق بولغان بوۋاق مۇرادىلنىڭ بۆرىكىدىكى تاش پۈتۈن بۆرەكنىڭ 4تىن بىر قىسمىنى ئىگىلەپ كەتكەن. دوختۇرلار خەتەرگە قارىماي مۇرادىلنىڭ بۆرىكىنى تېشىپ، تاشنى ئېزىپ چۈشۈرۈش ئوپېراتسىيىسى قىلغان. بەختكە يارىشا ئوپېراتسىيە ئوڭۇشلۇق بولۇپ، دۆلىتىمىزدىكى «سەنلۇ» سۈت پاراشوكى ۋەقەسىدىكى بۆرىكىگە تاش چۈشكەن بوۋاقلار ئىچىدىكى يېشى ئەڭ كىچىك، چۈشۈرۈلگەن تاش ئەڭ چوڭ بوۋاق ھېسابلانغان. بۇ بوۋاققا «سەنلۇ» سۈت پاراشوكى ئىچۈرۈلۈۋاتقىلى ئۈچ ئايدىن ئېشىپتىكەن.

سەھىيە مىنىستىرلىكىنىڭ 2008- يىل 1- دېكابىر چىقارغان دوكلاتىدا دۆلىتىمىزدە «سەنلۇ» سۈت پاراشوكىنى ئىچىپ، مەسىلە كۆرۈلگەن بىمار بوۋاقلار 290 مىڭغا يەتكەن.

شۇنچە بالانى تېرىغان 50 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە داڭلىق «سەنلۇ» گۇرۇھى 2008- يىل 23- دېكابىر ۋەيران بولغانلىقىنى جاكارلىدى. بۇ سۈت پاراشوكىدىن زەھەرلەنگەن بوۋاقلار ۋە ئۇلارنىڭ ئاتا- ئانىلىرى گەرچە تۆلەمگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئاتا- ئانىلارنىڭ زېدە بولغان يۈرىكى، بوۋاقلارنىڭ شىكەستلەنگەن يۇمران تېنى ئالدىدا ئۇ ئىككى توك- توك پۇل ئەرزىمەس بىر تۇتام قەغەز، ئەلۋەتتە. ھەر قانداق بىر ئىشنىڭ ياخشى- يامان ئىككى تەرىپى بار. سۈت پاراشوكىنىڭ ھەممىسىدىلا چاتاق بولۇشى ناتايىن. سۈت پاراشوكى ئىچكەن بالىنىڭ ھەممىسىدىلا مەسىلىمۇ ھەم كۆرۈلمەيدۇ. يۇقىرىقىسى بىر تاسادىپىي ۋەقە. لېكىن مەيلى بۇ ۋەقە چىققان- چىقمىغان بولسۇن، ھەر قانداق بىر سۈت پاراشوكىنىڭ ئانا سۈتىگە يېتىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. ئانىنىڭ كۆكسىدىن جىرغىپ- جىرغىپ ئېتىلىپ چىقىدىغىنى يالغۇز مول ئوزۇقلۇق، يۇقىرى قۇۋۋەتلا ئەمەس ۋە يەنە جاھاننىڭ ھېچقانداق يېرىدىن تېپىلماس مېھىر- مۇھەببەتتۇر. ئىككى قوشۇق پاراشوكتىن مۇنداق ئۇلۇغ مېھىر ئېقىنى ھەرگىز چىقمايدۇ. بالىنى ئېمىتىش بالا بىلەن ئانا ئوتتۇرىسىدىكى مېھرنى چوڭقۇرلاشتۇرىدىغان، ئانىنىڭ ئۇماق پەرزەنتىنىڭ ئېھتىياجى، خۇي- پەيلىنى چۈشىنىشىگە ياردەم بېرىدىغان بىر ئۇلۇغ ئەمگەك. ئۇ ئانا بىلەن پەرزەنتنىڭ روھ ۋە تەن جەھەتتىن بىرىكىشى، ئانىلارنىڭ ئانىلىق جەلپكارلىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدىغان خىسلەتلىك جەرياندۇر.

دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىسىدە، ئانا بوۋىقىنى ئەڭ ئاز دېگەندە ئالتە ئاي ئېمىتىشى كېرەك، دەپ ئەسكەرتىلگەن. چۈنكى بالىغا كېرەكلىك ئوزۇقلۇق ئېلېمېنتلىرى ئانا سۈتىدە ئەڭ مول. ئانا سۈتىدە كىرگەن قۇۋۋەت بالىغا تېز قوبۇل قىلىنىدۇ. سىز بالىغا ھەر قانچە قۇۋۋەتلىك پاراشوك، ئەلا سۈپەتلىك، قىممەت باھالىق دورا، يېمەكلىكلەرنى ئېلىپ يېگۈزدۈم دېگىنىڭىز بىلەن، لېكىن بوۋاقنىڭ ھەزىم قىلىش ۋە ئوزۇقلۇقنى قوبۇل قىلىش ئىقتىدارى تېخى تولۇق يېتىلمىگەن بولغاچقا، دەماللىققا قوبۇل قىلىپ كېتەلمەيدۇ. ھەتتا ئۇنىڭ ئاشقازىنىنى زەھەرلىشىمۇ مۇمكىن. ئانا

سۈتكە ماسلاشتۇرۇپ بەزى ـ بەزىدە سۈت پاراشوكلىرىنى بىرىپ تۇرسا ئۇنچىۋالا چوڭ تەسىر كۆرسەتمەس. لېكىن ئانا سۈتىنى پۈتۈنلەي توختىتىپ بالىنى پاراشوكقا تاشلاپ قويۇش ــ بالىغا قىلىنغان ئۇۋال ـ خورلۇقتۇر. بالىلىرىمىزدا كۆرۈلۈۋاتقان كالتىسي، ۋىتامىن، قۇۋۋەت كەملىكىگە دائىر دادلاشلارنى ھەر يەردە ئاڭلايمىز: ھەممىسى ۋاي ئۇنى ئېلىپ بەردۇق، مۇنداق قۇۋۋەتلىك يېگۈزسەكمۇ يەنە نېمە كەملىك بۇ... دېيىشىدۇ. ۋەھالەنكى، ھەممىسى ئەڭ دەسلەپتە ئەڭ زۆرۈر ئۇل ـ يىلتىز سۈپەت قۇۋۋەتنى جايىدا بېرەلمىگەنلىكىنى، بالىسىنى جايىدا، تولۇق ئېمىتمىگىنىنى ئەسلەپ قويۇشمايدۇ. شۇنداق گەپ، بوۋاقلىقىدا ئانا سۈتى ئارقىلىقلا تولۇقلىنىدىغان زۆرۈر قۇۋۋەت جايىدا تولۇقلانمىسا، ئۇنى كېيىنچە باشقا قوشۇمچە نەرسىلەر ئارقىلىق تولۇقلايمەن دېيىمۇ تولۇقلاش بەسىي مۇشكۇلدۇر. ئاقىۋىتىدە ئۇۋالغا قالىدىغىنى بالا. راست، باللا ئەمەس، جازاسى ئانىغىمۇ ھەم بار. ئېمىتىسچۇ؟ پايدىسىمۇ تېز ھەم قوشتۇر.

بوۋاقنى ئانا سۈتى بىلەن ئەي قىلىشنىڭ بوۋاققىلا پايدىسى بوپقالماي، يەنە ئانىغىمۇ پايدىلىق. تۇغۇتلۇق ئايال بالىنى ئەمدۈرگەندە بالىياتقۇسىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى تېز بولىدۇ، بۇنىڭ ئايالالار فىگورىسىنىڭ تېز ئەسلىگە كېلىشىگە پايدىسى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن سىرت ئەڭ مۇھىم بولغىنى، بالىنى تولۇق ئېمىتىش ئايالالارنىڭ جېنىغا تاقىلىدىغان ئەشەددىي دۈشمىنى ــ سۈت بېزى راكىغا گىرىپتار بولۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا ناھايىتى زور رول ئوينايدۇ. تەتقىقاتلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، بالىنى ئېمىتىش ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقىلىقى ئايالالارنىڭ سۈت بېزى راكىغا گىرىپتار بولۇش ـ بولماسلىق نىسبىتىگە تەسىر قىلىدىغان مۇھىم ئامىل ئىكەن. ھەتتا بۇ ئامىل ئىرسىيەت ئامىلىدىنمۇ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىكەن. بالىنى ئالتە ئايدىن ئارتۇق ئەمدۈرگەندە، ئايالالارنىڭ سۈت بېزى راكىغا گىرىپتار بولۇش نىسبىتى5% تۆۋەنلەيدىكەن. ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى تەتقىقات گۇرۇپپىسى 20 مىڭدىن ئارتۇق ئايال ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، بالىنى قانچە كۆپ تۇغقان، كۆپ ئەمدۈرگەن ئايالالارنىڭ سۈت بېزى راكىغا گىرىپتار بولۇش نىسبىتىنىڭ شۇنچە ئاز بولىدىغانلىقىنى بايقىغان. ئايالالار بىر بالىنى كۆپ تۇغقاندا بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولۇش نىسبىتى 7% تۆۋەنلەيدىكەن. تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەردە ئانىلارنىڭ تۇغۇش سانى ئاز، ئېمىتىش ۋاقتى قىسقا بولغاچقا، 70 ياشقا بارغان ئايالالارنىڭ سۈت بېزى راكىغا گىرىپتار بولۇش نىسبىتى 6.3%نى ئىگىلىگەن. ئەكسىچە، بىر قىسىم نامرات دۆلەتتە ئايالالارنىڭ تۇغىدىغان بالا سانى جىق، ئېمىتىش ۋاقتى ئۇزۇن بولغاچقا، 70 ياشقا بارغاندا سۈت بېزى راكىغا گىرىپتار بولۇش نىسبىتى2.7% ئەتراپىدا بولغان. (دۆلەتنىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىگە كۆرە، كۆپ تۇغۇشنى تەشەببۇس قىلمايمىز، ئەلۋەتتە. لېكىن، ئىمكان بار ئوپېراتسىيە قىلدۇرماي يەڭگىش ، بوۋاقنى ئانا سۈتى بىلەن چوڭ قىلىش نۇقتىسىدىن مەزكۇر تەتقىقاتنىڭ ئايالالار ساغلاملىقىغا پايدىسى بار، دەپ قارايمىز. ــ مەسئۇل مۇھەررىردىن.)

بالىنى ئەمدۈرۈشنىڭ سۈت بېزى راكىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا رولى بولۇپلا قالماستىن يەنە ئايالالارنىڭ تۇخۇمدان راكى، سۈيدۈك يولى يۇقۇملىنىش، سۆڭەك بوشاپ كېتىش قاتارلىق كېسەللىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىمۇ بەلگىلىك رولى بار ئىكەن.

بالىنى ئانا سۈتىدە ئەي قىلىش ھەرخىل كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىپلا قالماستىن، يەنە ئائىلە ئۈچۈن چوڭ بىر تېجەشتۇر. تەييار، ساپ ئانا سۈتى تۇرغان يەردە ھەر خىل قىممەت باھالىق، ئىشەنچىسىز سۈت پاراشوكى، ئاللىقانداق تالقان، بۇلماق ۋە قۇۋۋەت يېمەكلىكلىرىگە پۇل خەجلەشنىڭ يەنە ئورنى، ھاجىتى يوقتۇر. قىممەت ئۆزىمىزدە، لېكىن ئۇنى بايقايمىز، ياراتمايمىز...

مانا بۇ مەسىلىلەر بۇرۇندىنمۇ بار بولغان ، ھېلھەم ياش ئاتا ـ ئانىلار ئارىسىدا كۆپ كۆرۈلىدىغان، دائىم تالاش ـ تارتىش قىلىنىپ تۇرىدىغان مەسىلىلەردۇر. مەن ئۆز بىلىمىمنىڭ يېتىشىچە ئىزدىنىپ، سىلەر بىلەن مۇشۇنچىلىك ئورتاقلاشالىدىم. يازمام تۈگەشكە يېقىن ھېس قىلغىنىم شۇكى، ھەممە ئىش تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە بولغىنى ئەۋزەلدۇر.

ئاپتور: تېببىي پسىخولوگىيە ماگىستىرى (M3)

## مۇشتەرىلەر سەمىگە

ژۇرنىلىمىزغا مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلاردا ھەركۈنى ــ قەرەلسىز مۇشتەرى قوبۇل قىلىنىدۇ. ئۆزىڭىز تۇرۇشلۇق جايدىكى پوچتىخانىغا ژۇرنىلىمىزنىڭ پوچتا ۋەكالەت نومۇرى 22 ــ 58 نى ئېيتىپ بەرسىڭىزلا ئىنتايىن ئاسان مۇشتەرى بولالايسىز. شۇنىمۇ ئالاھىدە ئەسكەرتمەكچىمىزكى، تەھرىر بۆلۈمىمىز بىۋاسىتە مۇشتەرى قوبۇل قىلمايدۇ. شۇڭا ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ پوچتىخانا ئارقىلىق مۇشتەرى بولۇشىنى سورايمىز.

ــ كامالىي ئېھتىرام بىلەن: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى




## ئازاب - ئوقۇبەتنى مەدھىيىلەۋەرمەيلى

«رەستىدە چاچ تاراۋاتقان مەدىكار چوكان» سەرلەۋھىلىك يازمام ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن نۇرغۇن تورداش خىلمۇ خىل باھا بېرىشتى: ئۇلار ئارىسىدا ئىجتىمائىي ئادالەتنى مەھرۇم مەدىكارلارغا ئىچ ئاغرىتقانلارمۇ، بۇ خىل ھالەتنى توغرا چۈشەنگەنلەرمۇ، ھەتتا مەدىكارلارنىڭ جەبىر - جاپاغا بەرداشلىقلىقىنى ماختىغانلارمۇ بار ئىدى. جۈملىدىن بەزىلىرى «جۇڭگو خەلقى دۇنيادا ئەڭ ئەمگەكچان، ئاق كۆڭۈل، تىرىشچان، ئىزچىل خەلق» دېسە، يەنە بەزىلەر «ئۇلارنىڭ پۇل تېپىشى ئاسان ئەمەس، شۇڭا ئۇلارغا پەقەت تەھسىن ئوقۇشقىلا قادىرمەن»دەپتۇ. كۆڭلۈمدىكىنى دېسەم، بۇ ئىككى خىل پىكىرنى كۆرگەندىن كېيىن كۆڭلۈم بىرقىسىملا بوپقالدى. چۈنكى بۇ پىكىر ئىگىلىرى ئىجتىمائىي ئادالەتتىن مەھرۇم مەدىكارلارنىڭ ھاياتلىق يولىدا تارتىۋاتقان جەبىر - جاپاسىنى كۆرمەسكە سېلىپ، ئۇلارنىڭ رەھىمسىز رېئاللىقتا ئىلاجسىزلىقتىن چىشىنى چىشلەپ، رىيازەت چېكىۋاتقانلىقىغا مەدھىيە ئوقۇغانىدى.

بۇنداق ئىنكاسلارغا ئادەتتە ئانچە بەك ئەجەبلەنمىمىز. ئەمما، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ جاپا - مۇشەققەتلىك شارائىتنى ئۆزگەرتىش تىلىكىدە بولماي، ئەكسىچە، ئازاب - ئوقۇبەت تارتىۋاتقان كىشىلەرنى مەدھىيىلەشتەك بۇخىل بىنورماللىقتا ئەجەبلەنمەي بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. مەدھىيىلەشتىن مەقسەت، شۈبھىسىزكى ئىلھام بېرىشتۇر. شۇڭا بۇنداق مەدھىيىلەشنىڭ ئارقىسىغا «نادانلىق، تاش يۈرەكلىك»تىن ئىبارەت ئىككى خىل چىنلىقنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى بايقىدىم.

ھاياتلىق سەھنىسىنىڭ پەگاسىدا موھتاجلىقتىن رىيازەت چېكىۋاتقان كۆرمىڭ جاپاكەشنىڭ كۆلپەتلىك كۈنلىرىنى مەدھىيىلەپلا قالماي، بەزىلىرىمىز ھەتتا ئۆز ئائىلىرىمىزنىڭ ئازاب - ئوقۇبەتلىرىگىمۇ ھېيقماستىن قەسىدىلەر ئوقۇيمىز. جۇڭگو ئاياللىرى ئائىلىدە باشقىلارنىڭ جاپاسىنى تارتىشتەك «گۈزەل ئەخلاق» ئەنئەنىسى بىلەن ئەلمىساقتىن بېرى مەدھىيىگە نائىل بوپكېلىۋاتىدۇ.

بىرنەچچە يىل ئىلگىرى ناخشىچى مەن ۋېيجۇننىڭ «يۈرىكىمدە ساقلاقلىق»ناملىق MTVناخشىسى مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا بېرىلىۋىدى، پۈتكۈل جۇڭگودا زور تەسىر قوزغىدى: ئانىلىرىنىڭ جەبىر - جاپاسىنى ئۆزى كۆزى بىلەن كۆرۈپ باققان تالاي كۆرۈرمەنىنىڭ كۆز چاناقلىرى ياشقا تولدى، يۈرەك - باغرى چىدىغۇسىز ئېچىشتى. MTVدە تەسۋىرلەنگىنى، چىرايى سارغىيىپ، چاچلىرى پاخپايغان، بېلى يادەك ئېگىلگەن، بىر موردىن تۈتۈن چىقىرىش ھەلەكچىلىكىدە قولىنى كۆسەي، چېچىنى سۈپۈرگە قىلىپ، باللىرىدىن ئاشقان غىزالار بىلەن جان ساقلاپ، ئۆينىڭ قولىغا ئايلىنىپ قالغان جاپاكەش ئانا ئىدى. ناخشىنىڭ ئاساسىي مېلودىيىسىمۇ ھەسرەتلىك مەدھىيە بىلەن يۇغۇرۇلغان بولۇپ، MTVدە پەقەت ناخشىچىنىڭ جاپاكەش ئانىغا بولغان مىننەتدارلىقى ئىپادىلىنىدۇ. بولۇپمۇ MTVدىكى باش قەھرىمانىنىڭ ھاياتلىق خاتىمىسى« غېرىبانە جان ئانام يۈرىكىمدە ساقلاقلىق» دېگەن مىسرالار بىلەن ئادەمنى ئۈمىدسىزلىك ئىچىگە باشلاپ كىرىدۇ.

پۈتكۈل ناخشىدا بەردەم يىگىت ئۆزىنى مېگىبىر جاپا - مۇشەققەتتە بېقىپ چوڭ قىلغان ئانىسىنى ئەسلەيدۇ، ئانىغا مېھىر

ئاغدىن - باغدىن

ـ مۇھەببەت بىلەن مەدھىيىلەر ئوقۇيدۇ. ھالبۇكى، ناخشىغا سىڭدۈرۈلگەن لىرىك كولمىناتسىيىسى ئانىنى مۇشەققەت قوينىدىن قۇتۇلدۇرۇشقا ئەمەس، قانداقتۇر «ئۇچۇپ باراي يېنىڭغا بولۇپ سۇنماس قاناتلىق، غېرىب ئانام سىيمايىڭ يۈرىكىمدە ساقلاقلىق» دېگەن مىسرالار ئارقىلىق، ناخشىچىنىڭ يۈرىكىدىكى مەرھۇملارغا ئاتالغان غايىۋى تۇيغۇلارغا مۇجەسسەملىشىدۇ.

بۇ يەردە ئاشۇ بەرنا يىگىتنىڭ ئۆز ئانىسىغا بولغان مېھىر ـ مۇھەببىتىنىڭ زادى قانچىلىك چوڭقۇر ئىكەنلىكىنى زىغىرلاپ ئولتۇرغۇم يوق؛ پەقەت، ئانىلارنىڭ جەبىر ـ جاپالىق ھاياتىنى مەدھىيىلەش زۆرۈرمۇ ـ يوق؟ دېگەن مەسىلە ئۈستىدىلا توختالماقچىمەن. مۇبادا بۇ سوئالغا «زۆرۈر» دەپ جاۋاب بەرسەك، ئۇ ھالدا بۇنىڭدىن شۇنداق يەكۈن چىقىرىش مۇمكىن: بۇ ھال جاپاكەش ئانائىنى جەبىر ـ كۈلپەتتىن قۇتقۇزۇپ، ئارامخۇدا كۈنگە ئىگە قىلىش ئويۇڭنىڭ يوقلۇقى، ئەكسىچە، ئۇنى قول كەسكۈدەك بولۇۋاتقان ئاشۇ غۇربەتچىلىككە شۈكۈر قىلغاندىن باشقا، ئاغزىدىكى ئەڭ ئاخىرقى لوقمىنىمۇ سەن ئۈچۈن ئاتاشقا دەۋەت قىلغىنىڭدىن بېشارەت؛ ئۇنىڭغا ئاتالغان قەسىدىلىرىڭ بولسا، ئۇنى ئاشۇ جەبىر ـ جاپالىرىنى داۋام ئېتىشكە دالالەت قىلغىنىڭ ئەلۋەتتە.

ئاچ ـ زېرىنلىقتا قورساقلىرى كوركىراپ كەتكەن ئانىنىڭ، يىغلىغىنىچە ئۆزىنى ئېتىپ پېشانىسىدىن سۆيگەن ۋە ئۆزىگە مەدھىيە ئوقۇغان ئوغلىنى باغرىغا باسقاندىكى ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا ئامالسىزمىز. بۇ ئېھتىمال جەڭچىنىڭ ۋەتەن ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلغىنىغا ئوخشاپ كەتسە كېرەك. چۈنكى ئانىنىڭ يۈرەك پارىسىغا ئاتالغان مېھىر ـ مۇھەببىتى بىر تۈرلۈك ئېپتىخارلىق تۇيغۇسىغا ئايلانغان بولىدۇ.

بىر يىگىتنىڭ «ئائىلىمىزدە ھۆرمەتلەشكە ئەرزىيدىغىنى ئانام بىلەن موماملا. چۈنكى ئۇلار ئائىلىمىز ئېغىر كۈنگە قالغان ئاشۇ زامانلاردا بىزدىن ئاشقانىنى يەپ تۇرۇپمۇ، ئېغىر ئىشلارنى ئەرلەردىن ئاشۇرۇپ قىلاتتى» دېگىنىنى ئاڭلىغانىدىم. مانا بۇ سۆزلەردىن يىگىتنىڭ ئۇلارنى مىننەتدارلىق بىلەن ماختاۋاتقانلىقى چىقىپ تۇرىدۇ.

بۇنى تىلغا ئېلىش ئارقىلىق شۇنداق دېمەكچىمەن: ئاچ ـ زېرىنلىق ۋە غېرىب ـ غۇرۋالىق ئاشۇ بىچارە ئانىلىرىمىزنى مىڭ ئۆلتۈرۈپ بىر تىرىلدۈرگەن، روزىغارنىڭ ئېغىرچىلىقلىرىنى ئەرلەر بىلەن تەڭ كۆتۈرۈپ تۇرۇپمۇ ھېچقانداق خۇۋلۇق كۆرمىگەن تۇرسا، ئۇنداق مەدھىيە ـ قەسىدىلىرىڭ پوققا ئەسقاتامتى؟ مۇشۇنى بىلىپ تۇرۇپ قەسىدە ئوقۇغىنىڭ، ئانىلارنى «ئۆلگىچە ئاشۇنداق جەبىر ـ كۈلپەت ئىچىدە ئۆتكەيسەن!» دېگەنلىك بولماي نېمە؟!

دېمىسىمۇ، جەبىر ـ جاپالار ۋە ھېرىپ ئۆلەي دەپقالسىمۇ بۇرنىدا يەر تىرەيدىغانلارنى مەدھىيىلەشكە خۇشتار خەقمىز. جۇملىدىن جېنىنى سېلىپ بېرىدىغان «ئەمگەكچان» لىقنى، ئالەمچە مۇشكۈلاتقىمۇ چىشىنى چىشلەپ بەرداشلىق بېرەلەيدىغان «چىدامچانلىق» نى، ھاردىم ـ تالدىم دېيىشنى بىلمەيدىغان، تاپا ـ تەنىلەرنى چۈشىقىغا ئېلىپ قويمايدىغان «قول مىجەز» لىكنى مەدھىيىلەيمىز. قىسقىسى، بۇنداق مەدھىيىلەشتىن مەقسەت ـ ئىلھام بېرىشتۇر. بىزدە ئەل ـ ئاۋام جەبىر ـ جاپاغا چىداپ ئۆتۈشكە دالالەت قىلىندۇ. «ئىنجىل» دا « جاپا ـ گۇناھى ـ كبىر، جەبىر ـ كۈلپەتنىڭ ئانىسىدۇر؛ بەندىلەر گۇناھى ـ كبىرلىرى ۋەجىدىن مىڭبىر كۈلپەتكە مۇپتىلادۇر» دېيىلىدۇ. گۇناھكار (جاپاكەش) كە رىغبەت بېرىلىپ، جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ ئۆتكۈچىلەرنى مەدھىيىلەيدىغان مىللەت جەبىر ـ كۈلپەتنى ھەق، دەپ بىلىدىغان جاپاكەشلەرنى، ئازاب ـ ئوقۇبەتنى شەرەپ بىلىدىغان ئانىلارنى كۆپەيتىۋېتىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، جەبىر ـ كۈلپەت ئىچىدە قۇربان بېرىش شان ـ شەرەپ ۋە شۆھرەت تۇيغۇسىنىڭ نۇر ـ شوللىرى ئىچىدە بارا ـ بارا گىرىمسەنلىشىپ بارىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىزگە بارلىق ئازاب ـ ئوقۇبەت ئۇلارنى ئاپىرىدە قىلغان كەلتۈرمىشلەر بىلەن قىلچە لوگىكىلىق باغلىنىشى يوق، ئەرزىمەس نەرسىدەك تۇيۇلىدۇ. نەتىجە ـ ئاقىۋەتتە جان ساقلاش ئۈچۈن ئات ـ ئېشەكتەك جاپا چېكىۋاتقان چاغلىرىمىزدا كىشىلەرنىڭ ئاغزىنىڭ ئۈچىدىلا دەپ قويغان ئىككى ئېغىز «ھۇششەررە» سىگە نائىل بولساق، بۇنداق شاپاق نەرقى شەرەپتىن، ئۆزىمىز تارتقان تالاي ـ تالاي جەبىر ـ كۈلپەتنىڭ يوقىنىڭ ئورنىدا بولسىمۇ مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەنلىكىنى ھېس قىلىپ بېشىمىز كۆككە يېتىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا بىزدەك جاپاكەشلەرنىڭ ئەجىر ـ مېھنىتى بەدىلىگە مەدھىيىلەنگەن «چوڭئام» لار بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ «ئەمگەكچان» دەپ ماختاپ قويسا، ھەم تۈگمەس مۇشكۈلاتلىرىمىز بەدىلىگە مىڭتەسلىكتە ئۆرە تۇرغان بالىلىرىمىز پەقەت چوڭقۇر ھېسسىياتى بىلەن «يۈرىكىمدە ساقلاقلىق» دېگەندەك ماختىشى بىلەن كۈيلەپ قويسا، شۇنىڭ بىلەن كۇپايىلىنىمىز. باشقىلار ئۈچۈن ئاتالغان مېھىر ـ مۇھەببەت مۆمىن پۇقرالار بىلەن ئانىلاردىنلا كېلىدۇ. خوش، ئۇنداق بولسا، مۆمىن پۇقرالار ۋە ئانىلارنىڭ مېھىر ـ مۇھەببىتىدىن پايدىلىنىشقا ئادەتلىنىپ كەتكەنلەرنى زادى نېمە دېگۈلۈك؟!

ھاسىلىكالام: ناۋادا قېرىنداشلىرىڭنى پۈتمەس ـ تۈگمەس جەبىر ـ كۈلپەتتىن قۇتۇلسۇن دېسەڭ، ئۇلار تارتىۋاتقان جاپا ـ مۇشەققەتلەرگە ئوقۇلىدىغان مەدھىيىلىرىڭنى توختات! چۈنكى، مەدھىيىنىڭ ئۆزى دالالەتنىڭ بېشارىتىدۇر. جاپاكەش قېرىنداشلىرىڭ يولۇقۇۋاتقان ئادالەتسىزلىكلەرنى ھەقىقىي تونۇۋالغۇڭ بولسا، ئۇنداقتا، قېرىنداشلىرىڭنى تۈگمەس جەبىر ـ جاپاغا ئۈندەيدىغان قەسىدىلىرىڭنى توختات! پىكىر ـ

خىيالىڭ ئۇلارنىڭ كۆلپەتلىك تۇرمۇشىنى ئۆزگەرتىپ، تۆلىگەن بەدەللىرىنىڭ ئورنىنى قانداق تولدۇرۇش نىشانىنى بويلىسۇن!

---

لۇي شىلىڭ قەلىمىدىكى بۇ فېلىيەتون«جۇڭگو ئىلىم- تېرپانى»نىڭ 2005-يىلى 30-ماي سانىدىن « فېلىيەتونلاردىن تاللانما»ژورنىلىنىڭ 2005-يىل ئاۋغۇست سانى(ئالدىنقى يېرىم ئايلىق)غا تاللاپ بېسىلغان . ئىلھامجان نىياز تەرجىمىسى. ئىلماچ: مارالبېشى ناھىيە مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ خادىمى

# دېھقانلار ھەققىدە دېيىلمىگەن راست گەپلەر

نۇرغۇن دېھقانىنىڭ گەپلىرىنى ئەقىل-پاراسەت تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان، پەلسەپىۋىلىكى كۈچلۈك ھەق گەپلەر دېيىشكە بولىدۇ. يېقىندا مەن بىر ئارالغا سەگىدەپ كېلىشكە بېرىپ بىر دېھقاننىڭ ئۆيىگە چۈشتۇم. ئۇ بوۋاي ماڭا مۇنداق دېگەنىدى:«شەھەر دېگەن ئۇ سىلەردەك شەھەرلىكلەرنىڭلا ماكانى؛ بىزدەك دېھقانلارنىڭ چىشى پاتمايدۇ. لېكىن سەھراچۇ؟ سەھرا بىزنىڭ، ھەم سىلەرگىمۇ تەئەللۇق.» مەن بوۋايدىن: «بۇ نېمە دېگەنلىرى» دەپ سورىدىم. بىراق بوۋاي ماڭا جاۋاپ بېرىشنىڭ ئورنىغا مەندىن ياندۇرۇپ سورىدى: «مىسالەن ئالايلى، سىز بۇ ئارالغا كەلگەندىن بۇيان ھەق تۆلەپ باقتىڭىزمۇ؟ سىزدىن بىرەرسى يول پۇلى ئېلىپ باقتىمۇ؟ ئۆيۈمدە تۇرغىنىڭىزغا سىزگە پۇل بەر دەپ ئېغىز ئېچىپ باقتىممۇ؟» مەن «ياق»دەپ بېشىمنى چايقىدىم.

— ھەببەللى! — دېدى بوۋاي، — بىراق بىز شەھەرلىكلەرگە بېرىپ قالغۇدەك بولساق ھەممىگە ھەق تۆلەيمىز. سىلەرنىڭ يوللىرىڭلارنى دۆلەت ياساتقانۇ، لېكىن بىزنىڭ ھارۋا، سوپەكلىرىمىزدىنمۇ يول پۇلى ئالىسىلەر؛ سەھرانىڭ يوللىرىنىچۇ؟ بىز ئۆزىمىز ياسىغان. لېكىن ھېچكىمگە يول پۇلى تۆلە دەپباقمىدۇق. بۇ پۇلنى زادى كىم تۆلىسە ھەق بولىدىكىنتاڭ! بۈگۈنكى شەھەرلەر سەھرالىقلارنىڭ مېھنەت تەرى بىلەن قەد كۆتۈرگەن. قىزىقتە، مانا ھازىر سەھرالىقلار شەھەرگە كىرىپ بىر-ئىككى كۈن تۇرۇپ قالىدىغان بولساق، ۋاي-ۋۇي، ئۇنداق پۇل، مۇنداق ھەق دېگەنلەر ئادەمنىڭ مېڭىسىنى قوچۇۋېتىدۇ. گۇلاڭ ئارىلىنى بىلىسىزغۇ! ئۇ ئارال دەل شيامېن شەھىرىنىڭ ئىچىدە بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇيەرگە بارغانلىكى ئادەمنىڭ ھەممىسى ئارالغا چىقىش پۇلى تۆلەيدۇ. بىزنىڭ بۇ يەرگە كېلىدىغانلارمۇ سامانىدەك، لېكىن ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىدىن ئارالغا چىقىش پۇلى ئالمايمىز.

ئالدىنقى يىلى يۇرتۇمغا بارغانىدىم. ئاشۇ مەھەللىلىك بىر بوۋاينىڭ گەپلىرى زادىلا ئېسىمدىن چىقمايدۇ. ئۇ مۇنداق دېگەنىدى: «دېھقاننىڭ ئىتچىلىكمۇ قەدرى يوقكەن دەپقالدىم. ئويلىماسەن، شەھەرلىكلەرنىڭ ئىتلىرى بەكمۇ ئەتىۋارلىقمىكەن، ئۇلار ئىتلىرى سەل-پەل سالپىيىپ قالسىمۇ ئۇنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىدىكەن. بىراق بىزچۇ؟ ئۆزىمىزنىڭ كېسىلىنى كۆرستىشكىمۇ قۇربىمىز يەتمەيدۇ. كانايغا يوق، سۇنايغا نەدە تۇرۇپتۇ؟ ئىتلىرىمىز ئاغرىسا ئۆلىدۇ، شۇ!» بوۋاي شەھەر ئىتلىرى بىلەن سەھرا ئىتلىرىنىڭ پەرقى، ئوچۇقراقىنى ئېيتقاندا سەھرا ئىتلىرىنىڭ تەقدىرى ھەققىدە بىر تالاي سۆزلىدى. نەق گەپنى قىلسام، ئۇنىڭ دېگەنلىرى شەھەرلىكلەر بىلەن سەھرالىقلار تۇرمۇشىنىڭ ئەينەن تەسۋىرى ئىدى. دۇرۇس، دېھقانلار مەكتەپ يۈزى كۆرمىگەن ياكى كۆرۈپ باققان بولسىمۇ ، جىقراق ئوقۇيالمىغان. لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن ئۇلارنى «ئويلاشنى، سۆزلەشنى ئۇقمايدۇ» دېگىلى بولمايدۇ-دە!

بىز شەھەرلىكلەر دېھقانلارنى سەۋىيىسى تۆۋەن، ساپاسىز دەپ بىلىمىز. شۇنداقتۇ! پەلپەتىش ئادەملەرگە «دېھقانغىلا ئوخشايدىكەن... سەندەك دېھقان مىجەز بىرنېمىگە ئاغزىمنى ئۇپراتقۇم يوق» دەپكېتىدىغانلىقىمىز راستقۇ! ئەمەلىيەتتە ئاشۇ گەپلىرىمىزنىڭ ۋەزنىنى ئوبدانراق دەڭسەپ باقىدىغانلا بولساق، ئۆزىمىزنىڭ بىز مەسخىرە قىلىدىغان ئاشۇ دېھقانلاردىن پەرقلىنىپ كەتمەيدىغانلىقىمىزنى ، بىزدىكى سۇپەت-ساپانىڭ نەزىرىمىزدىكى ئاشۇ«تومپاي»، «سەھرالىق» لىقلارنىڭكىگە ئوخشاش ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. شەھەردە ياشاۋاتقىنىمغا ئۇزۇن يىل بولدى. بۇ جەرياندا ئوبدان تەربىيە كۆرگەن بىزدەك شەھەرلىكلەرنىڭ سەھرا ۋە دېھقاننى تېخىچە تولۇق چۈشەنمىگەنلىكىمىزنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. دۇرۇس، بىز شەھەرلىكلەر كىتاب ئوقۇشنى بىلىدىغان ساپالىق خەق. لېكىن «سەھرا»نامىلىق بۇ كىتابنى دېگەندەك راۋان ئوقۇيالمايدىغانلىقىمىزدىن بەكمۇ ئەپسۇسلىنىمەن.

جۇ تېجى ئەپەندىنىڭ «دېھقانلار ھەققىدە» دېگەن ماقالىسىدە سام ئىسىملىك بىرەيلەن ھەققىدە سۆزلىگەنلىكى يادىمدا. ئۇ ماقالىدە دېيىلىشچە، ئاپتورنىڭ ئامېرىكىلىق ساۋاقدىشى ئۇنىڭدىن مۇنداق مەسىلىنى سوراپتۇ: بىز ئامېرىكىلىقلارنىڭ نەزىرىدە سىلەرنىڭ جۇڭگو يېزا ئىگىلىك دۆلىتى، يېزا نوپۇسى مەملىكەت ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 80پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، دېھقانلار ئۆزىدىن باشقا يەنە شەھەرلىكلەرنىمۇ باقىدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق دېھقاننىڭ قان-تەرى بەدىلىگە كۈن ئېلىۋاتقان شەھەرلىكلەر يەنە نېمىشقا دېھقاننى كەمسىتىدۇ؟ مەسخىرە قىلىدۇ؟

ئېلىمىزنىڭ شەھەر ۋە يېزىدىنلا ئىبارەت ئىككى ئامىللىق

ئىجتىمائىي تۈزۈلمىسى شەھەرلىكلەرنى ئاقسۆڭەكلەردەك ھال تارتىدىغان قىلىپ قويىدى. بەزىلەر «شەھەر دېگەن ھوقۇق دۆۋىسى»دەپ ئوچۇق ئېيتتى. مېنىڭچە، بۇ تەبىر نەق جايىغا چۈشكەن. مەسىلەن، ئالىي مائارىپتىن گەپ ئېچىپ باقايلى: 2001 ـ يىلى ئېلىپ بېرىلغان مەملىكەت نوپۇسىنى بەشىنچى قېتىملىق ئومۇميۈزلۈك ئېنىقلاشتا خۇلاسىلەنگەن سانلىق مەلۇماتلاردىن مۇنداق بىر جانلىق سېلىشتۇرمىنى يەكۈنلەش مۇمكىن: ئېلىمىزنىڭ مائارىپ بايلىقىنى ئون دانە ئالما دېسەك، ئاشۇ ئون دانە «ئالما»نى مەملىكەت بويىچە شەھەر ۋە يېزىدىن بولۇپ جەمئىي 14ئادەم بۆلۈشۈپ يېيىشى كېرەك. بۇ 14ئادەمنىڭ توققۇزى دېھقان ، بەشى شەھەرلىك. لېكىن ئەمەلىي تەقسىماتتا ھېلىقى بەش نەپەر شەھەرلىككە «ئالما»دىن يەتتىسى تېگىدۇ، ئۇلار بۇنى 1.4 دانىدىن بۆلۈشۈپ يېدى. لېكىن قالغان ئۈچ دانە «ئالما»نى توققۇز نەپەر سەھرالىقلار بۆلۈشىدۇ، ھەر بىرىگە 0.33 دانىدىن تەگدى. قىسقىسى، 1.4نى 0.33كە نىسبەتلەشتۈرۈش ئۇسۇلى بىلەن شۇنداق يەكۈن چىقىرىشقا بولىدۇكى، ئېلىمىزدىكى ھەر بىر شەخس نۇقتىسىدىن ئالغاندا شەھەرلىكلەرنىڭ ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇش پۇرسىتى، سەھرالىقلارغا نىسبەتەن بولىدىغان ئاشۇنداق پۇرسەتنىڭ تۆت ھەسسىسىگە باراۋەر كېلىدۇ. ھاسىلكالام، ئېلىمىزدە يىلىغا ئاجرىتىلىدىغان 80مىليارد يۈەنگە يېقىن ئالىي مائارىپ خىراجىتىنىڭ 64مىليارد يۈەندىن كۆپرەكى شەھەرلىكلەر ئۈچۈن خەجلىنىدۇ، دېگەن گەپ.

ناۋادا سەھرالىقلار «ساپاسى تۆۋەن»دەپ قارالسا، ئاشۇ «ساپاسى تۆۋەن» لىكنى ئېلىمىزدىكى مائارىپ تۈزۈلمىسىنىڭ كاشىلىسىدىن دېسەك ئېغىر كەتمەس؟ ھېلىقى دېھقاننىڭ دېگەنلىرىنى ئوبدان تەھلىل قىلىپ باقىدىغان بولساقمۇ شۇنى ھېس قىلماي قالمايمىزكى، بىز شەھەرلىكلەر ھازىرغىچە دېھقانلارنىڭ ناھايىتى نۇرغۇن رىزقىغا ئولتۇرۇپ كەتتۇق، لېكىن دېھقانلار بۇنىڭغا چىچاڭشىپ باققىنى يوق. بۇ ئەجەبا دېھقانلارنىڭ دۆرۈس ۋە كەڭ قورساق بەندىلەر ئىكەنلىكىدىن ئەمەسمۇ؟ بۇ ئەجەبا قۇربان بېرىشتىن ئايانمايدىغان ئۇلۇغۋار روھ ئەمەسمۇ؟!

---

خىۋاڭ چياۋجۇن قەلىمىدىكى بۇ يازما «مەدەنىيەت كۆزنىكى» ژۇرنىلىنىڭ 2006 ـ يىل 1 ـ سانىغا بېسىلغان. ئەنۋەر يۇنۇس تەرجىمىسى. تىلماچ: مارالبېشى ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە مۇئەللىم.

# پېشۋانىڭ ھۈنىرى

بىرەيلەن تولستويدىن چاقچاققا يۆلەپ سورىدى:

— سىز رومان يېزىشتىن باشقا يەنە نېمە ئىش قىلالايسىز؟

ئەينى چاغدا سورۇن ئەھلى بۇ چاقچاقنى سەل ئېشىپ كەتتى، دەپ ئويلىدى. يەنە كېلىپ تولستوي قولىدىن نۇرغۇن ئىش كېلىدىغان زات ئىدى. شۇنداق ئەمەسمۇ، تولستوينىڭ شۇنچە چوڭ قورۇقتىكى ھەرقانداق ئىشقا كامىل ئىكەنلىكى ھەممەيلەنگە ئايان ئىدى. شۇنداق بولمىسا ، ئۇ يۈزگە يېقىن يانچىنى لايىقىدا باشقۇرۇپ، ئىشقا سالالايتتىمۇ؟ ئىلگىرى رۇسىيىلىك بىر داڭلىق رەسسام «تولستوي يەر ھەيدىمەكتە» ناملىق مەشھۇر رەسىمنى سىزىپ چىققانىدى. ئۇ مۇشۇ رەسىم ئۈچۈن تويتوغرا ئۈچ ئاي سەرپ قىلغانىدى. چۈنكى ئۇ رەسسام ھەر كۈنى چۆرىسى چىتلانغان خەندەككە كىرىۋېلىپ تولستوينىڭ يەرھەيدىشىنى خۇپىيانە كۆزەتەتتى. چۈنكى تولستوي پورترېتىنى سىزدۇرۇشنى ياقتۇرمايتتى.

تولستوي ھەمىشە بالا ـ چاقىسىغا «ئۆزۈڭلارگە ئۆزۈڭلار ئىگە بولۇڭلار، ئۆزۈڭلار قىلالايدىغانلىكى ئىشنى ئۆزۈڭلار قىلىڭلار» دەپ ئۆگىتەتتى. ئۇ ھەر كۈنى تاڭ سەھەردە چانا بىلەن سۇ ئەكىلەتتى. ئۇنىڭ ئۆيىدىكى داستىخان، يېكەندازلارنىمۇ ئايالى سوفىيە ئاندىرېيېۋنا ئۆز قولى بىلەن توقۇغانىدى. تولستوي ئىلگىرى تونۇلغان ئوفىتسېرلاردىن ئىدى. ئۇ سۋاستوپولنى قوغداش ئۇرۇشىدا بىر روتىغا قوماندانلىق قىلىپ نۇسرەت قازانغاچقا « تۆتىنچى دەرىجىلىك تۆھپە مېدالى»غا ئېرىشكەنىدى.

يېشى 60لارغا بېرىپ قالغان تولستوي شۇ چاغدا چاقچاق قىلغان ھېلىقى دوستىغا چىش يېرىپ بىرنېمە دېمەيلا ئۆيىگە يېنىپ كەلدى ـ دە ئۆز ئىشىغا ئالدىراش كىرىشىپ كەتتى.ئۇنىڭ «سېخ»ى كىتابخانىسىنىڭ يېنىدا بولۇپ، ئوتتۇرىدىكى يوغان شىرەدە بولقا، ئامبۇر، ھەرە، ئىسكەك قاتارلىق ئەسۋابلار بار ئىدى: تامدا ئىش قىلغاندا تارتىدىغان پەشتاما ئېسىقلىق تۇراتتى. تولستوي ھېلىقى گەپدان دوستى ئويلىغاندەك ئۇنچىۋالا بولۇمسىز ئەمەسلىكىنى، قولىدىن ئاز ـ تولا ئىش كېلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن سىپتا ھەم پۇختا قىلىپ بىر پار ئۆتۈك تىكىپ، ئۇنى چوڭ كۈيئوغلىغا سوۋغا قىلدى.

ئەمما، قىيناتىسى سوۋغا قىلغان بۇ قىممەتلىك ئۆتۈكنى كىيىشكە كۆزى قىيمىغان كۈيئوغۇل ئۆتۈكنى ئاپىرىپ كىتاب ئىشكاپىغا تىزىپ قويىدى. شۇ مەزگىللەردە تولستوي ئەسەرلىرىنىڭ 12 ـ تومى نەشردىن چىققانىدى. تولستوينىڭ كۈيئوغلى كىتاب ئىشكاپىدىكى ھېلىقى ئۆتۈكنىڭ ئاستىغا «تولستوي ئەسەرلىرى — 13 ـ توم» دەپ يېزىپ قويىدى. بۇ

ئىش دەرىجىدە كىشىلەرنىڭ ئاغزىدىن چۈشمەيدىغان قىزىق پاراڭ تېمىسىغا ئايلاندى. تولستوي بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كۈلۈپ تۇرۇپ: «ئەسەرلىرىمنىڭ بۇ تومىنى ئۆزۈممۇ ئىنتايىن ياقتۇرىمەن» دېگەنىدى.

تولستوي شۇ خۇشاللىقىدا يەنە بىر پار ئۆتۈك تىكىپ يېقىن دوستى، شائىر فېتقا سوۋغا قىلدى. بۇنى كۆرگەن فېتنىڭ يادىغا شۇ ھامان بىر ئوي كەلدى. ئۇ يېنىدىن دەرھال ئالتە رۇبلى چىقىرىپ تولستويغا بەردى ۋە «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق»ناملىق رومانىنىڭ ئاپتورى لېۋ نىكولايېۋىچ تولستوي ئەپەندىنىڭ ھاۋالىسىگە بىنائەن بىر پار قېلىن چەملىك ، پاكار پاشنىلىق ، يۇمىلاق قونچلۇق ئۆتۈك تىكىپ، بۇ يىل 8-يانۋاردا ئۆيۈمگە ئەكەلدى؛ ئەپەندى بۇنىڭ ھېسابىغا ئالتە رۇبلى بەردىم. بۇ ئۆتۈك ئىنتايىن سىپتا تىكىلگەچ، ئەپەندى ئەتىدىن باشلاپ كىيىمەن» دەپ ھۆججەت يېزىپ، ئۇنىڭغا ئىمزاسىنى قويۇپ، تامغىسىنى باستى.

ھۈنەر — روھىيەتنىڭ بەلگىسى، ئىش-ھەرىكەت — ئوي-پىكرنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئەينەك. ھازىرقى ياشلار جىسمانىي ئەمگەككە ئۆچ بولغاچقا ، ھۈنەر ئۆگىنىشكە قىزىقمايدۇ. ئۇلار مەيلى ئوقۇشقا قىزىقسۇن-قىزىقمىسۇن، ئوقۇيالىسۇن-ئوقۇيالمىسۇن، ھەرىلەر كۆنەككە ئولاشقاندەك ئالىي مەكتەپكە كىرىۋالىدۇ. بۇ ھال چىخوفنىڭ «ئالىي مەكتەپ ھەرخىل قابىلىيەتنى يېتىلدۈرىدۇ، ھاماقەتلىكمۇ شۇنىڭ ئىچىدە» دېگەن سۆزىنى ئەمەلدە كۆرسەتمەكتە.

تولستوي «پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ پەخرى»دەپ تەرىپلىنىدۇ. ئۇنىڭ بارلىق ئەسىرى 90توم قىلىپ نەشر قىلىنغان بولۇپ، ئۇ «ھەربىر يازغۇچىنىڭ زۆرۈر ئوقۇشلۇقى»، «ئەدەبىيات-سەنئەت بابىدىكى ئالەمشۇمۇل مەكتەپ» سانىلىدۇ. قىسقىسى، تولستوينىڭ ئەسەرلىرى قىممەتلىك مەنىۋى بايلىق سۈپىتىدە جاھان ئەھلىنىڭ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرماقتا. تولستوي نەق ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدىن بولغاچقا ، ئۆزىمۇ ھازىرقىلار ھەۋەس قىلىدىغان «مەنىۋى ئاقسۆڭەك»لەردىن بولۇپ چىقىشقا تامامەن ھەقلىق ئىدى. ھالبۇكى، تولستوينى ئەڭ يىرگەندۈرىدىغىنىمۇ دەل مۇشۇ خىل «ئاقسۆڭەكلىك ئېڭى»ئىدى.

لېنىن ئۆز ۋاقتىدا: «تولستويدىن ئىلگىرىكى ئەدەبىياتتا ھەقىقىي دېھقان يوق ئىدى» دېگەنىدى. تولستوي ئۆزىلىكىدىكى يانچىلارنى دۆلەت قۇللۇق تۈزۈمىنى بىكار قىلىشتىن تۆت يىل مۇقەددەم ئازاد قىلىۋەتكەنىدى. ئۇ ھەتتا ئىلكىدىكى يەر-زېمىننى دېھقانلارغا بۆلۈپ بېرىشنى ئۆزۈندىن بېرى ئويلاپ كەلگەنىدى. ئۇ يەنە ئۆز ئەسەرلىرىنى خالىغان كىشىنىڭ نەشر قىلدۇرۇشىغىمۇ يول قويغانىدى. ھەتتا، ئۇنىڭ قەلەم ھەققىنى تەلەپ قىلماسلىقى ئۆيىدىكىلىرى بىلەن نەچچە قېتىم ئازارلىشىپ قېلىشقا سەۋەبچى بولدى. تولستوي 82يېشىدا ئۆز كۆچىگە تايىنىپ ياشاش ئۈچۈن ئۆيىدىن ئايرىلىپ، ئاخىرقى ئۆمرىنى ئاددىي ئەمگەكچىلەر ئارىسىدا ئۆتكۈزدى.

ئۇ كۆز يۇمۇش ئالدىدىمۇ: «ئەمگەكتىن كېلىدىغان ھەقىقىي بەخت، پەقەت تەرلەپ-پىشىپ ئەمگەك قىلغان چېغىڭدىلا ئاندىن ئايان بولىدۇ» دېگەنىدى. بىر قېتىم تولستوي پىرىستاندا كېتىۋاتسا بىر ئېسىلزادە خېنىم ئۇنى توۋلاپ، يۈك-تاقلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ بەرسە بەش كوپېك بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. تولستوي خۇشاللىق بىلەن ئۇنىڭ يۈك-تاقلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ بېرىپتۇ. دەل مۇشۇ چاغدا بىرەيلەن تولستوينى تونۇپ قاپتۇ.(ئۇنى ئۆزى لايىھەلەپ تىككەن تولستوي كۆڭلىكى ۋە مەيدىسىگە چۈشكەن ساقىلىدىن ئاسانلا تونۇۋالغىلى بولاتتى). شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئولىشىپ كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن سالاملىشىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ھېلىقى ئېسىلزادە خېنىم نومۇستىن ئۆزىنى قويىدىغانغا يەر تاپالماي، ئۆزى بەرگەن ھېلىقى بەش كوپېكنى قايتۇرۇۋالماقچى بوپتۇ. ئەمما تولستوي: «بۇ مېنىڭ ئىشلەپ تاپقان پۇلۇم، مەيلى قانچىلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بۇ پۇل مەن ئۈچۈن يەنىلا قىممەتلىك» دەپتۇ.

شۇنداق، ئۇلۇغ روھ ھامان ئەمگەكتىن تۇغۇلىدۇ، جاپالىق ئەمگەك سۇنماس روھنى يېتىلدۈرىدۇ. بۈيۈك يازغۇچى تولستوي ئۆزىنىڭ پۈتۈنسۇرۇك ھاياتى بىلەن شۇنى ئىسپاتلىدىكى، جىسمانىي ئەمگەك بىباھادۇر؛ ئەمگەك ۋە ھۈنەرنى مەنسىتمەسلىكنىڭ ئۆزى روھىي زەئىپلىك ۋە ئەقلىي چولتىلىقنىڭ ئىپادىسىدۇر.

---

جياڭ زىلۇڭ قەلىمىدىكى بۇ يازما «بۈگۈنكى كەچلىك گېزىت»نىڭ 2008-يىل 1-مارت سانىدىن«ئوقۇرمەنلەر» ژۇرنىلىنىڭ 2008-يىل 9-سانىغا تاللاپ بېسىلغان. ئىسمائىل يۈسۈپ تەرجىمىسى . ئىلماچ: غۇلجا شەھىرى تۆپىدەڭ ئارقا كوچا 132-نومۇرلۇق قورۇدا، شەھەر يۇقىراسى

# تەڭرىنىڭ سورايدىغانلىرى...

تەڭرى قانداق داڭلىق پىكاپ ھەيدىگەنلىكىڭىزنى ئەمەس، قېرىنداشلىرىڭىزدىن قانچىنى پىكاپىڭىزغا سىلىۋالغىنىڭىزنى سورايدۇ.

تەڭرى ئۆيىڭىزنىڭ چوڭلۇقىنى ئەمەس، غېرىب-غۇرۋادىن نەچچىنى ئۆيىڭىزدە تۇرغۇزغانلىقىڭىزنى سورايدۇ.

تەڭرى كىيىملىرىڭىزنىڭ ئېسىللىكى ۋە سانىنى ئەمەس، زىمىستاندا قالغان قانچە بىچارىگە كىيىم بەرگىنىڭىزنى سورايدۇ.

www.uyghurkitap.com

تەگرى مەنسىپىڭنىڭ دەرىجىسىنى ئەمەس، رېئاللىقتىكى ئىش ـ ئەمەللىرىڭنىڭ قىممىتىنى سورايدۇ.

تەگرى دەپىنە ـ دۇنيالىرىڭنىڭ سانىنى ئەمەس، ئۇ مال ـ دۇنيالىرىڭنىڭ قولىغا ئايلىنىپ قالغان ـ قالمىغانلىقىڭنى سورايدۇ.

تەگرى تاپاۋىتىڭنىڭ قانچىلىكلىكىنى ئەمەس، ئۇنىڭ ئادەمىيلىكىڭنى سېتىش بەدىلىگە كەلگەن ـ كەلمىگەنلىكىنى سورايدۇ.

تەگرى خىزمىتىڭنىڭ ھۆددىسىدىن چىققان ـ چىقمىغانلىقىڭنى ئەمەس، خىزمەتكە قانچىلىك جان كۆيدۈرگەنلىكىڭنى سورايدۇ.

تەگرى قانچە ئىلمىي ئۇنۋانىڭ بارلىقىنى ئەمەس، ئاشۇ ئۇنۋانلىرىڭ ئۈچۈن قانچىلىك ئادەمدىن مىننەتدار بولغىنىڭنى سورايدۇ.

تەگرى ئاتا ـ ئاناڭنىڭ ساڭا قانچىلىك ئىش قىلىپ بەرگىنىنى ئەمەس، ئاتا ـ ئاناڭ ئۈچۈن نېمە ئىش قىلىپ بەرگىنىڭنى سورايدۇ.

تەگرى ئۆزۈڭ ئۈچۈن قانچىلىك كاللا قاتۇرغىنىڭنى ئەمەس، باشقىلار ئۈچۈن قانچىلىك تەر تۆككىنىڭنى سورايدۇ.

تەگرى دوستلىرىڭنىڭ سانىنى ئەمەس، قانچە ئادەمنىڭ دوستى ئىكەنلىكىڭنى سورايدۇ.

تەگرى ئۆز مەنپەئىتىڭنى قانداق قوغدىغىنىڭنى ئەمەس، باشقىلارنىڭ مەنپەئىتىنى قانداق قوغدىغىنىڭنى سورايدۇ.

تەگرى قوشناڭنىڭ قانداق ئادەملىكىنى ئەمەس، قوشناڭغا قانداق مۇئامىلىدە بولغانلىقىڭنى سورايدۇ.

تەگرى قانچە قېتىم راست گەپ قىلغىنىڭنى ئەمەس، قانچە قېتىم يالغان سۆزلىگىنىڭنى سورايدۇ.

تەگرى چىراي ـ تۇرقۇڭنى ئەمەس، ئەخلاق ـ پەزىلىتىڭنىڭ قانداقلىقىنى سورايدۇ.

---

جېك يەن ئىمزاسىدىكى بۇ يازما «لياۋنىڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 2008 ـ يىل 11 ـ سانىدىن «فېلىيەتونلار ئايلىق ژۇرنىلى»نىڭ 2008 ـ يىل ئۆكتەبىر سانى( كېيىنكى يېرىم ئايلىق)غا تاللاپ بېسىلغان. ئەلجان تۇرسۇن تەرجىمىسى.

تىلماچ: يېڭىشەھەر ناھىيە ئارال يېزا ئوتتۇرا مەكتەپتە مۇئەللىم

# بىر قېتىملىق جانلىق دەرس

«گىگانت يىل» گۇرۇھى ئامېرىكىدىكى داڭلىق كارخانا بولۇپ، باش شتابى نيۇ ـ يورك شەھىرى مانخاتتون كوچىسىغا جايلاشقان 70نەچچە قەۋەتلىك بىنادا ئىدى. بىنانىڭ ئەتراپىنى بۈك ـ باراقسان گۈللۈك ۋە ياپيېشىل چىملىق ئوراپ تۇراتتى. بۇ ھال، يەر بىباھا ھېسابلىنىدىغان بۇ زېمىندا، مەزكۇر گۇرۇھنىڭ ئۆزگىچە قۇدرىتىنى نامايان قىلىپ تۇراتتى.

بىر كۈنى 12 ـ 13ياشلار چامىسىدىكى ئوغۇل بالىنى ئەگەشتۈرگەن 40ياشلىق بىر ئايال بۇ بىنا ئالدىدىكى چىملىقتا قويۇلغان ئورۇندۇقتا كېلىپ ئولتۇردى. بۇ خانىم يېنىدىكى بالىغا زەردە بىلەن بىرنېمىلەرنى دەۋاتاتتى.

بۇ ئىككىيلەنگە يېقىنلا يەردە چاچلىرى ئۈچتەك ئاقارغان 60 ـ 70ياشلار چامىسىدىكى بوۋاي يوغان قايچا بىلەن گۈللۈكنىڭ چۆرىسىدىكى يېشىل چىتلاقنى قايچىلاپ تەكشىلەۋاتاتتى. تەكشىلەنگەن چىتلاق بىرەر مېتىرچە ئېگىزلىكتە بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستى يېشىل ئەينەكتەك تەكشى ئىدى.

خانىم سومكىسىدىن تۇيۇقسىزلا بىر پارچە قول قەغىزىنى چىقىرىپ، لېۋىنى سۈرتكەندىن كېيىن يەرگە تاشلىدى. تاشلىۋېتىلگەن قول قەغىزى دەل بايىلا قايچىلانغان تەكشى چىتلاقنىڭ ئۈستىگە چۈشتى. بۇ تاشلاندۇق قەغەز ياپيېشىل چىتلاقنىڭ ئۈستىدە مانامەن دەپ كۆزگە پۇتلىشىپ تۇراتتى. بۇنى كۆرگەن بوۋاي خانىمغا قارىدى. خانىممۇ گويا ھېچ ئىش بولمىغاندەك بوۋايغا سوئاللىق نەزەردە قارىدى. بوۋاي گەپ قىلماي بېرىپ تاشلاندۇق قەغەزنى ئالدىدە، يان تەرەپتىكى ئەخلەت چېلەكگە ئاپىرىپ تاشلىدى.

بوۋاي قايتىپ كېلىپ قايچىسىنى يەنە ئېلىپ ئىشنى داۋاملاشتۇردى. ئويلىمىغان يەردىن خانىم بايىقىغا ئوخشاشلا لېۋىنى سۈرتكەن قەغەزنى چىتلاقنىڭ ئۈستىگە يەنە تاشلىدى. بۇنى كۆرگەن بالا خانىمدىن: «ئاپا، بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟» دەپ سورىدى. خانىم بالىسىغا «گەپ قىلما» دېگەن مەنىدە ئىشارەت قىلدى.

بوۋاي يەنە ئىنىڭ قىلماستىن تاشلاندۇق قەغەزنى چىتلاقنىڭ ئۈستىدىن يەنە ئېلىپ، ئەخلەت چېلەكگە تاشلىدى ۋە قايچىنى قولىغا ئەمدىلا ئېلىپ تۇرۇشىغا خانىم تاشلىغان ئۈچىنچى پارچە قول قەغىزى بوۋاينىڭ ئالدىدىكى چىتلاقنىڭ ئۈستىگە چۈشتى.

بوۋاي ئېرىنمەي كېلىپ تاشلاندۇق قەغەزنىمۇ ئالدى ـ دە، ئاپىرىپ ئەخلەت چېلەكگە تاشلىدى. ئەمما ئۇنىڭ چىرايىدا قىلچىمۇ نارازىلىق ئالامەتلىرى كۆرۈنمەيتتى.

ــ كۆرگەنسەن! ـ دېدى خانىم ئوغلىغا بوۋاينى ئىما

قىلىپ تۇرۇپ، ــ كايىشلىرىمنى چۈشەنگىن، بالام. ھازىردىن باشلاپ ياخشى ئوقۇمساڭ مۇشۇ قەبرى مەدىكارىدەك كۈنلۈكنى كۈندە تېپىپ يەيدىغان يارامسىز ئادەم بوپقالىسەن!

ئەسلىدە بۇ خانىمنىڭ ئوغلى دېگەندەك ياخشى ئوقۇمايتتى. بۇنىڭغا تىت ـ تىت بولغان ئانا كۆز ئالدىدىكى بۇ «قەبرى مەدىكار»نى مىسال قىلىپ، ئوغلىغا تەنبىھ بەرمەكچى بولغانىدى.

بوۋايمۇ خانىمنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ تۇرغانىدى. ئۇ، قايچىسىنى قويۇپ قويۇپ ئانا ـ بالا ئىككىسىنىڭ قېشىغا كەلدى ۋە، ــ خانىم، بۇ، گۇرۇھىمىزنىڭ خاس گۈللۈكى، شۇڭا گۈللۈككە پەقەت گۇرۇھىمىزنىڭ خىزمەتچىلىرىلا كىرىپ ئولتۇرىدۇ، ــ دېدى.

ــ ئەلۋەتتە شۇنداق. مەن «گىگانت پىل» گۇرۇھى قارىمىقىدىكى بىر تارماق شىركەتنىڭ دىرېكتورى بولىمەن، ــ دېدى خانىم ۋە يېنىدىن بىر پارچە گۇۋاھنامىنى چىقىرىپ بوۋايغا مەغرۇر سۇندى.

ــ يانفونىڭىزنى ئىشلىتىشۋالسام بولامدۇ؟ ــ دەپ سورىدى بوۋاي تۇيۇقسىزلا. خانىم يانفوننى چىقىرىپ بوۋايغا خالار ـ خالىماي دېگەندەك ئۇزاتتى. ئاندىن يەنە ئوغلىغا قاراپ بايىقى گېپىنى داۋام ئەتتى:

ــ كۆردۈڭمۇ بۇ يالاڭتۆشنى، شۇنچە ياشقا كىرىپمۇ يانفون ئىشلىتىشقا چىقىنالماپتۇ. ئوبدان ئوقۇمساڭ ئۇنىڭ كۈنىگە قالىسەن!

بوۋاي سۆزلىشىپ بولغاندىن كېيىن يانفوننى خانىمغا ئەدەپ بىلەن قايتۇرۇپ بەردى. ھايال ئۆتمەي بىر ئېيلەن ئالدىراپ ـ تېنەپ يۈگۈرۈپ دېگەندەك كەلدىدە، بوۋاينىڭ ئالدىدا تىك تۇردى. بوۋاي ئۇنىڭغا، ــ مەن ھازىر سىزگە بۇ خانىمنىڭ «گىگانت پىل» گۇرۇھىدىكى ۋەزىپىسىنى ئېلىپ تاشلاش تەكلىپىنى بېرىمەن، ــ دېدى.

ــ خوپ، تەكلىپىڭىزنى ھازىرلا بەجا كەلتۈرەي، ــ دېدى ھېلىقى كىشى بوۋايغا.

خانىم بۇنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى. بايا يۈگۈرۈپ چىققان كىشىنى تونۇيتتى. ئۇ دەل «گىگانت پىل» گۇرۇھىدا خادىملارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇشقا مەسئۇل ئالىي باشقۇرغۇچى ئىدى. ئۇنىڭ بىر ئېغىز سۆزى بىلەن بۇ خانىمنىڭ دىرېكتورلۇق ۋەزىپىسىنى ئېلىپ تاشلىغىلى بولاتتى.

ــ سىز... سىز بۇ قەبرى مەدىكارنى نېمانچە ھۆرمەتلەيسىز؟ ــ دەپ سورىدى بۇنىڭدىن ئەجەبلەنگەن خانىم ئالىي باشقۇرغۇچىنى يېڭىدىن تارتىپ تۇرۇپ.

ــ نېمە؟ قەبرى مەدىكار؟ ئۇ دېگەن گۇرۇھىمىزنىڭ باش لېدىرى جامۇس ئەپەندى بولىدۇ، ــ دەپ چۈشەندۈردى ئۇ.

خانىم پەرىشانلىقتىن لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى. ئادەتتە بۇ خانىمغا ئوخشاش دەرىجىدىكى دىرېكتورلارنىڭ باش لېدىرنى ئۇچرىتىش پۇرسىتى يوق دېيەرلىك ئىدى. ئاڭغىچە بوۋاي ھېلىقى بالىنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ:

ــ «پانىي دۇنيادا ھەممىدىن مۇھىم بولغىنى، دەل باشقىلارنى ھۆرمەت قىلىش ئىكەنلىكىنى ئۆگىنىۋالغىن ، بالام!»دېدى.

---

لىيوڭۇنلىيالىڭ قەلىمىدىكى بۇ يازما «بازار گېزىتى»دىن «ياشلار مەجمۇئەسى» ژۇرنىلىنىڭ 2003 ـ يىل 12 ـ سانىغا تاللاپ بېسىلغان. ئەنۋەر ئەبەيدۇللا تەرجىمىسى. تىلماچ: كۇچا ناھىيە ماتارىپ ئىدارىسىنىڭ خادىمى

# ئەقىل ـ پاراسەتتىن دۇردانىلەر

## دۇردانىلەر

▲ ئەڭ ئېغىر يۈك ــ قۇرۇق يانچۇق.

▲ كېپەننىڭ يانچۇقى بولماس.

▲ «سەھرايىقىيامەت»تىن ياراملىق ئوغلان چىقىدۇ.

▲ غەزەپ ـ نەپرەت ــ نىيىتى قارا مەسلىھەتچىدۇر.

▲ بىر ئېغىز يالغاننى يېپىش ئۈچۈن يۈز ئېغىز يالغان كېرەكتۇر.

## چاقناق پىكىرلەر

▲ بۇ دۇنيا ئالغۇچى ۋە بەرگۈچىدىن ئىبارەت ئىككى خىل ئادەم بىلەنلا تولغانكى، ئالدىنقىسى بەھۇزۇر يەيدۇ، كېيىنكىسى بولسا ئۇيقۇدىن بىدار يىلاندەك تولغىنىدۇ.

▲ نۇھ ئەلەيھىسسالام خاسىيەتلىك كېمىنى توپان بالاسى كېلىشنىڭ ئالدىدا ياسىغانىكەندۇق.

▲ ھاياتلىق زۇلمەت ۋە تۇمان ئىچىدە، ئادەت بولسا يوسۇن تەرتىپلىرى ئىچىدە بارلىققا كېلىدۇ.

▲ ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىڭنىڭ تىزىملىكى بەجايىكى سايەڭ كەبى، ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئۇزىراپ بارىدۇ.

▲ مۇھەببەت ئوتقا، جۇدالىق شامالغا ئوخشايدۇ. چۈنكى شامال گۇرۇلدەپ كۆيۈۋاتقان ئوتنى ئاسمانپەلەك ئۆلغايتقىنى

بىلەن، ئەمدىلا تۇتاشقان ئۇچقۇنى ئۆچۈرۈپ تاشلايدۇ.

▲ ئەرلەر دەپىنە ـ دۇنياسى، ئاياللار كىرسىز ئۆتمۈشى بىلەن جەلپكاردۇر.

▲ تۆشۈكنىڭ ئاغزىغا بىرىۋالغان چاشقان مۈشۈكنى مازاق قىلىشقا پېتىنالايدۇ.

▲ ساڭا چوقۇنىدىغانلار كۆزۈڭگە چىرايلىق كۆرۈنگىنى بىلەن، سېنى چوقۇندۇرغانلارغا چىن كۆڭلۈڭدىن مايىل بولالىشىڭ ناتايىن.

▲ جاھاندارچىلىقتا ئۆينىڭ ئېسىلىنى ئەمەس، قوشنىنىڭ ئوبدىنىنى تاللا.

### مۇۋەپپەقىيەت دەرۋازىسى

▲ مۇۋەپپەقىيەت دەرۋازىسىغا «ئىتتىرىڭ» دېگەن خەت يېزىلغان. مۇشكۇلاتتا قالغان چاغلىرىڭدا قىيىنچىلىقنى يەڭگىللىتىشكە زورۇقماي، ئۆزۈڭنى كۈچەيتىشنىڭ ئامالىنى ئىزدە.

▲ مۇشتنى ھەرزامان چىڭ تۈگۈۋالىدىغانلار، پۇرسەتلەرنى قولدىن بېرىپ قويىدۇ.

▲ قېرىلىق سۆيگۈ ـ مۇھەببەتنى توسۇپ قالالمايدۇ؛ ئەكسىچە، سۆيگۈ ـ مۇھەببەت قېرىلىقنى توسۇپ قالالايدۇ.

▲ كىشىلەرنى، ھەتتا نۇرغۇن كىشىنى ئالدىيالىغىنىڭ بىلەن، جاھان ئەھلىنى ئەبەدىي ئالدىيالىشىڭ مۇمكىن ئەمەستۇر.

▲ مۇسابىقىدە ئۇتالمىغانىكەنسەن، ئۇنداقتا، ئالدىڭدىكى ئادەمنىڭ رېكورت يارىتىشىغا يول قوي.

### يۇنان ئەقلىيىلىرىدىن

▲ غەزەپلىنىش ــ ماختاشقا ئەرزىگۈدەك ئىش. ئەمما غەزەپلىرىڭ توغرا كەلگەن سورۇندا، مۇۋاپىق پەيتتە، ئوبيېكتقا كۆرە مۇۋاپىق ئۇسۇل بىلەن، ھەققانىيەت سەۋەبلىك بولسۇن.

ــ ئارستوتېل

▲ بىراۋنىڭ سەممىمي قەسەملىرىنى ئاڭلاپلا ئىشىنىپ كەتمە، بەلكى قەسەملىرىنىڭ چىن ياكى ئەمەسلىكىنى سەممىيىتىدىن بىل.

ــ ئىسكۇروس

▲ ئىنسانلار بىر ـ بىرىمىزگە ھەمدەم بولۇشنى ئۇدۇم قىلغىنىمىزدا، «تەلەي» ئاتلىق مەھبۇبقا موھتاج بولماس ئىدۇق.

ــ مېنئاند

▲ لەۋزىڭ ــ ھەرىكىتىڭنىڭ سايىسىدۇر.

ــ دېموكرېت

▲ لەۋزىڭنىڭ ھالاللىقى ــ ھۆرلىكىڭنىڭ بەلگىسىدۇر.

ــ مېنئاند

---

«يەرشارى ۋاقىت گېزىتى»نىڭ 2005 ـ يىل 2 ـ فېۋرال سانىدىن مامۇتجان نۇرمۇھەممەت تەرجىمىسى. تىلماچ: ج ك پ كونا شەھەر ناھىيە ئاققاش يېزىلىق كومىتېتىنىڭ خادىمى

# ئىككى فېلىيەتون

## بىر رەستىكە تېز سىزما

بۇ ئەزەلدىنلا ئاشۇنداق قايناق رەستە ئىدى. رەستىدىكى قاۋاقخانا پەردازخانا(ئۇۋۇلاش ــ ئۇچا تۇتۇش ئورنى)غا، پەردازخانا خۇسۇسىي شىپاخانىغا، شىپاخانا بولسا گۈلچەمبىرەك (ئاخىرەتلىك بۇيۇملىرى) دۇكىنىغا قوشنا ئىدى. ئادەتتە، گۈلچەمبىرەك دۇكىنىنىڭ سودىسى باشقىلارنىڭكىگە قارىغاندا كاسات كۆرۈنەتتى. ئەمما، گۈلچەمبىرەك دۇكىنى خوجايىنىنىڭ كۆڭلى نېمىشقىدۇر توق ئىدى. چۈنكى ئۇ قاۋاقخانا بىلەن پەردازخانىغا پات ـ پاتلا كىرىپ تۇرىدىغانلارنىڭ كۈنلەرنىڭ بىرىدە خۇسۇسىي شىپاخانىغا كىلىدىغانلىقىنى، ئاخىرىدا گۈلچەمبىرەك دۇكىنىغا يانچۇقىدىكىنى بىراقلا تۆكىدىغانلىقىنى بىلەتتى.

---

ۋۇ زۇۋاڭ قەلىمىدىكى بۇ قىسقا فېلىيەتون «فېلىيەتونلار ئايلىق ژۇرنىلى»نىڭ 2008 ـ يىل سېنتەبىر سانى (ئالدىنقى يېرىم ئايلىق)غا بېسىلغان.

## نۇتۇق ۋە ھەزىل

**1**

باشلىق سەھنىدە سۆزلەۋېتىپ، يىغىن ئەھلىدىن بىرەيلەننىڭ ھىلىدىن ـ ھىلىغا بېشىنى لىڭشىتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. «گېپىمنىڭ تېگىگە يېتىدىغان سىرداشتىن بىرنى تاپتىم» دەپ ئويلىغان باشلىق، يىغىن تۈگىگەندىن كېيىن ئاتايىن ھېلىقى كىشىنى چاقىرتىپ كىلىپ ئۇنىڭغا:

ــ بايىقى گەپلىرىم قانداقراق بولدى؟ چۈشەنچىڭىزنى دەپباقسىڭىز!ــ دەپ سورىدى.

ــ ئاپلا، كەچۈرۈڭ باشلىق! ــ دېدى ھېلىقى كىشى دۇدۇقلاپ تۇرۇپ، ــ بايا ئولتۇرۇپ بولالماي بىرئاز مۈگدەپ قاپتىكەنمەن، شۇڭا ...

**2**

باشلىقنىڭ نۇتۇقى ئاياغلىشۇدى، گۈلدۇراس ئالقىش

سادالىرى زال ئىچىنى بىر ئالدى. بۇنىڭدىن ھاياجانلانغان باشلىق دەرھال سورىدى:

— يولداشلار، بەكمۇ ئۆزۈنلىچە چاۋاك چېلىپ كەتتىڭلارغۇ؟

— ھەرنېمە بولسا گېپىڭىزنى تۈگەتتىڭىز ئەمەسمۇ! — دېيىشتى يىغىن ئەھلى تەڭلا.

3

نۇتۇقنى باشلىشىغىلا ئاغزى ئېچىلىپ كۆزى يۇمۇلغان باشلىق نۇتۇقىغا جان-جەھلى بىلەن كىرىشىپ كەتكەچكە، زالدىكىلەرنىڭ بىر-بىرلەپ چىقىپ كەتكەنلىكىنىمۇ سەزمەي قالدى. باشلىق بىر چاغدا نۇتۇقنى تۈگىتىپ بېشىنى شۇنداق كۆتۈرۈۋىدى، زالدا بىرەيلەننىڭ ئۇنىڭغا قاراپ تىكىلىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇ بۇنىڭدىن سەل-پەل تەئەججۇپلەندىيۇ، ئەمما «بايا قىلغان گەپلىرىمنى ئىشقىلىپ بىر ئادەم بولسىمۇ ئاڭلاپتۇ» دەپ ئۆزىگە تەسەللى بەردى ۋە ھېلىقى كىشىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنىڭدىن سورىدى:

— سىز ئەجەب چىقىپ كەتمەپسىزغۇ؟

— مەن مۇشۇ زالنىڭ لاۋازىمى، — دېدى ھېلىقى كىشى، — زالنى قۇلۇپلىمىسام بولمايدۇ-دە؟!

---

*ماۋزۇلار ئۇيغۇرچە نەشر تەرجىمە مۇھەررىرى تەرىپىدىن قويۇلدى.

خۇ خەيجۈن قەلىمىدىكى بۇ فېلىيەتون «فېلىيەتونلار گېزىتى»نىڭ 2008-يىل 9-سېنتەبىر سانىغا بېسىلغان. سېيىت تىلىۋالدى تەرجىمىسى. تىلماچ: جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى ش ئۇ ئا ر شۆبىسىنىڭ خادىمى

# نىكاھ بەئەينى بىر ماشىنا

نۇرغۇن كىشى نىكاھنى بىر جۈپ ئاياغقا ئوخشىتىپ، «پۇتقا كەلگەن-كەلمىگەنلىكىنى پەقەت ئۇنى كىيگەن ئادەمنىڭ ئۆزىلا بىلىدۇ»دېيىشىدۇ. مېنىڭچە بولغاندا، نىكاھ بەئەينى بىر ماشىنىغا ئوخشايدۇ.

نىكاھ ھەقىقەتەن بىر ماشىنىغا ئوخشايدۇ. ئەمما ماشىنىلارنىڭ دەرىجىسى، باھاسى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ. ماشىنىغا ھاجىتى چۈشكەن كىشىمۇ ئۆزىنىڭ ھېس-ھەۋىسى، ئەھۋالىغا بېقىپ تاللاپ سېتىۋالىدۇ. بۇ ھەم سەل چاغلاشقا بولمايدىغان مۇھىم نۇقتا سانىلىدۇ. نىكاھلىنىشمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدۇ. داغدۇغا بىلەن ھەشەمەتلىك توي قىلامسەن ياكى تۆت ئاغىنەڭنى يىغىپ ئاددىي داستىخان سالامسەن، بۇنى ئۆزۈڭنىڭ ھالىغا بېقىپ تاللايسەن. يېڭى ماشىنا سېتىۋالغانىكەنسەن، ئۇنى ئېھتىيات بىلەن ئاۋايلاپ ھەيدىمىكىڭ لازىم. شوپۇرلۇققا ھەرقانچە ئۇستا بولساڭمۇ ، ماشىنىنى يەنىلا ئاۋايلاپ ھەيدىمىسەڭ ئالمادىس بالا-قازادىن ساقلانمىقىڭ تەس. كونىلاردا «ئاۋايلىساڭ ئۇزاق يېتەر»دەيدىغان گەپ بار. نىكاھتىن ئىبارەت بۇ «ماشىنا»ڭنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولسۇن دەيدىكەنسەن، ئۇنى ئېھتىيات بىلەن ئاۋايلاپ ھەيدىمىكىڭ زۆرۈر. بەزى شوپۇرلار ئۆزىنىڭ ئۇستىلىقىغا زىيادە ئىشىنىپ ماشىنىنى بولۇشىغا ئۇچۇرىدۇ-دە، ئاقىۋەتتە بىر يەرگە«ۋاڭ»قىدە ئۇسسۇپ سېلىپ ، بالا-قازا تېرىيدۇ. بۇ ئۆزۈڭگىمۇ، ئۆزگىگىمۇ زىيانلىق، ئەلۋەتتە.

ماشىنىلىق بولغانىڭ دەسلىپىدە ئۇ يېڭىلىق تۇيۇلىدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ئاسراپ-ئاۋايلايسەن. لېكىن ۋاقىتنىڭ ئۆزىرىشىغا ئەگىشىپ، ماشىنىنى ئاسراشقا ئېرىنچەكلىك قىلىسەن. ھالبۇكى، ماشىنا ئۇزۇن مەزگىل ماڭغاندىن كېيىن ئۇيەر-بۇيېرىدىن كاشىلا چىقىشقا باشلايدۇ، ئەلۋەتتە. بۇنداق چاغلاردا ماشىنىنى ئاسراش ۋە رېمونت قىلىش تېخىمۇ زۆرۈردۇر.

نىكاھنى ئېلىپ ئېيتىدىغان بولساق، ئەر-خوتۇن ئۇزۇن مۇددەت بىر ئۆيدە تۇرغاچقا ، بارا-بارا بىر-بىرىنىڭ كۆزىگە سىغمايدىغان بوپقالىدۇ؛ ھەتتا تۇرمۇشتىكى نېرى-بېرى ئىشلار تۈپەيلى ئارىدا زىددىيەت تۇغۇلىدۇ. بۇنداق چاغدا ئەر-خوتۇن بىر-بىرىنى چۈشىنىشى، كەڭ قورساق ۋە ئەپۇچان بولۇشى لازىم. بولۇپمۇ ئەپۇچانلىق خۇددى سىلىقلاش مېيىغا ئوخشاش نىكاھتىن ئىبارەت بۇ ماشىنىنىڭ زاپچاسلىرىنى بىمالال يۈرۈشۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.لېكىن بۇنىڭلىق بىلەنلا «ئىش تامام، ۋەسسالام»دېمە. چۈنكى بەزىدە ماشىنىنىڭ ئۇپرىغان زاپچاسلىرىنى ئالماشتۇرۇپ تۇرغاندەك، نىكاھمۇ يېڭى-يېڭى مەنالارغا موھتاج بولىدۇ. مۇشۇنىڭغا قادىر بولالىساڭلا ، نىكاھتىن ئىبارەت بۇ ماشىناڭنى ھەر ۋاقىت بىمالال ، بىخەتەر ھەيدىيەلەيسەن.

بەزىلەر باشقىلارنىڭ ئۆزىنىڭكىدىن يېڭى ۋە ئېسىل ماشىنىلارنى ھەيدەپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ، «قوشنامنىڭ قوش كۆرۈنۈپتۇ» دېگەندەك مەيۈسلىنىدۇ. بۇنى توغرا چۈشىنىشكە بولىدۇ، ئەلۋەتتە. لېكىن نىكاھتىن ئىبارەت بۇ ماشىنىنى ھەرگىزمۇ باشقىلارنىڭكىگە سېلىشتۇرۇشقا بولمايدۇ. چۈنكى، بىراۋ ھەيدەپ كېتىۋاتقان ئېسىل ماشىنا ئۇ كىشىنىڭ ئائىلىۋى ماھىيىتىگە ئەمەس، بەلكى تاشقى قىياپىتىگىلا ۋەكىللىك قىلالايدۇ. ماشىنىنىڭ چىرايلىقلىقى ئۇنىڭ ئىقتىدارىنىڭ زىيادە يۇقىرىلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. باشقىلار پوزۇر ماشىنىلارنى ھەيدەپ يۈرگىنى بىلەن يۇقىرى ئۆسۈملۈك ماشىنا قەرزىنى ۋاقتى-قەرەلىدە تۆلەيمەن، دەپ تېشىدا ھېيت ئويناپ، ئىچىدە روزا تۇتۇۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. ھەدېسىلا ئۆزۈڭنىڭكىنى باشقىلارنىڭكى بىلەن سېلىشتۇرۇپ ئولتۇرماي، چىن ئىخلاسىڭ بىلەن ئاۋايلا، ئاسرا، قوغدا. نىكاھتىن ئىبارەت بۇ ماشىنا ئۆزىنىڭ بەخت رولىنى قولۇڭغا تۇتقۇزغانىكەن، ئۇنداقتا

سائادەت مەنزىلىگە ئۆمۈرلۈك ھەمرىھىڭ بىلەن بىرگە سەپەر قىلىش ئۈچۈن ھەسسىلەپ تىرىشىشىڭ كېرەك.

---

سۈلىيۇ قەلىمىدىكى بۇ يازما ئەسلىي «تەپتىش كۈندىلىك گېزىتى. مۇھەببەتلىك ئائىلە» نىڭ 2004 ـ يىل 31 ـ ئۆكتەبىر سانىدىن «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2004 ـ يىل دېكابىر سانى( كېيىنكى يېرىم ئايلىق) غا تاللاپ بېسىلغان. ئابلاجان ھوشۇر تەرجىمىسى. تىلماچ: كوناشەھەر ناھىيە 4 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە مۇئەللىم

# ئانام بەرگەن تەلىملەر

## يورۇقلۇقمۇ گاھىدا ئادەمنى كور قىلىپ قويىدۇ

باللىق چاغلىرىمدا مەكتەپتە ئەلاچى بولغانلىقىم ئۈچۈن ھەمىشە ساۋاقداشلىرىم ئالدىدا ماختىناتتىم، پو ئاتاتتىم. بىر كۈنى ئانام مەندىن سوراپ قالدى:

ــ كۈندۈزى نېمە ئۈچۈن يۇلتۇزنى كۆرگىلى بولمايدۇ؟

ــ كۈندۈزى يۇلتۇز بولمىسا...

ــ ياق، كۈندۈزدىمۇ يۇلتۇز بار، ئۇنى پەقەت كۈن نۇرى توسۇۋالغان.

ــ كۈن نۇرى قانداقسىگە يۇلتۇزنى توسۇۋالدۇ؟ كۈن نۇرى دېگەن بىزگە ناھايىتى يىراقتىكى ، ناھايىتى نۇرغۇن نەرسىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان تۇرسا؟

ــ بالام، زىيادە ئۆتكۈر نۇرمۇ گاھىدا ئادەمنىڭ كۆزىنى خىرەلەشتۈرۈپ قويىدۇ، ھەتتا كور قىلىۋېتىدۇ. بىلسەڭ، روھىمىزدىمۇ شۆھرەتپەرەسلىك، تەكەببۇرلۇقنىڭ نۇرلىرى چاقناپ تۇرىدۇ. مۇبادا بۇ نۇرلار زىيادە كۈچىيىپ كەتسە، ۋۇجۇدىمىزدا يۇلتۇزلاردەك چاقناپ تۇرىدىغان گۈزەل ئەخلاق ـ پەزىلەتنى توسۇۋالدۇ. ئېسىڭدە بولسۇن بالام، زىيادە كۈچلۈك نۇرمۇ زۇلمەت پەيدا قىلىدۇ!

شۇنىڭدىن باشلاپ مەندە كىبىر ـ تەممەننا پەيدا بولاي دېسە ئانامنىڭ ئاشۇ تەلىملىرىنى ئېسىمگە ئېلىپ، ئۆزۈمگە ھاي دەيدىغان بولدۇم.

## قەغەزنى قاتلىغاندىلا ئاندىن تىك تۇرغۇزغىلى بولىدۇ

ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمەي، گويا يېلى چىققان توپتەك بوشىشىپلا كەتتىم. بىر كۈنى ئانام بىر ۋاراق قەغەزنى ماڭا تەڭلەپ: ــ قېنى، بۇنى تىك تۇرغۇزۇپ باققىنا، ــ دېدى. ئەمما قەغەزنى ھەرقانچە قىلىپمۇ تىك تۇرغۇزالمىدىم. ئانام قەغەزنى قولۇمدىن ئېلىپ، ئاۋايلاپ قاتلىغاندىن كېيىن شىرەگە تىك قىلىپ قويۇۋىدى، مىدىرلىماي مەزمۇت تۇردى.

ــ قارىغىنا! ــ دېدى ئانام شىرەدە تىك تۇرغان قەغەزنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، ــ بۇ قاتلانغان جاي سۇنۇپ كەتكەنگە ئوخشامدىكەن؟ ھەببەللى! بۇ بىر ۋاراق قەغەز سۇنۇپ باققانلىقى ئۈچۈن تىك تۇرالىدى. كىشىلىك ھاياتمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدۇ. ئوڭۇشسىزلىق ھەرگىز يامان ئىش ئەمەس. ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچراپ باققان ئادەم تېخىمۇ جەسۇر، تېخىمۇ مەردانە، تېخىمۇ غەيۇر بولۇپ يېتىلىدۇ.

ــ خۇاڭ شياۋپېڭ

# چۈلۈكلەنگەن موزاي

سىز موزاينى قانداق چۈلۈكلەيدىغانلىقنى چوقۇم كۆرۈپ باقمىغان. ئەمما مەن كۆرگەن.

سېيىرىمىز موزايلىدى، موزايمۇ ئاستا ـ ئاستا يوغىناپ،قىيغىتىشقا باشلىدى. ئەمما دادام بىر كۈنى قولۇم ـ قوشنىلارنىڭ ياردىمىدە موزاينىڭ بۇرنىنى تېشىپ ئۇنى چۈلۈكلىدى. ئاندىن چۈلۈككە بىر تال تانىنى ئۆتكۈزۈپ، ئۇنى نەگە يېتىلىسە «مۆ» دېمەي ماڭىدىغان يۇۋاش ـ يۇمشاق قىلىۋەتتى.

دادام دەسلەپتە ، مۇشتۇمدەك موزاينى ئويۇننىڭ ئورنىدىلا چۈلۈكلىۋەتكىلى بولىدىغۇ دەپ ئويلىغانىدى. ئەمما، موزاي ئۆزى كىچىك بولغىنى بىلەن قاۋاندەك كۈچلۈك ئىدى. موزاي بوينىنى جېنىنىڭ بارىچە تولغاپ، تەرسالىق قىلىپ پەقەت ئۇنىماي تۇرۇۋالدى. ئۇ ئالدىغا كەلگەننى ئۈسسۈپ، كەينىگە كەلگەننى تېپىپ ئالەمنى مالەم قىلىۋەتتى. بىرنەچچەيلەن ھەسرەپ ـ ھۆمىدەپ خېلى ھەپىلەشكەن بولسىمۇ، ئاشۇ مۇشتۇمدەك موزايغا كۈچى يەتمەيۋاتاتتى. ئادەم ھەرقانچە كۈچتۈڭگۈر ، ھەرقانچە تاقەتلىك بولسىمۇ بىر موزايغا تېتىمىقى تەس ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىغان دادام موزاينى چۈلۈكلەش نىيىتىدىن يانماقچى بولدى. ئەمما، ياندا تۇرغان ئانامنىڭ تېپىچەكلەۋاتقان موزايدىن ئۆزىنى قاچۇرۇش ئۈچۈن قىلغان بىر ھەرىكىتى، چۈلۈكسىز، شادىمان كۈنلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشقا كۆزى قىيماي جېنىنى تىكىۋاتقان ئاساۋ موزاينى ئويلىمىغان يەردىن تۇيۇقسىزلا تولىمۇ رايىش قىلىۋەتتى.

ئەسلىدە ئانام موزاينى چۈلۈكلەپ ئاۋارە بولۇۋاتقانلارنى كۆرگەچ بىر چەتتە تۇرۇپ چېچىنى تاراۋاتاتتى. دادامنىڭ نەزىرىدە موزاينى چۈلۈكلەشتەك كۈچ تەلەپ قىلىدىغان ئىش ئانامدەك ئاجىز ــ مەزلۇمەنىڭ قولىدىن كەلمەيتتى.

موزاي گويا جېنىنى تىكىپ قويغاندەك تىركىشىۋاتاتتى، ئادەملەرنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قېچىپ قۇتۇلماقچى بولغاندەك ئۆزىنى ھەر تەرەپكە ئۇراتتى. دادام ۋە قوشنىلار جېنىنىڭ بارىچە

www.uygurkitap.com

ھەپىلەشكەن بولسىمۇ ، ئەمما موزاي ھېچبىر بوي بەرمىگەندەك ئەمەس ئىدى. دادام موزاينىڭ بويىنىنى بېسىپ تۇرۇپ، بىگىزنى موزاينىڭ بۇرنىغا ماڭ تەسلىكتە ئاپاردى. موزاي قاتتىق بىر تېپچەكلىۋىدى، ئانامنىڭ قېشىغا سۈرۈلۈپ بېرىپ قالدى. بۇنىڭدىن قورقۇپ كەتكەن ئانام ئۆزىنى قاچۇرۇش ئۈچۈن تارغاق تۇتقان قولى بىلەن موزاينىڭ ساغرىسىنى تۇرتتى. بىراق ئانامنىڭ قولىدىكى تارغاق موزاينىڭ ساغرىسىغا شۇنداقلا تېگىشى بىلەن ھەيران قالارلىق مۆجىزە يۈز بەردى: ئاچچىقىدا جېنىنى ياقىغا ئېلىش ئۈچۈن قەدەمىنى چېقىپ قېچىشقا ئۇرۇنغان يىرتقۇچتەك تىركىشىۋاتقان موزاي، تارغاق ساغرىسىغا تېگىشى بىلەن تەڭ تۇيۇقسىز ياۋاشلاپ، جامدەك كۆزلىرىنى ئاسمانغا تىككىنىچە جىم ياتتى.

دادام ھاڭۋاقىنىچە تۇرۇپ قالدى، ئاناممۇ چۆچۈپ كەتتى. قورقۇپ ئاران تۇرغان ئانام نېمىشقىدۇر قولىدىكى تارغاق بىلەن موزاينىڭ ساغرىسىنى ئاستا تارىۋىدى، موزاي خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك مىدىرلىماي تۇردى. بۇنى كۆرگەن دادام ۋە قوشنىلار باشقىدىن يوپۇرۇلۇپ كېلىپ موزاينىڭ بېشىنى چىڭ باستى. دادامنىڭ قولىدىكى بىگىز موزاينىڭ بۇرنىغا«پوسسىدە»كىردى. موزاينىڭ بۇرنىدىن چىققان قىپقىزىل قان يەر بېغىرلاپ سىرغىماقتا ئىدى. دادام موزاينىڭ بۇرنىدىكى تۆشۈككە چۇلۇقنى خۇددى ئويىنىغاندەكلا ئۆتكۈزدى، موزايمۇ بېشىنى يەڭگىل سىلكىپ قويدى. ئانامنىڭ تارغاق بىلەن تاراشلىرى خۇشيىقىپ كەتكەن موزاي شېرىن «بەخت» تۇيغۇسىغا غەرق بولغاندەك ئىدى.

شۇ چاغدا بىر چەتتە تۇرۇپ تاماشا كۆرۈۋاتقان مەن، شۇنچە زورلۇق ئالدىدا تىزپۈكمىگەن موزاينى ئەسلىدە ياۋاش-يۇمشاقلىق ۋە مېھرىبانلىقنىڭ بويسۇندۇرىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىكەنمەن.

— سا چېڭ

«فېلىيەتونلار گېزىتى»نىڭ 2008-يىل 8-دېكابىر سانىدىن.

# شۇ دەقىقە

بىر كۈنى مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلارغا دوزاخنىڭ دەھشىتىنى بىر ھازا سۆزلىگەندىن كېيىن ئوقۇغۇچىلاردىن سوراپتۇ:

— قېنى كىم دوزاخنى خالايدۇ؟ خالايدىغانلار قول كۆتۈرۈڭلار!

ئەمما ھېچكىم قول كۆتۈرمەپتۇ. ئارقىدىنلا ئۇ بېھىشنىڭ راھەت-پاراغىتىنى بىرھازا سۆزلەپتۇ ۋە يەنە سوراپتۇ:

— قېنى كىم بېھىشنى خالايدۇ؟ خالايدىغانلار قول كۆتۈرۈڭلار !

ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قول كۆتۈرۈپتۇ. ئەمما ئەڭ بۇلۇڭدا ئولتۇرغان بىر بالا قول كۆتۈرمەي خىرامان ئولتۇرۇپتۇ.

— سەن دوزاخقا چۈشۈشنىمۇ، بېھىشكە كىرىشنىمۇ خالىمىساڭ، بۇ قانداق بولغىنى؟ — دەپ سوراپتۇ مۇئەللىم ئۇنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ.

— ئانام مەكتەپتىن قويۇپ بەرگەن ھامان ھېچ يەرگە بارماي ئۇدۇل ئۆيگە قايتىپ كەل دېگەنىدى، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ ھېلىقى بالا.

بۇ گەرچە بىر ھەزىل بولسىمۇ، ئەمما مەززىسىز چاقچاق ئەمەس. ھەرقانداق بىر دىن ھاياتلىقنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەش بىلەن بىرگە، ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىمىزنىڭ نەقەدەر كۆپ، ئېغىرلىقىنى سەممىزگە سېلىپ تۇرىدۇ. شۇڭا نۇرغۇن مۇخلىس ئۆتكۈزگەن گۇناھى-كىبىرلىرىگە ئىگىسىدىن مەغپىرەت تىلەش بىلەن بارلىق ئۈمىدىنى كەلگۈسىگە باغلاپ قويۇپ، ئۆزى ياشاۋاتقان ئاشۇ دەقىقىلەرگە سەل قارايدۇ.

ئەمەلىيەتتە ئادەمنىڭ كۆز ئالدىدىكى ئاشۇ دەقىقە ھەممىدىن مۇھىمدۇر. چۈنكى مەيلى بېھىشقا كىر ياكى دوزاخقا چۈش، ئاخىرەتكە ئېلىپ بارىدىغان مەنزىلنىڭ دەل ئۆزۈڭ ياشاۋاتقان شۇ دەقىقىدىن باشلىنىدۇ.

بۇ قىسقا فېلىيەتون ئەسلى «ياشلار ئىلمى»ژۇرنىلىنىڭ 2008-يىل 9-سانىدىن «گېزىت-ژۇرناللاردىن تەرمىلەر» گېزىتىنىڭ 2008-يىل 12-دېكابىر سانىغا تاللاپ بېسىلغان. سۇلتانى تەرجىمىسى. تىلماچ: شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك رادىئو-تېلېۋىزىيە مەكتىپى پەيزاۋات شۆبىسىنىڭ خادىمى (M2)،(M1)

**بۇ سەھىپىدىكى تەرجىمىلەرنى تەھرىرلىگۈچى: سېيىت تىلىۋالدى (تەكلىپلىك)**

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە «ئىزچىلار» كىتابخانىسى تەرىپىدىن تۇپ تارقىتىلىدۇ. كىتاب- ژۇرنال تىجارەتچىلىرىنىڭ «ئىزچىلار» كىتابخانىسى بىلەن ئالاقىلىشىشىنى سورايمىز.

كىتابخانا ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھەر «غالىبىيەت» يولى 100- نومۇر، ئالاقىلىشىش تېلېفونى: 2850601 - 0991، ئالاقىلاشقۇچى: نۇرشاد ھاكىم



# تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ تاماكا چەككۈچىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا: بۇرۇن— مورا، كاناي— غاڭزا، ئۆپكە— كۆلدان، خۇمار— چاقماق، يۈرەك— ئوت يالقۇنى، ئەگەشمە كېسەللىكلەر— قالدۇقتۇر.

▲ گەپدان تىلىدىن، پاھىشىۋاز بېلىدىن، ئاچ كۆز چىشىدىن تېز قېرىيدۇ.

— ئەزىمەت مەشرەپ

---

ئاپتور: تاجىك. ئاقتو ناھىيە تار تاجىك مىللىي يېزىسىدا مۇئەللىم

## نۇرلارغا تېرىلغان سۆيگۈ مارجانلىرى

(نەسرلەر)

▲ ھايات خىيالچانلار ئۈچۈن گۈزەل ھەم سىرلىق قەسىر، غەزەلخانلار ئۈچۈن شاۋقۇنلۇق ناخشا، بېخىللار ئۈچۈن تويماس بايلىق سەھنىسى، ئۇيقۇچانلار ئۈچۈن ئۈزۈلمەس خورەك ماكانى، ئىزدەنگۈچىلەر ئۈچۈن شاھ-مات تاختىسىدۇر.

▲ سەن كىمنىڭ دانا ئىكەنلىكىنى— كىشى ئاسان دىققەت قىلمايدىغان، غىل-پاللا ئۆتۈپ كېتىدىغان سىرلىق تۇرمۇش كارتىنىسىدىن ئىزدە.

▲ بەخت— سىر قوينىغا يوشۇرۇنغان، كۆلكىسى ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان پەرىزات.

▲ ئېھ، ئانا! مېنىڭ بەختىياشلىقىم، سېنىڭ پەپىلەشلىرىڭنىڭ يالدامىسىدۇر.

— ئابلىمىت ئىمىن

---

ئاپتور: قورغاس ناھىيە لوسىگۇڭ يېزا 2-ئوتتۇرا مەكتەپتە مۇئەللىم

## ئەقلىيە چېچەكلىرى

▲ بالاڭنىڭ كىچىك گۇناھلىرىغا كۆز قىسقىنىڭ، چوڭ گۇناھ ئۆتكۈزۈشكە يول ئاچقىنىڭ.

▲ غەزەپ— قىلىچ، سەۋر— قالقان، ئاچچىق— بوران، ئېغىر-بېسىقلىق— قورغان.

▲ ئائىلىدە ئەر— چوڭ نەك، ئانا— پەلەك، بالا— خەمەك.

▲ ئۆگىنىش ئادەمنى ئۆرلىتىدۇ، مېھنەت گۈللىتىدۇ، تۇرمۇش ئۆگىتىدۇ.

▲ تۈيۈقسىز كەلگەن پىكىر، چاقماقتەك قوللانغان تەدبىردىن تۈگىمەس خەزىنە، كۈتۈلمىگەن نەتىجىگە ئېرىشىسەن.

▲ ساۋاقداشلىرىڭنى ئەسلەپ تۇر، قېرىنداشلىرىڭنى يوقلاپ.

▲ ۋاپاسىز خوتۇن تىراگېدىيە، ۋاپاسىز بالا پاجىئە.

▲ رىقابەتكە چۈشسەڭ يېڭىشكە تەدبىر تاپ، يېڭىلسەڭ ئەقىل تاپ.

▲ دانالارنىڭ كەينىدىن غەيۋەت-شىكايەت كۆپىيىدۇ، ياخشىلارنىڭ كەينىدىن ھەسەت-تۆھمەت.

▲ كىتابتىن، مەكتەپتىن ئوقۇپ، ئاڭلىغان بىلىمىڭ ئىمپورت قىلىنغان بىلىم، ئېگىلىگەن بىلىمنى ئىشلىتىپ ئۈنۈم ياراتقىنىڭ

### تەپەككۇر كۆزى

ئېكسپورت قىلغان بىلىم بولىدۇ.

▲ تارىختىن ساۋاقكى، بىلىمدارلار ھوقۇققا سەل قارىغان، ھوقۇقدارلار بىلىمگە.

▲ ئۆمۈرنىڭ يېرىمى ياخشىلىق قىلىش، يېرىمى ساغلاملىققا دىققەت قىلىش.

▲ خوتۇننى تۇخۇمنى ساقلىغاندەك ئېھتىياتتا ساقلىغۇلۇق، بەختسىزلىك قىلساڭ يا چېقىۋالىسەن، يا سېسىتىۋالىسەن.

▲ ئەدەپ-ئەخلاقنى ئاتا-ئانىدىن، بىلىم-ماھارەتنى مەكتەپتىن، تىجارەت-ئوقەتنى جەمئىيەت(ئەمەلىيەت)تىن ئۆگەن.

▲ قەلبىڭگە سىڭگەن بىر جۈملە ئەقلىيە، تەقدىرىڭنى ئۆزگەرتىدىغان تەربىيە بولۇشى مۇمكىن.

▲ سەھرالىقلار شەھەرگە كىرسە كۆزى ئېچىلىدۇ، شەھەرلىكلەر سەھراغا چىقسا كۆڭلى.

▲ تۇل ئەرنىڭ ئىشكى كۆپ قۇلۇپلىنىدۇ، تۇل ئايالنىڭ ئىشكى كۆپ ئېچىلىدۇ.

▲ ھاراقكەشكە ئاۋۋال ئاۋامنىڭ قارغىش ئوقى، ئاندىن ئىلاھنىڭ ئەجەل ئوقى تېگىدۇ.

▲ يىلىغا مىليونلاپ كۆچەت تىكىمىزۇ، نەچچىسى ئەي بولغىنىغا قارىمايمىز؛ مىليونلاپ ستۇدېنتنى ئوقۇتۇپ چىقىمىز-يۇ، نەچچىسى ئىشقا يارىغىنىنى سانىمايمىز. مانا بۇ بىزدىكى ئەڭ زور مەسئۇلىيەتسىزلىك.

▲ گۈزەل ئايالنىڭ ھۆسنى-جامالىدىن ئومۇم ھۇزۇر ئالىدۇ، مېغىزىنى پەقەت بىرلا ئەر چاقىدۇ.

— ياقۇپ ھەمدۇللا

ئاپتور مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيە 1-ئوتتۇرا مەكتەپتە پېنسىيىدىكى مۇئەللىم

## تەپەككۇر سەپىردە...

▲ ئىنسان ئۆز ئاجىزلىقىنى يوشۇرۇپ ياشىغانلىقى ئۈچۈن ئاجىزدۇر.

▲ ئىنسان باللىقىغا تويماي ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن بالىغمۇ تويماي ياشايدۇ.

▲ «بەخت» كۆرۈنمەي، «بەختسىزلىك» كۆرۈنۈپ سىزنى ئاۋارە قىلىدۇ.

▲ ئەگەر ئىنسان ئالدىدا جاۋابكار بولمايدىكەنسەن، ياراتقۇچى ئالدىدا جاۋابكار ھەم گۇناھكار بولىسەن.

▲ ئۆز-ئۆزۈڭگە رەھىمسىز بولمايدىكەنسەن، دۇنيا ساڭا رەھىمسىزلىكنى ئۆگىتىدۇ.

▲ ياشلىقىڭدا كىملەرگىدۇر كۆيۈپ ياشايسەن، قېرىغاندا سۆيۈلۈشنى ئىستەپ.

▲ ھەممە كىشى سىندىن يىراقلىغاندا، رېئاللىققا يېقىن تۇرىسەن.

▲ ئىنسان بىلەن زېمىن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. كۆرۈنۈپ تۇرغان سىرلىرى ئاز، كۆرۈنمەي ھەيران قالدۇرىدىغان سىرلىرى كۆپ.

— شەمسىقەمەر ئەبەيدۇللام

ئاپتور: موڭغۇلكۈرە ناھىيە 3-ئاھالىلەر رايونى ئورگىنىنىڭ ۋاقىتلىق خادىمەسى

※ ※ ※

▲ بۈگۈنكى ھەرىكەت- ئەتىكى بەرىكەت ۋەياكى دەرد.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى ئارقىلىق ئابدۇقادىر جالالىدىدىن«ئۆز»نەمزىنى، ئابلەت مۇھەممەت«مېڭە»مىزنى، نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۆچقۇن «روھ»نەمزىنى، زۇلپىقار بارات ئۆز باش «تەن»نەمزىنى تونۇتتى.

— ئابلىمىت ئابابەكرى

ئاپتور: خوتەن شەھەر ھەربىيلەرنى ئاشلىق-ماي بىلەن تەمىنلەش پونكىتىنىڭ خادىمى

▲ قانائەتلەنمىگەن ئىش- ئاغرىپ توختىمىغان چىش.

— توختىنىياز ئالىم

ئاپتور: بۈگۈر ناھىيە چۆمباق بازار ئوتتۇرا مەكتەپتە مۇئەللىم

▲ بىرەر ئۇقۇمنى ناتوغرا قوبۇل قىلىش ياكى خاتا چۈشىنىۋېلىش، شۇ شەيئىدىن پايدىلىنىشنىڭ خاراكتېرىنى بۇرمىلىۋېتىدۇ.

▲ يۇقىرىدىكىلەرنىڭ بېسىمى ئازلىغانسېرى، تۆۋەندىكىلەرنىڭ بېسىمى كۆچىيىدۇ.

— ئىلھامجان ئېرپان

ئاپتور: قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى 1-ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 2-يىللىق 7-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئادەم چوڭ بولغانسېرى ئۇنىڭدىكى ھوقۇق ئازىيىپ، مەجبۇرىيەت ۋە مەسئۇلىيەت كۆچىيىپ بارىدۇ.

— رەيھانگۈل مېھمان

ئاپتور: يەكەن ناھىيە ھۈنەر-كەسىپ تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپى قوش تىل 1-يىللىق 6-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ھاياسىز سۆزلىگىنىڭ- يالىڭاچ يۈرگىنىڭ بىلەن ئوخشاش ئەخلاقسىزلىق.

▲ «پەرقنى تەڭشەيمەن» دېسەڭ، خاسلىق يوقۇلىدۇ.

— ئابدۇرەھىم ئىسلام

ئاپتور: يېڭىسار ناھىيە توپلۇق يېزا مەركىزى باشلانغۇچ مەكتەپتە مۇئەللىم

▲ ئەھمىيەتسىز مەسىلىلەرنى مۇنازىرە قىلىشىدىغانلارنىڭ گەندىگە قونۇۋالغان چىۋىنلاردىن پەرقى يوق.

— تۇرسۇن قۇربان

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە سۇ ئىدارىسى ئاقساراي يېزا سۇ باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ خادىمى

## تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ قىزلار ئېرىشىشكە، ئوغۇللار ئېرىشتۈرۈشكە يارىتىلغاندۇر.

▲ ھەرقانداق ئىشنىڭ ئوتتۇرىسى قىيىندۇر.

▲ بىر يالغان يۈز يالغاننى تۇغىدۇ.

▲ ئوت ئادەمنى، مۇھەببەت ئالەمنى ئىسسىتىدۇ.

▲ تەسەللى — پۇشايماننىڭ داكىسى.

▲ بىخەستە ئادەمنىڭ ياچېنى، يا مېلى يوق بولىدۇ.

▲ ئادەمنى چىرايلىق كۆرسىتىدىغىنى خۇيى، ھايۋاننى چىرايلىق كۆرسىتىدىغىنى مويى.

▲ ئاتا ـ ئانىسى يىغلاتقۇ بالا چوڭ بولغاندا بىر بولسا باتۇر، بىر بولسا قورقۇنچاق ئادەم بولىدۇ.

▲ بىر خىل مۇھىتتا ياشىغان ئادەم قانائەتچان، ھەر خىل مۇھىتتا ياشىغان ئادەم پائالىيەتچان كېلىدۇ.

▲ سەھەر تۇرغان ئادەمنىڭ، بىرى، تېنى ساق، يەنە بىرى، مېلى كۆپ بولىدۇ.

▲ قىزلىرى بۇزۇلغان مىللەتنىڭ ئەرلىرى، ئەرلىرى بۇزۇلغان مىللەتنىڭ يەرلىرى ئىتتىك كاردىن چىقىدۇ.

▲ ياراتقۇچىنىڭ جازاسىغا ئۇچرىماي دېسەڭ، بىرى، باشقىلارنىڭ رىزقى ـ نېسىۋىسىگە، يەنە بىرى، ئىمان ـ ئېتىقادىغا چاقچاق قىلما.

▲ ئالەمنىڭ تارلاشقانلىقى، ئادەمنىڭ خارلاشقانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

▲ ئۆزۈڭ قىلمىغان ئىش — ئادەمنىڭ يا ئىسمىنى، يا يۈزىنى كەتكۈزىدۇ.

▲ ھازىر بەزى ئادەملەرنى چۈشىنىش ئۈچۈن بىر قېتىم تېلېفون قىلىشلا كۇپايە.

▲ بىر ئېغىز گەپتىن قالغان، بىر ئېغىر دەردكە قالماس.

▲ ھەقىقىي مۇھەببەت، بىرى كىتابتا، يەنە بىرى تەبىئەتتە مەۋجۇد.

▲ قىزلارنىڭ باشقىلارغا ئۆزىنى تونۇتقۇزۇپ قويغىنى بۇزۇلغىنى، ئوغۇللارنىڭ بولسا قول بولغىنى شۇ.

▲ قىزلار، بىرى، زىيادە خۇشھال بولغاندا، بىرى، زىيادە رەنجىگەن چاغدا ئاسان ئازغىنىدۇ.

▲ ۋىجدان ئوغۇللارغا، ئىپپەت قىزلارغا تاشلانغان كىملىك سوئالى.

▲ سوئال سوراش بىر بولسا بىلمەسلىكتىن، بىر بولسا بىلگەنلىكتىن بولىدۇ.

▲ قىزلار ئۆزىنى ئەينەكتىن، ئوغۇللار ھەرىكەتتىن كۆرۈشكە ئامراق.

▲ غەزەپ ئەزرائىلنى، شەپقەت خىزىرنى چىللايدۇ.

— ئابدۇغەنى توختى تۇغرۇل

ئاپتور: ئۈرۈمچى «تۇغرۇل» كىتابخانىسىنىڭ خادىمى

※ ※ ※

▲ زاغ ناخشىلار قۇلاقنى يارار،
گاگ ناخشىلار يۈرەكنى.

▲ بوۋاقىڭغا ناخشا سوۋغا قىلغۇچە،
ھاسا سوۋغا قىل.

▲ بىئەقىلنىڭ ھەسرىتى تولا،
ھەسەتخورنىڭ غەيۋىتى.

— ئابلىمىت ئىبراھىم قىيان

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپىنىڭ پېنسىيەدىكى ئاشپىزى

## ھەيرانلىق

▲ كىيىنىش، يۈرۈش ـ تۇرۇش، گەپ ـ سۆزلىرىگە قاراپ بەزى قىز ـ ئوغۇللارنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىماق تەس بوپكەتتى. مۇشۇنداق كېتىۋەرسە، كەلگۈسىدە ئادەملەرمۇ ۋۇشۇسكا ئاسىدىغان بوپكېتەمدۇ ـ قانداق؟

## ئەمما...

شوخ بولساڭ بولىدۇ ئەمما ھاياسىز بولما.
چاقچاقچى بولساڭ بولىدۇ ئەمما ئېتىقسىز بولما.
ياخشىلىق قىل ئەمما مىننەتخور بولما.
ھاجەتمەن بولساڭ بولىدۇ ئەمما يۈزسىز بولما.
كۆچۈڭنى خار قىلساڭ بولىدۇ ئەمما ئۆزۈڭ خار بولما.
نەتىجەڭدىن پەخىرلەنسەڭ بولىدۇ ئەمما تەكەببۇر بولما.
شۈكۈر قىلساڭ بولىدۇ ئەمما تەييار تاپ بولما.
سېمىز بولساڭ بول ئەمما ئاچ كۆز بولما.
مۇناسىۋەتكە ماھىر بولساڭ بولىدۇ ئەمما تەخسىكەش بولما.

ئېھتىياتچان بولساڭ بولىدۇ ئەمما توخۇ يۈرەك بولما.

— ئالىيە تۇرسۇننىياز

---

ئاپتور: شىنجاڭ ساقچى ئوفىتسېرلار ئالىي تېخنىكومى 2006-يىللىق 3-چولڭ ئەترەت 15-شۆبە ئەترەتنىڭ ئوقۇغۇچىسى

## بىزدىكى ئاز-كۆپلەر

بىزدە مائارىپ كۆپ،ساپا ئاز.
بىزدە شەكىل كۆپ، مەزمۇن ئاز.
بىزدە شاكال كۆپ، مېغىز ئاز.
بىزدە ئىستېمالچى كۆپ، كەشپىياتچى ئاز.
بىزدە كىتاب كۆپ، ئوقۇرمەن ئاز.
بىزدە پۇرسەت كۆپ، بايقايدىغانلار ئاز.
بىزدە ئوقۇيالايدىغانلار كۆپ، ئويلىنىدىغانلار ئاز.
بىزدە ئارزۇ-ئارمان كۆپ، مۇساپە-جەريان ئاز.
بىزدە ۋاقىت كۆپ، قەدىرلەيدىغانلار ئاز.
بىزدە دوست كۆپ، دوستلۇق ئاز.
بىزدە سۆيگۈ كۆپ، ۋاپا ئاز.
بىزدە ئۆلۈم كۆپ، ئىبرەت ئاز.
بىزدە ئىلگىرىلەش كۆپ، بۆسۈش ئاز.
بىزدە پەرزەنت كۆپ، تەربىيە ئاز.
بىزدە ھۈنەر كۆپ، تېخنىكا ئاز.
بىزدە مايىللىق كۆپ، خاسلىق ئاز.
بىزدە قانۇن كۆپ، بىلىدىغانلار ئاز.
بىزدە نەزەرىيە كۆپ، ئەمەلىيەت ئاز.

— شەمشىنۇر تۇرغۇن

---

ئاپتور: يەكەن ناھىيە 5-ئوتتۇرا مەكتەپتە مۇئەللىمە

※ ※ ※

▲ ئوچۇق-ئاشكارا يامانلىق قىلغان دۈشمەننىڭنى كەچۈرۈشۈڭ ئاقىللىق، ئەمما يوشۇرۇن سۈيىقەست قىلغان دوستۇڭنى كەچۈرۈشۈڭ نادانلىق.

— گۈزەلنۇر تۇرسۇن

---

ئاپتور: تۇرپان ۋىلايىتى تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3-يىللىق 7-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ قېلىپلاشقان، تولا تەكرارلانغان گەپلەر ۋاقتى ئۆتكەن دورىغا ئوخشاش تەسىر كۆرسىتىشنى يوقاتقان بولىدۇ.

---

ئەپسۇس، ئاپتور مەزكۇر ئەقلىيىسگە ئىسىم-فامىلىسى، تەپسىلىي ئادرېسى، كەسپىنى يېزىشنى ئۇنتۇغان

▲ دىققەت قىلىش كېرەككى، تۇرمۇشتا بىر قەدەم كېچىكىپ ئايرىلىپ قالىدىغان، بىر قەدەم چېكىنسە ئېرىشىدىغان بەختمۇ مەۋجۇد.

— ئابدۇشۈكۈر ئەخمەت ئوغلى

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى ئەدەبىيات 2007-يىللىق 1-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## ئاڭلىغۇچىلار بارمۇ

▲ بىچارىلەرنىڭ كۆز يېشى ئەڭ ئىسسىق، رەھىمسىزلەرنىڭ كۆلكىسى ئەڭ سېسىق.

▲ بىر تۇغقاننىڭ مېھىر-مۇھەببىتىنى، بىرگە، ئايرىم ئۆي تۇتقاندا، يەنە بىرگە ئاتا-ئانىدىن ئايرىلغاندا سىنا.

▲ سۆيگۈ-مۇھەببەت كۆزىمىزنى تۇمانلاشتۇرىدۇ، نىكاھ روشەنلەشتۈرىدۇ.

▲ بىر «ئۇھ» مىڭ ھاردۇقنى چىقارسا، بىر «ئېيست» مىڭ پۇشايماننى ئېلىپ كېلەر.

▲ ئىككىنچى قېتىم تۇغۇلۇش مۇمكىن بولغان بولسا، ئادەملەر بۇ قەدەر رەزىللىشىپ كەتمەس ئىدى.

▲ قارا چاچلىقلاردىن ئەڭ سەبىي كىشى— گۆدەك باللاردۇر. ئاق چاچلىقلاردىن ئەڭ مۇلايىم كىشى— ياشانغانلاردۇر. بۇلاردىن بىرى، چۈشەنمەسلىكتىن سەبىي، يەنە بىرى، بەك چۈشىنىپ كەتكەنلىكىدىن مۇلايىم.

▲ قولۇم يەتمىگەن ئالمىنى شاختا چىقىپ ئېلىپ تېتىپ باققىنىمدا، ئۇنىڭ ئاللىقاچان تەمىدىن كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدىم.

▲ بىر كۆزۈڭنى دۇنياغا، بىر كۆزۈڭنى قەبرىستانغا تىك.

▲ غەزەپ— ئەقلىنىڭ، نەپس— ئادەمىيلىكنىڭ قاتىلى.

▲ قەپەستىكى قۇش پەقەت ئىگىسى ئۆلگەندىلا ئاندىن قويۇۋېتىلىدۇ.

▲ ئەر ھۆرۈن بولسا نامراتچىلىق، خوتۇن ھۆرۈن بولسا مەينەتچىلىك باسىدۇ.

▲ ئۆتنە ئېلىپ ئۆزۈڭنى، ئۆتنە بېرىپ يۈزۈڭ (ئابرويۇڭ)نى سىنا.

— ئەسقەر ھوشۇر

---

ئاپتور: بورتالا شەھرى چىندىل يېزا رادىئو-تېلېۋىزىيە پونكىتىنىڭ مەسئۇلى

## نازۇك تۇيغۇلار

▲ ئۆز قىممىتىڭنى، بىرگە، ھىممىتىڭدىن، بىرگە، قىلغان ھەربىر سۆزۈڭدىن بىل.

▲ كېيىنكى تەقدىرىڭ ئۈستىدە باش قاتۇرغىنىڭ،

ئەمەلىيەتتە ئۆزۈڭنى ئىزدەپ يۈرگىنىڭدۇر.

▲ گەپنى قىل ئويلاپ، كۆپنىڭ كۆڭلىنى بويلاپ.

▲ ئەقلى زىيادە يۇقىرى ئادەمنىڭ غورۇرى كۈچلۈك، كۆڭلى نازۇك، مىجەزى زىل بولىدۇ.

▲ ساڭا رىقابەتچىنىڭ چىقمىغىنى، بىر بولسا، ئۇلاردىن ئېشىپ چۈشىدىغانلىقىڭنى چۈشەندۇرسە، يەنە بىر بولسا رىقابەتلىشىشكە ئەرزىمەيدىغانلىقىڭنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

▲ ئالغۇچىنىڭ ئاغزىدا ئىۋەن كۆپ، بەرگۈچىنىڭ ئاغزىدا ئارتۇقچىلىق.

▲ قىزنىڭ بۇزۇلسا ئۇمۇرلۇك بەتنام، ئوغلۇڭ بۇزۇلسا ئىبرەت قالىدۇ.

▲ قۇلاق گۇمانخور، كۆز ھۆكۈم قىلغۇچى.

▲ ئۆزىنى قەستلەشنىڭ ئەڭ ياخشى دەللىلى — ھاراق، تاماكا ھەم ئەيش ـ ئىشرەتكە بېرىلىشتۇر.

▲ سەن يازىدىغىنىمغا زامان يار بەرمىدى دەپ كوتۇلدىما، بەلكى ئىپادىلەش ئۇسلۇبۇڭنىڭ خاملىقىدىن كۆر.

— قۇربانجان توختى ھۆرمىتى

---

ئاپتور: كونىشەھەر ناھىيە بۇلاقسۇ يېزا ئاشلىق پونكىتىنىڭ خادىمى

※ ※ ※

▲ قىز تاللساڭ ئۆتمۈشنى، يىگىت تاللساڭ كەلگۈسىنى ئاساس قىل.

— ئەخمەتجان ئابلىمىت

---

ئاپتور: شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى مۇزىكا ماارىپى 2006 ـ يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## ئاددىي تەپەككۇر

▲ ئىنسان ئىرادە بىلەن ئۆزىدىن ھالقىيدۇ، قانائەت بىلەن بەختكە ئېرىشىدۇ.

▲ مۇھەببەت يوشۇرسىمۇ كۆزدىن چاندۇ.

▲ غەم ـ ئەندىشە — ئاچقۇچسىز كىشەن.

▲ مۇشتۇقا يىغلىغان غەزەپ — ئۆزىگە يانغان پىچاق.

▲ ئۆكۈنۈش غەمگە باشلايدۇ، ئۈمىدسىزلىك قىيامەتكە.

▲ نادانلىقنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى ئۆتمۈشكە زارلانغان، كەلگۈسىگە ئۈمىدسىزلەنگەن، بۈگۈنگە سوغۇق قىلغانلىقتۇر.

— ئابدۇللا ناسىر

---

ئاپتور: توقسۇ ناھىيە ئۆگەن يېزا ئورلۇق كەنتىدە دېھقان

## تەپەككۇردىن تامچىلار

▲ كىشىلىك تۇرمۇش — تىرىشچانلارغا ئامەت، ئىقتىسادچىلارغا بەرىكەت، راستچىللارغا ھەقىقەت، ئاقىللارغا ھېكمەت، باتۇرلارغا جاسارەت، ھۇرۇنلارغا ئايەت، نادانلارغا قىيامەت ھەدىيە قىلىدىغان خالىس ھەم تۈگىمەس خەزىنە(كان).

▲ ئاياللار — ۋاپادار ئەر ئالدىدا ساداقەتمەنگە، قاقۋاش ئەر ئالدىدا ھىيلىگەرگە، نادان ئەر ئالدىدا سېھرىگەرگە، ۋاپاسىز ئەر ئالدىدا جادۇگەرگە ئايلىنالايدىغان، ئەرلەر رېژىسسورلۇقىدىكى تۇرمۇش سەھنىسىدە ئەجايىپ، بەزىدە سەلبىي رول ئالالايدىغان كۆپ قىرلىق ماھىر ئارتىس.

▲ ياپونلاردىكى «ئوغرىلار» بىلەن بىزدىكى ئوغرىلارنىڭ نىشانى ئوخشىمىدى. ئۇلار چەت ئەللەردىن ئىلغار پەن ـ تېخنىكا «ئوغرىلىدى»؛ بىزدىكى ئوغرىلار ئۆز قوۋمىدىكى قېرىنداشلىرىنىڭ مال ـ دۇنياسىنى ئوغرىلىدى. ئاقىۋەت ئېرىشكەن قىسمەت ئاسمان ـ زېمىن پەرقلەندى: ئۇلار — ئىلغار، بىز — قالاق؛ ئۇلار كۈچلۈك، بىز ئاجىز؛ ئۇلار سودىگەر، بىز خېرىدار؛ ئۇلار باي، بىز نامرات.

— مۇھەممەتتۇرسۇن قۇربان

---

ئاپتور: كونىشەھەر ناھىيە ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ خادىمى

※ ※ ※

▲ ئۆتمۈشتە ئەرلەرنىڭ گۈزەللىكى جاسارەت ۋە باتۇرلۇق، ئاياللارنىڭ گۈزەللىكى نازاكەت ۋە ياخشى خۇلق بىلەن ئۆلچەنسە، ھازىر قارىسام، ھەر ئىككىلىسىگە پۇل بىلەن چىراي ئورتاق بوپقاپتۇ.

— نۇرئەخمەت تەۋەككۇل

---

ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن ـ ئىقتىساد ئىنستىتۇتى ئىقتىساد 2007 ـ يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ سەن ئۆچۈن ئىلگىرىلەشنىڭ ئەڭ ياخشى پەيتى، دەل باشقىلارنىڭ بىخۇد ۋاقتىدۇر

— ئابلىكىم مۇھەممەت

---

ئاپتور: پەيزاۋات ناھىيە 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 2 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر تەرمەچىلىرى

▲ ئۆزۈڭ ھېس قىلالمىغان ئاجىزلىقىڭ، يولۇڭدىكى ئەڭ زور پۇتلىكاشاڭ.

▲ دوستۇڭ باشقىلارغا قاملاشمىغان ئىشىڭنى تۈزۈپ، دۈشمىنىڭ قاملاشقان ئىشىڭنىمۇ بۇزۇپ كۆرسىتىدۇ.

▲ چۈشەنمەي كۈلۈش نادانلىق، بىكاردىن ـ بىكارغا كۈلۈش سارائىلىق .

▲ قىلىنمىغان ئىش جىق سۆزلىنىدۇ.

▲ بىلمىگەن ئىشلاردىن خىجىل بولۇش، خىجالەتنىڭ ئەڭ ياخشىسى.

▲ ياخشىلار بىر- بىرىنىڭ غېمىنى يەپ ئۆتىدۇ، يامانلار بىر- بىرىنىڭ نېنىنى يەپ.

▲ بالام يارامسىز دېگۈچە، ئۆزۈم ئىقتىدارسىز دېسەڭ ئەڭ مۇۋاپىق.

▲ ئوغرى گۇمانخور، پەسكەش زىناخور، ئۆشىشۇق بالاخور، خۇشامەتچى تەمەخور كېلىدۇ.

▲ سۆز كۆپەيسە، مەقسەت يوقاپ كېتىدۇ.

▲ ئىنتىزامسىز— چېچىلاڭغۇئادەم بىر بولسا كۆتەككە، بىر بولسا يونىمىغان توغراققا ئوخشايدۇ. ئۇنى ئەيۋەشكە كەلتۈرۈش ئۈچۈن نۇرغۇن يېرىنى ھەرىدەپ ئېلىۋېتىشكە توغرا كېلىدۇ.

▲ ئادەملەرنىڭ رەزىللىرى نەتىجىنى كۆرگەندە نىيىتىنى بۇزىدۇ.

▲ ئىناق-ئىتتىپاقلىق - كوللېكتىپنىڭ سالامەتلىكى.

▲ ئۆگىنىشتىكى شەكىلۋازلىق، ئۆزىنى ئالداشنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى.

▲ ئادەمنى دەرد-ئەلەم، كوللېكتىپنى ئىناقسىزلىق قېرىتىدۇ.

▲ يالغان .گەپنى پەرق ئېتىش ئىقتىدار، ئۇنىڭغا قۇلاق سالماسلىق دانالىق.

▲ ناھەقچىلىك ئەڭ رەزىل دۈشمەن، ئۇنىڭغا قارشى كۈرەش قىلغان ئادەم ئەڭ بۈيۈك پالۋان.

▲ ئەقىل چىراغ، تەپەككۇر توك، بىلىم نۇر.

▲ ئازغان يولۇڭنىڭ قايەردە ئىكەنلىكىنى بىلمىسەڭ، مەڭگۈ ئېزىپ كېتىۋېرىسەن.

▲ ئېتىقاد رىۋايەتلەشسە،ئەمەلىي تۇرمۇشتىن يىراقلاپ كېتىدۇ. ئەمەلىي تۇرمۇشتىن يىراقلاپ كەتكەن ئېتىقاد ئاسانلا خۇراپاتلىق يولىغا مېڭىپ قالىدۇ.

▲ ھەركىم ئۆزى توغرا دەپ قارىغاننى ھەقىقەت دېگەنلىكتىن، ئىنسان مۇرەككەپلىشىپ كەتكەن.

▲ مەكتەپتە ئۆگىنىپ، جەمئىيەتتە ھەزىم قىل.

▲ بىلىم ئوقۇشتىن، نەتىجە ئىشلەشتىن، شەرەپ ئۆرلەشتىن كېلىدۇ.

▲ ئاۋۋال ئۆگىنىپ ئاندىن ئىشلە؛ ئاۋۋال ئىشلەپ ئاندىن چىشلە.

▲ نادانلارنىڭ يولىدا قاراڭغۇلۇق، ئەخمەقلەرنىڭ يولىدا توزاق كۆپ.

▲ ئىككى بىسلىق پىچاقنىڭ بىر بىسى ساڭا قاراپ تۇرىدۇ.

▲ ئاداشقاندىن يول، نامراتتىن پۇل، ئىش كۆرمىگەندىن مەسلىھەت، ھەسەتخوردىن نەسىھەت سورىما.

— مۇھەممەتجان ئابدۇغېنى

---

ئاپتور: كېرىيە ناھىيە خەلق قوراللىق بۆلۈمىدە ئوفىتسېر

## تەپەككۇر جەۋھەرلىرى

▲ ئادەم ئەڭ ئاسان يوقىتىپ قويىدىغان بايلىق ۋاقىت، پۇرسەت، ساغلاملىقتىن ئىبارەت.

▲ ماختاشنى خالاش— ئىنسان تەبىئىتى، ماختاپ تۇرۇپ ئالداش ھىيلە-مىكىر سەنئىتى.

▲ كۈچلۈكلەر دائىم باشقىلارغا سوئال نەزىرى بىلەن ، ئاجىزلار ئۈمىد نەزىرى بىلەن قارايدۇ.

▲ كۆز يېشى— ئامالسىزلىقتىن ئىپادىلىنىدىغان كۆپ چېكىت.

▲ تارىخ— ھۆرمەت ۋە ئىبرەتنى تۇغقۇچى ئانا.

▲ قەلەمدە يېزىلغان تارىخ ئۆچۈپ كەتمەسمۇ، قەلبكە يېزىلغان تارىخ ئاسانلىقچە ئۆچۈپ كەتمەيدۇ. چۈنكى ئالدىنقىسى رەڭدە، كېيىنكىسى قان بىلەن يېزىلغان.

▲ تۇرمۇش قانچە رىتىملىق بولسا، ھايات شۇنچە تېتىملىق بولىدۇ.

▲ مەنزىل قانچە يىراق بولسا ئۈمىد شۇنچە قەدىرلىك بولىدۇ.

▲ ئەستايىدىل ئاڭلا، ئەمەلىي كۆر، ھەقىقىي ياز، شۇندىلا خەلقىنىڭ ساداسىنى ئەكس ئەتتۈرەلەيسەن.

▲ تەۋەككۇلچىلىك— ئەڭ ئاخىرقى تاللاش يولى.

▲ ئائىلىدە ئەرلەرنىڭ خۇشاللىقى ھۆرمەت تاپقانلىقتىن، ئاياللارنىڭ خۇشاللىقى كۆيۈنۈشتىن كېلىدۇ.

▲ ئىشەنچ— چۈشىنىشنىڭ ئەمەس، ۋەدىگە ۋاپا قىلىشنىڭ مەھسۇلىدۇر.

▲ سەن خۇشاللىقتىن ئۆزۈڭنى بىلمەي قالغان ۋاقتىڭ، دەل دۈشمىنىڭنىڭ ساڭا ھۇجۇم قىلىدىغان ۋاقتىدۇر.

▲ بۇ ئالەمدە ئاتا-ئانا پەرزەنتنى، ئۇستاز شاگىرتنى، ئەل-جامائەت يۇرتدىشىنى ئەڭ ئاسان ئەپۇ قىلىدۇ.

▲ ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، قانۇن— دۆلەتنىڭ، ئەخلاق— ئەل-جامائەتنىڭ، ۋىجدان— شەخسنىڭ ئادىللىق تارازىسىدۇر.

▲ ئويلاپ سۆزلىسەڭلا ئاندىن باشقىلارنى ئويلاندۇرالايسەن.

▲ رېئاللىقتىن ئۆزىنى قاچۇرۇش— ئادەملەرنىڭ ئۆزىنى جازالاشتىكى بىر خىل ئۇسۇلدىن ئىبارەت.

www.uyghurkitap.com

▲ سەنئەتكارنىڭ ئەخلاقى يېگىلىگەندە ئېلان ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

▲ ھەربىر ئادەمنىڭ كۆڭلى ئۆزىگە پادىشاھ بولغاچقا باشقىلارنى مەسخىرە قىلالايدۇ.

▲ ھايات ــ مېھرى ئاتەش ئانا، رېئاللىق ــ قاتتىق قول دادا.

▲ قۇلاقنىڭ سوئال بەلگىسىنىڭ شەكلىدە ئىكەنلىكى، «ئاڭلىغان سۆزلەرنىڭ ھەممىسىگە ئالدىراپ ئىشىنىپ كەتمە» دېگەنلىكتۇر.

ــ قۇربان ئابلىمىت

---

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە يامانيار يېزا ئوتتۇرا مەكتەپتە مۇئەللىم(M1)

## «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر كۆزى»سەھىپىسىدىكى كۆچۈرمىكەشلىك ۋە ئوخشاشلىقلار

▲ باشقىلارنىڭ خاتالىقىغا بىرىنچى قېتىم يول قويۇش ئاقلانىلىك، ئىككىنچى قېتىم يول قويۇش ئادەمىيلىك، ئۈچىنچى قېتىم يول قويۇش نادانلىقتۇر.

ــ قاسىمجان ئەمەت (2004 ـ يىل 4 ـ سان 74 ـ بەت)

▲ باشقىلارنىڭ خاتالىقىنى كەچۈرۈۋېتىش ئەڭ چوڭ كەڭ قورساقلىق. لېكىن بىر قېتىم كەچۈرۈۋەتكەندىن كېيىن يەنە قايتا خاتالىق سادىر قىلغۇچىلارنى كەچۈرۈۋېتىش، ئۇلارنى بېشىڭغا دەسسەپ مېڭىشقا تەكلىپ قىلغانلىق.

ــ ئوسمانجان ئابدۇرەشىد(2006 ـ يىل 1 ـ سان 28 ـ بەت)

▲ بىرىنچى قېتىم يول قويۇشۇڭ ئاقىللىقتىن، ئىككىنچى قېتىم يول قويۇشۇڭ ئالىيجانابلىقتىن، ئۈچىنچى قېتىم يول قويۇشۇڭ، باشقىلارنىڭ شىللەڭگە مىنىۋېلىشقا شارائىت ھازىرلاپ بەرگەنلىكىڭدىن ئىبارەت.

ــ مەنسۇرجان نۇرىي(2008 ـ يىل 6 ـ سان 50 ـ بەت)

▲ ئىشى يوقنىڭ ئېشى يوق، ئېشى يوقنىڭ بېشى يوق.

ــ غەنىزات ئۇيغۇر(2006 ـ يىل 2 ـ سان 41 ـ بەت)

▲ ئەقلى يوقنىڭ ئىشى يوق، ئىشى يوقنىڭ ئېشى يوق، ئېشى يوقنىڭ بېشى يوق.

ــ ئابدۇراھەت ئاباق(2008 ـ يىل 2 ـ سان 44 ـ بەت)

▲ تارىخقا قاراشتىن بۇرۇن، شۇ تارىخنى يازغان يازغۇچىغا قاراش كېرەك.

ــ تۇرامەت مۇھەممەتئىمىن(2005 ـ يىل 4 ـ سان 47 ـ بەت)

▲ تارىخقا ئىشىنىش ئۈچۈن ئاۋۋال ئاپتورنىڭ كىملىكىنى بىلىش زۆرۈر.

ــ ئابدۇغەنى توختى توغرۇل(2007 ـ يىل 3 ـ سان 41 ـ بەت)

▲ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە يورۇقلۇقنى ئېنىق كۆرگىلى بولغان بىلەن، يورۇقلۇق ئىچىدە قاراڭغۇلۇقنى پەرق ئەتمەك بەكمۇ تەس.

ئوبۇلقاسىم مەتيۇسۇپ(2005 ـ يىل 4 ـ سان 26 ـ بەت)

▲ ئادەم يورۇقلۇقتا تۇرۇپ قاراڭغۇلۇقتىكى ئىشلارنى كۆرمىگەن بىلەن، قاراڭغۇدا تۇرۇپ تورۇقلۇقتىكى ئىشلارنى ئېنىق كۆرەلەيدۇ.

ــ راملە ئەرشىددىن(2006 ـ يىل4 ـ سان 26 ـ بەت )

▲ قىزنى ئازدۇرغان يىگىتنىڭ ۋەدە سۆزى، يىگىتنى ئازدۇرغان قىزنىڭ جادۇ كۆزى .

ــ ياقۇپ ھەمدۇللا(2006 ـ يىل 3 ـ سان 48 ـ بەت)

▲ قىزلارنى ئوغۇللارنىڭ سۆزى، ئوغۇللارنى قىزلارنىڭ كۆزى بۇزىدۇ.

ــ ئابدۇغەنى توختى توغرۇل(2007 ـ يىل 4 ـ سان 61 ـ بەت)

▲ ئانا، بېشىڭىزدىكى ياغلىقنى يېرىم ئارتمىغان بولسىڭىز، قىزىڭىزنىڭ ياغلىقنى يەردىن ئېلىپ ئاۋارە بولمىغان بولاتتىڭىز.

ــ ئابدۇخەلىل ئابدۇقادىر(2004 ـ يىل 1 ـ سان)

▲ ئانىلار ياغلىقنى گەدەنگە سىلىپ ماڭغاچ، قىزلار تاشلىۋېتىپ ماڭدۇ.

ــ ئابلەت مۇھەممەت كۇيزار(2007 ـ يىل 3 ـ سان 44 ـ بەت)

▲ تەرەققىيات ــ يوقتىش ھېسابىغا ئېرىشىش دېمەكتۇر.

ــ ئابدۇلئەزىز زاھىد(2004 ـ يىل 2 ـ سان 37 ـ بەت)

▲ تەرەققىيات ــ يوقىتىپ ئېرىشىش دېمەكلىكتۇر.

ــ مەھمۇدجان ئابدۇۋەلى داۋۇد(2006 ـ يىل 2 ـ سان 50 ـ بەت)

▲ پۇرسەت گويا بىر چاقماق، غىپ قىلىپ ئۆتەر، تەس ئۇنى تاپماق.

ــ مۇنەۋۋەر ئوبۇلھەسەن(2004 ـ يىل 2 ـ سان 34 ـ بەت)


▲ پۇرسەت كۆن نۇرىدەك پارقىراپ تۇرمايدۇ، بەئەينى چاقماقتەك ۋاللىدە يورۇپ ئۆتۈپ كېتىدۇ.

ــ ياقۇپ ھەمدۇللا(2005 ـ يىل 4 ـ سان 37 ـ بەت)

---

سېلىشتۇرۇپ دەلىللىگۈچى: «توغرۇل» كىتابخانىسىدىن ئابدۇغەنى توختى توغرۇل(M1)

## ئەلنىڭ كۆزى ئەللىك



# ئەقىدە ۋە سودا

مەھمۇت ئىلياس ئىدىقۇتلۇق

ئۈرۈمچى. ئۆكتەبىرنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىنىڭ بىرىدە يەنئەن يولى ئېغىزىدىكى ئاپتونوم رايونلۇق كىتابخانا بىناسىنىڭ ئالدى بىلەن كۆكرەك كېسەللىكلىرى دوختۇرخانىسى تەرەپكە قاراپ ، ئۆز خىيالىم بىلەن كېتىۋاتاتتىم. يېنىمدىلا:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، سىلى مۇسۇلمانمۇ؟ — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

ئۆرۈلۈپ قارىسام، بالا كۆتۈرگەن بىر ئايال كەينىمدىن ماڭا يېقىنلىشىپ كېلىۋاتاتتى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، مەن مۇسۇلمان،— دېدىم مەن.

قارىماققا ئوتتۇز ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان ئاق يۈزلۈك، ئېگىز بويى بۇ ئايال ناھايىتى ساغلام كۆرۈنەتتى. قۇچىقىدىكى تۇرقىدىن بىر ياشقا توشمىغان بوۋاق ھەر تەرەپكە قاراپ سىلكىنىپ تۇراتتى.

— سىلىدىن بىر ئىدارىنى سورىماقچى ئىدىم، — دەپ سۆز باشلىدى ئايال، — مەن خوتەنىدىن چىققان. بۇلتۇر دېھقانچىلىقتىن قولىمىزغا 20 ـ 30مىڭ كويدەك پۇل كىرگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن يولدىشىمنىڭ كۆڭلىگە جىن كىردى: « ھەممە ئادەم ئۈرۈمچىگە چىقىپ تاش سودىسى قىلىدىكەن، مەنمۇ بىر چىقىپ باقاي، باشقىلار تاپقان پۇلنى مەن تاپالماسمەنمۇ»دەپ ئولتۇرالمايلا قالدى. يولدىشىم ئۆيدىن شۇ چىقىپ كەتكەن پېتى ھازىرغىچە ھېچ يەردىن خەۋىرى يوق؛ ھەممىمىز دىققەتتە بوپقالدۇق. قېيناتا، قېينانام سۆزلەشكە باشلىدى: « ياش بولغان بولساقمۇ ئەگەكىم دېرىكىنى قىلىپ ئۈرۈمچىگە چىقار بولغىيتتۇق: بالام، ئولتۇرۇۋەرمەي ئۆزلىرىنى يەڭگىل قىلىپ يولغا چىققان بولسىلا. پوق بېسىپ ئولتۇرۇۋەرگەننىڭ پايدىسى يوق» دەپ تەنە قىلىپ ماڭا ئارام بەرمىدى. ئاخىرى يولغا چىقىپ قالدىم. ئۈرۈمچى دېگەن يامان شەھەركەن، قاتناشقا كېلىپ ئاپتوبۇستىن چۈشەر ـ چۈشمەيلا ھەممە نېمەمنى ئوغرى ئالدى، — دەپ جىمىپ قالدى جۇۋان ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ.

ھاۋا خېلى سوۋۇپ قالغان بولسىمۇ بۇ جۇۋاننىڭ كىيىملىرى يېنىك ئىدى. پوپايكا ئۈستىگە كىيگەن يالاڭ كالتە چاپىنى بەدىنىگە كىچىك كېپقالغاندەك چاپاننىڭ تۈگمىلىرى تارتىشىپ تۇراتتى.

— يۇرتتىن چىققاندا يېنىمغا قاشتېشى سېلىۋالغان، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى جۇۋان، — ئەمدى شۇنى خىراجەت قىلىپ خوتەنگە كېتىۋالسام، ئۈرۈمچىدە كۈن ئالماق تەسكەن.

ئۇ شۇ گەپلەرنى دېگەچ قولىنى قوينىغا تىقىپ قاشتېشىنى ئېلىشقا تەمشەلدى.

— توختاپ تۇرۇڭ، — دېدىممەن دەرھال، — مېنىڭ سودا ـ سېتىقتىن زادىلا خەۋىرىم يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە قاشتېشىنىڭ قانداقلىقىنىمۇ بىلىپ كەتمەيمەن. سىزگە دەپبېرەي: كەينىڭىزگە ئۆرۈلسىڭىز، ئەنە ئاۋۇ مەسچىتتىن ئوڭغا بۇرۇلۇپ ئۇدۇل ماڭسىڭىز دۆڭكۆۋرۈككە بارىسىز، قاشتېشى بازىرى شۇيەردە. بارسىڭىز، تونۇشلار ئۇچراپ قالسىمۇ ئەجەب ئەمەس.

— ئادەم غول يەردىن قورقىدىكەنمەن، — دېدى ئايال، — بۇ تاشنى ئۆزلىرى بىر كۆرۈپ باققان بولسىلا.

ئۇ، قوينىدىن بىر سۇلياۋ خالتىنى چىقاردى. خالتىدا ئىككى دانە قاشتېشى بار ئىدى. ئۇ تاشلارنىڭ كىچىكرەك كەلگىنىنى

## ئاگاھ ۋە دانا بولۇڭ

ئېلىپ ماڭا سۇندى. ئۇچىلىك چوڭلۇقتىكى بۇ ياپىلاق تاشنىڭ بىر ئۇچىغا شوينا ئۆتكۈزىدىغان تۆشۈك ئېچىلغانىدى. تۆشۈكنىڭ بىر يېنى سۇس جىگەر رەڭدە ئىكەن.

— تويۇمدا ماڭا ئالتۇن جابدۇق قىلىپ بېرەلمەي، مۇشۇ تاشنى بەرگەن؛ سىلى ئېلىپ قالسىلا،— دېدى جۇۋان.

مەن نېمە دېيىشىمنى ۋە نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي قولۇمدا قاشتېشىنى تۇتۇپ ھاڭۋېقىپ تۇراتتىم. يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىرەيلەن كەينىگە ئۆرۈلۈپ قاراپ، يېنىمىزغا كېلىپ بىزگە قوشۇلدى.

— قاشتېشى ئىكەن ـ ھە، بۇ. ئەكەلسىلە، مەن بىر كۆرەي، — دېدىدە، قولۇمدىن تاشنى ئالدى. تاشنى ئۆرۈپ ـ چۆرۈپ كۆرگەندىن كېيىن:

— قىزىل چاپىنى بار ئىكەن بۇنىڭ. تاشنى ساتامىلا؟ — دېدى ئۇ كىشى.

قارىغاندا بۇ ئادەم كوچىدا كۆپ ئۇچرايدىغان ئادەتتىكى ئېلىپساتار ئوقەتچىلەردىن ئىدى.

— تاش مېنىڭ ئەمەس.

خوتەنلىك ئايال سەل ھېيىققاندەك بولۇپ:

— تاش مېنىڭ، ساتىمەن، — دېدى بوش ئاۋازدا.

— نەچچىگە ساتىدىلا؟

— بىر مىڭ ئىككى يۈزكوي.

— مەن ئالاي، تۇتسىلا تاشنى،— دېدى ئۇ كىشى تاشنى ئايالنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ، يانچۇقىدىن پۇل چىقىرىپ ساناشقا باشلىدى.

— ئالدىرىمىسىلا، — دېدى جۇۋان، —ئەۋۋەل باھاسىنى كېلىشىپ ئاندىن پۇل سانىسىلا.

— ياق!... كېلىشىپ قالىمىز؛ مانا ئالسىلا قوللىرىغا، يەتتە يۈز كوي، يېنىمدا بارى شۇكەن.

— كەم بولار.

— ياقەي، نەق جايىدا بولدى؛ تۇتسىلا پۇلنى، — دەپ ئوقەتچى يۈز يۈەنلىك پۇلدىن يەتتىنى ئايالنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى.

ئايال پۇلنى قولىغا ئېلىپ:

— بوپتۇ، تاشنى سىلىگە بۇيرۇغان ئوخشايدۇ، مۇشۇ پۇل بىلەن يۇرتۇمغا كېتىۋالارمەن، — دېدىدە، قاشتېشىنى ئۇ كىشىگە بەردى.

مەن بۇ سودىدىن تازا رازى بولمىغاندەك بولۇپ يولۇمنى داۋاملاشتۇردۇم. مۇساپىر جۇۋان قاراپ تۇرۇپ بىر نەچچە يۈز كوي زىيان تارتىپ قالدى. بۇمۇ بىر ئىلاجىسىزلىقتىن بولغان ئىش ـ دە، دېدىم ئىچىمدە. تاشنى سېتىۋالغان ئوقەتچى ماڭا ياندىشىپ مېڭىپ قولىدىكى تاشنى كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ قىممىتىنى ماڭا چۈشەندۈرۈۋاتاتتى:

— مانا قارىسىلا، بۇ تاش ئۈزۈن ساقلانغان تەۋەررۇك تاشلاردىن ئىكەن، كۆزى بار. سودا دېگەن شۇنداق نەرسە، خۇدايىم بەرسە بىر مىنۇتنىڭ ئىچىدىلا ئوبدان پايدا ئېپقالىدىغان گەپ. پايدا ـ زىيان دېگەن غايىبتىن بولىدۇ. مانا بۇ تاشنى بازاردا گەپ يوق مىڭ نەچچە يۈز كويغا ئالىدۇ.

بىز كېتىۋېتىپ چوڭ بىنانىڭ ئالدىدىكى ماشىنا توختىتىش مەيدانىغا كېلىپ قالدۇق. شۇ يەردە بىنادىن چىقتىمۇ ياكى پىكاپتىن چۈشتىمۇ، ئىشقىلىپ بىر ئادەم ئالدىمىزغىلا كېلىپ قالدى.

— قاشتېشىمۇ بۇ، كۆرۈپ باقسام بولامدۇ؟ — دېدى ئۇ قارشىمىزدا توختاپ.

— ھە... مانا كۆرسىلە، — دېدى ھەمرىھىم ئۈزۈن پەلتۇ، قاما قۇلاقچا كىيگەن ئۇ كىشىگە.

ئۇ، قاشتېشىنى ئۆرۈپ ـ چۆرۈپ كۆرگەندىن كېيىن :

— ساتامسىلە، باھاسى قانچە؟ — دېدى.

— ئوبدان مال، ئېپقويسىلا. بىر مىڭ ئۈچ يۈز كوي، — دېدى ھەمرىھىم.

— نەق مىڭ كويلا بېرەي، قانداق؟ — دەپ قوينىغا قولىنى ئۇزاتتى ئۇ كىشى.

— كەم بولار.

— ياقەي، باھاسى شۇ. بوپتۇ، يەنە يۈز كوي قوشۇپ قوياي، ئۇنىڭدىن ئۆرە بولمايدۇ.

ئۇ، قوينىدىن يۈز يۈەنلىك پۇلدىن قىلىن بىر تۇتامنى چىقىرىپ، ئۇنىڭدىن 11نى ئايرىپ ھەمرىھىمغا تۇتقۇزدى.

— رازى بولسىلا ئەمسە.

— سىلىمۇ رازى بولسىلا.

بىردەمنىڭ ئىچىدە 400يۈەن پايدا قولىغا كەلگەنىدى. مەن ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن ئۆتكەن پۈتكۈل ئۆمرۈمدە بۇنداق ئاسان تاپاۋەتنى كۆرمىگەچكە، بۇ 400يۈەننى ئەقلىمگە سىغدۇرالمايۋاتاتتىم. 400يۈەن ـ ھە. ئەگەر مەن ئىشتىن سىرت ئوقۇغۇچىلارغا دەرس ئۆتسەم ئۆز مەكتىپىمدە سائىتىگە 15يۈەن، ئالىي مەكتەپ ياكى ئوقۇتقۇچىلار كۇرسلىرىغا بېرىپ دەرس ئۆتسەم سائىتىگە 50يۈەن ھەق ئالاتتىم. بۇ 400يۈەن ئۈچۈن ماڭا مۇنبەردە قانچە سائەت ئۆرە تۇرۇپ بور يەپ سۆزلەپ، دوسكىنى فورمۇلالار بىلەن توشقۇزۇشقا ، دەرس تەييارلىقى ئۈچۈن يەنە كېچىلىرى مۇكچىيىپ ئولتۇرۇپ مەسىلىلەر ئۈستىدە قانچە سائەتلەپ قاتتىق باش قاتۇرۇشقا توغرا كېلەتتى ـ ھە!؟

— مانا، سىلىگە يىگىرمە كوي، — دېدى ھەمرىھىم قولىدىكى يۈز يۈەنلىك پۇلدىن بىرنى ئاجرىتىپ ماڭا سۇنۇپ.

— بۇ نېمە يىگىرمە كوي؟

— بۇ سىلىنىڭ ھەقلىرى. ئەسلي بۇ سىلىنىڭ سودا ئىدى، مەن ئارىلىشىپ قالدىم. يىگىرمە كوي سىلىگە چاي پۇلى بولسۇن، چاپسان ئالسىلا.

گاڭگىراپ قېلىۋاتاتتىم. ھېچقانداق ئەجىرسىزلا نېمە ئۈچۈن 20 نانىنىڭ پۇلىغا ئىگە بولغۇدەكمەن.

ــ سەت تۇرىدۇ، لازىمى يوق. يېنىڭىزغا سېلىپ قويۇڭ، ــ دېدىم مەن.

ــ بۇ سىلىنىڭ ھەقلىرى تۇرسا، نېمىشقا ئالمايلا. سودا ئۆز قائىدىسى بىلەن بولمىسا راۋا بولمايدۇ. يانلىرىدا سەكسەن كوي پارچە پۇل يوقمۇ؟ ــ شۇنداق دەپ ئۇ يانچۇقىدىن پارچە پۇل ئاختۇرغىلى تۇردى. مېنىڭدىن سەكسەن يۈەن، ئۇنىڭدىن يىگىرمە يۈەن پارچە پۇل چىقمىدى.

ــ تاشتىن يەنە باشقىسى يوقمىدى؟ ــ دەپقالدى ھېلىقى قاما قۇلاقچىلىق بۇرادەر.

ئۇ ماڭا چوڭ دوكار قاشتېشى سودىگىرىدەك كۆرۈندى.

ــ ئالامتىڭىز؟ ــ دېدىممەن شۇ چاغدا . بۇ سۆز ئاغزىمدىن قانداق چىقىپ كەتكىنىنى ئۆزۈممۇ تۇيماي قالدىم.

ــ ئالىمەن.

ــ ھېلىقى ئايالدا قاشتېشىدىن يەنە بىرى بار، ــ دېدىم تۆۋەنرەك ئاۋازدا ھەمرىھىمغا .

ــ سىلى مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسىلا، تاشنى ھازىرلا ئەكېلىمىز دېدى ھەمرىھىم قاما قۇلاقچىلىققا.

كەينىمىزگە يېنىپ بېرىپ قارىساق خوتەنلىك جۇۋان بالىسىنى دوختۇرخانا بىناسىنىڭ قىرغىقىغا تۇرغۇزۇپ قويۇپ كىيىملىرىنى تۈزەشتۈرۈۋاتقانىكەن.

ــ خالتىدىكى يەنە بىر تاشنى ساتامسىز، ــ دېدىم مەن.

ــ ئۇ تاش قىممەترەك ئىدى. باھاسى ئۆرە.

ــ ئېلىڭ، كۆرەيلى، ــ دېدى ھەمرىھىم شۇ ھامان.

ئايال يانچۇقىنى ئاختۇرۇپ، غاز تۇخۇمى چوڭلۇقىدىكى يېرىم سۈزۈك سۇس كۆكۈش تاشنى چىقاردى. «ئونبەش مىڭ كوي» دېدى ئۇ باھاسىنى. چۆچۈپ كەتتىم. پالاكەتچىلىككە ئۇچراپ باشقىلارنىڭ ياردىمىگە موھتاج بولۇۋاتقان بۇ مەزلۇمنىڭ يانچۇقىدا قانداق قىلىپ ئونبەش مىڭ كويلۇق مال بولىدۇ؟! بۇ ئايال بۇ ماللارنى نېمە ئۈچۈن ئاۋات بازاردا ساتماي ، بازىرى يوق خىلۋەت كوچىدا ساتىدۇ، ئوغرىلانغان مالمۇ ـ يا؟! دېگەن ئوي مېڭەمدىن چاقماق تېزلىكىدە ئۆتۈپ كەتتى. موھتاجلىقتا نېمە ئىشلار بولمايدۇ دەيسىز. قېيناتىسىنىڭ ساقلاپ قويغان مېلى بولمىسۇن يەنە؟ ئەگەر مەن زاڭ مال سودىسىغا ئارىلىشىپ قالغان بولسامچۇ؟ پېشانەمدىن سوغۇق تەر چىقىپ كەتتى. ھەمرىھىم بىلەن ھېلىقى ئايالنىڭ بىرنەرسىلەرنى دېيىشىپ سودىلىشىۋاتقانلىقى قۇلىقىمغا كىرىپ تۇرسىمۇ، كاللام جايىدا ئەمەس ئىدى. ئۆزۈمنىڭ نېمە قىلىۋاتقىنىم ۋە نېمىلەرنى دەۋاتقىنىمنى بىلمەس بوپقالغانىدىم. ئۇلار قاشتېشىنىڭ باھاسىنى 10مىڭ كويغا پۈتۈشتى.

ــ ئون تۆتمىڭ كويغا ساتىمىز، بىرىمىز ئىككى مىڭ كويدىن بۆلۈشىمىز، ئىش پۈتتى،ــ دېدى ھەمرىھىم قۇلىقىمغا پىچىرلاپ ۋە خوتەنلىك ئايالغا:

ــ مانا، سانىۋېلىڭ، نەق مىڭ كوي، تاشنى بەرسىڭىز قالغان توققۇز مىڭ كويىنى ھازىرلا قولىڭىزغا بېرىمىز، ــ دەپ قولىدىكى پۇلنى تەڭلىدى.

ــ ئۇنىڭدا بولماسمىكىن، پۇلنى تولۇق ئالغاندىن كېيىن تاشنى بېرەرمەن.

ــ ھەي ي... ما ئىشنى كۆرۈڭ، پۇلنى ھازىرلا بېرىمىز ئەمەسمۇ... پۇل بولسا چىقارسىلا سىلى، ــ دېدى ھەمرىھىم ماڭا قاراپ.

ــ مەندە پۇل يوق، ــ دېدىم ئۇنىڭغا. ۋە ئايالغا، ــ بىزگە ئىشىنىڭ، پۇل ھازىرلا قولىڭىزغا تېگىدۇ، ــ دەپ گۇۋاھلىق بېرىپ سالغىنىمنى ئۆزۈممۇ تۇيماي قالدىم. ئويۇمدا، قاما قۇلاقچىلىقنىڭ قولىدا بىر باغلام پۇل بولغاندىكىن، ئۇنىڭ بىلەن بولغان سودىمۇ ھايال بولماي پۈتەتتى. قالغان پۇلنىڭمۇ ئايالنىڭ قولىغا تېگىشى تەھقىق ئىدى.

خىياللىرىم تىزگىنىنى يوقىتىپ قويۇۋاتاتتى: سودا پۈتسە، دەپ ئويلايتتىم. مۇساپىر ئايالنىڭ قولىغا پۇل كىرسە، يولىغا راۋان بولسا، قاشتېشى دوكارىمۇ بۇ ئېسىل تاشنى قولىغا ئالسا، ئېلىپساتار ئوقەتچىمۇ ئارىدىن پايدىسىنى يېسە... دەل شۇ يەرگە كەلگەندە خىيالىمدا ماڭا تېگىدىغان ئىككى مىڭ كويىنى ئېلىشقا جۈرئەت قىلالمايۋاتاتتىم.

باشقىلارنىڭ ئىشلىرى راۋا بولسا، پۇلنى ئالمىسامۇ مەيلىغۇ؛ ئوشۇقچە ئىشقا چېتىلىپ قالغاندىن قۇلاقنىڭ تىنچ بولغىنى ياخشى ئەمەسمۇ؟ !

ــ سىلى ئىككىلىرى مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرۇشسىلا، مەن پۇل جايلاپ كېلەي، ــ دېدى ھەمرىھىم خىيالىمنى بۇزۇپ، ــ يېرىم سائەتكە قالماي كېلىمەن، ــ دەپ قويۇپ مېڭىپ كەتتى.

بىز پۇلنىڭ كېلىشىنى ساقلاپ تۇردۇق. ئايال مېنىڭ پېنسىيىگە چىققان ـ چىقمىغانلىقىم، قانچە مائاش ئالىدىغانلىقىم قاتارلىق ئۇششاق ئىشلارنى سوراشقا باشلىدى. بىر ئازدىن كېيىن:

ــ قاچان كېلىدۇ ئۇ كىشى، ئون مىڭ كويغا تاشنى سىلى ئېپقويسىلا ، ــ دەپقالدى ئايال.

ئۆيدە پۇلمۇ، چەكمۇ بار ئىدى. ئۆيۈم يولنىڭ قارشى تەرىپى ــ ئۇدۇلىمىزدا، بانكىمۇ يېنىمىزدىلا ئىدى. سودىنى ئۆزۈملا پۈتتۈرۈۋەتسەممۇ بولاتتى. بىراق كېلىدىغان تۆت مىڭ كوي پايدىنى شۇنداقلا سوقۇۋېتىشكە جۈرئەت قىلالمايۋاتاتتىم. يەنە ھېلىقى ئوقەتچى پۇلنى ئېلىپ كېپقالسا ئۇنىڭدا قانداق بولىدۇ؟ دەپ ئويلايتتىم. بولۇپمۇ چوڭ پايدا مېنى ۋەھىمىگە سېلىپ تۇراتتى. ھەر ھالدا مېنىڭ چەتتىرەك تۇرغىنىم ياخشى.

www.uyghurkitap.com

— توختاپ تۇرۇڭ، ھېلىقى كىشى كەلسۇن، — دېدىم ئايالغا.

— تـوڭلاپ كېتىـۋاتىمەن، — دېـدى ئـۇ ۋە بىنانىـڭ سايىسىدىن يۆتكىلىپ ئاپتاپ تەرەپكە سۇرۇلدى. مەن پات-پات ھېلىقى ئۇقەتچى كەتكەن تەرەپكە قاراپ قوياتتىم.

— بالامنىڭ قورسىقىمۇ ئاچقاندۇ، مەن ماڭاي، — دېدى ئايال.

— توختاڭ، يەنە ئازراق ساقلايلى.

شۇ چاغدا قاشتېشى دوكارى بىزگە يېقىنلىشىپ كېلىۋاتاتتى. «ھەي ي... قاشتېـشىنى ئېپكېتىـدىغان بولدىـدە ئـۇ. بىـز پۇتۇشكەن پۇلغا ئاسانلا ئېپكېتەرمۇ؟» دەپ ئويلىدىم مەن.

— قانداق بولدى؟ — دېدى دوكار.

— تاشنى مەن ئېپبولدۇم ، — دېدىم مەن.

— قېنى ئۇ تاش؟

تاش ئايالنىڭ قولىدا ئىدى.

— تاشنى سىز راست ئالامسىز، — دېدىممەن ئۇنىڭغا.

— ئالىمەن، — دەپ قوينىدىن بىر تۇتام پۇلنى چىقاردى دوكار.

— ئالسىڭىز ئەنە ئۇ تاش. 13مىڭدىن كەم بولمايدۇ، — دېدىم كەسكىن قىلىپ.

— يېنىمدىكىـسى 10مىـڭ كـوي، قـالغىنىنى بانكىدىـن ئېپبېرەي، — دېدى دوكار ئايالغا.

ئايال رازىلىق بىلدۈردى. ئۇلار بانكا تەرەپكە كېتىۋاتقاندا:

— 13مىڭدىن كەم بولمىسۇن، — ھە! دەپ ئەسكەرتتىم جۇۋانغا.

ئـۇلار كەتكەنـدىن كېيىـن بىـراقلا يەڭگىللـەپ قالغانـدەك بولدۇم. سودىنى ئەسلىدىكى ئادەمدىن باشقا ئادەمگە پۇتۇشۇپ بەرگەن بولساممۇ، باشقا يۇرتقا چىقىپ قالغان ئايالغا ئۈچ مىڭ كوي پايدا كەلتۈرگەندىن كېيىن يامان ئىش قىلمىدىمغۇ دەپ كۆڭلۈمنى ئەمىن تاپقۇزدۇم.

بۇ، ھەقىقىي بولغان ئىش. مۇشۇ ئىشتىن كېيىن خېلىغىچە ئۆزۈمنى زاڭ مال سودىسىغا ئارىلىشىپ قالدىممۇ قانداق، دەپ بىئـارام بولـۇپ يـۈردۈم. يەنە بىـر تەرەپتىـن سـودىدىكى جۇرئەتسىزلىكىمدىن خىجالەت بولۇپ، بۇ ئىشلارنى ھېچكىمگە دېيەلمىدىم.

ئىككى ھەپتە ئۆتكەنـدىن كېيىـن ، گەپـكە گەپ ئـۇدۇل كېلىپ بۇ ئىشنى ئۆيدە بالىلىرىمغا تەپسىلىي سۆزلەپ بەردىم. شۇ كۈنى ئۆيىمىزدە بۇرۇنقى ئوقۇغۇچىلىرىمدىن بىرسى بار ئىدى. ھازىر ئۇ بىر ساقچىخانىنىڭ ساقچىسى ئىدى. ھەممە گەپنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن:

— سىزنى خۇدايىم بىر ساقلاپتۇ، — دېدى ئىككى ئوغلۇم بىـر ئېغىـزدىن. سـاقچى بولـسا « ھەي مـۇئەللىم...» دەپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى. ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، سىزچۇ؟ سىز قانداق ئويلىدىڭىز؟

2008_يىل 21_يانۋار. شەھىرى ئۈرۈمچى

---

ئاپتور: پېداگوگ، شىنجاڭ تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتىپىدە فىزىكا ئوقۇتۇشى بويىچە پېنسىيىدىكى ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى(M2)

## چەت ئەللەردىكى مۇشتەرىلەر سەمىگە


«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىغا چەت ئەللەردىن مۇشتەرى قوبۇل قىلىشنى جۇڭگو كىتاب ئىمپورت-ئېكسپورت (گۇرۇھى) باش شىركىتى ۋاكالىتەن بېجىرىدۇ. ژۇرنىلىمىزنىڭ چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: 6498BM. ژۇرنىلىمىزغا مۇشتەرى بولماقچى بولغان چەت ئەللەردىكى ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ جۇڭگو كىتاب ئىمپورت- ئېكسپورت (گۇرۇھى) باش شىركىتىنىڭ ئېكسپورت بۆلۈمى بىلەن ئالاقىلىشىشىنى سورايمىز. شىركەت ئادرېسى: جۇڭگو بېيجىڭ چاۋياڭ رايونى ئىشچىلار تەنتەربىيە سارىيى شەرقىي يولى 16- قورۇ

## 告海外读者

“新疆文化”杂志向海外发行事宜由中国图书进出口（集团）总公司代理，如海外读者要订阅本刊，与中国进出口（集团）总公司出口部联系。本刊海外发行代号：6498BM

China National Publications Import & Export Corporation

P.O.Box 88, 16 Gongti East Road, Beijing 100020 China　Fax: (010) 65063101



# كوچىدا ئاڭلىغان ئۈچ دەرس

زۇنۇن ھوشۇر

دوستۇم بىلەن كوچىدا پاراڭلىشىپ كېتىۋاتاتتۇق. ئۇ پاراڭ قىلغاچ ئىختىيارسىز ھالدا: «مەن خېلى ئۇزۇن يىل مائارىپ ساھەسىدە رەھبەر بولۇپ نۇرغۇن ئوقۇغۇچى تەربىيىلىگەنمەن، دەپ ئۆزۈمنى خېلى مۇكەممەل ئادەم چاغلايتتىم. ئىلگىرى - ئاخىر كوچىدا ئۈچ ئادەمنىڭ «دەرسى»نى ئاڭلاپ ئۆزۈمگە بىلىنمىگەن بەزى ئەيىبلىرىمدىن نومۇس قىلىپ قالدىم. كوچىدا ئاڭلىغان بۇ دەرسلەر ھەرگىز ئېسىمدىن چىقمايدۇ. ھەر قېتىم كوچىغا چىققاندا مېڭىش - تۇرۇش، كىيىنىش، كىشىلەر بىلەن سالام - سەھەتتە ئالاھىدە دىققەت قىلىدىغان بولدۇم» دەپقالدى ۋە ئىبرەت تەرىقىسىدە ماڭا سۆزلەپ بەردى:

بىر كۈنى ئۆزۈممۇ سەزمىگەن ھالدا كوچىدا چاپىنىمنىڭ يېڭىنى ساپىماي مەغرۇر مېڭىپتىمەن. بىر چاغدا مەن ئانچە تونۇپ كەتمەيدىغان، ئەمما مېنى تونۇيدىغان بىر ياش بالا ئالدىمغا كېلىپ: « شوجاڭ! سىلىنىڭ جەمئىيەتتە نام - ئابرويلىرى بار ئادەم، بىز سىلىنى ھۆرمەت قىلىمىز. لېكىن كىيىنىشلىرى نامۇ - ئەمەللىرىگە تازا ماسلاشماپتۇ. خاپا بولماي، چاپانلىرىنىڭ يېڭىنى سىيىۋالغان بولسىلا ياكى چاپاننى سېلىپ قوللىرىغا ئېلىۋالغان بولسىلا بوپتىكەن» دەپ كۈلۈمسىرىدى. مەن ئۇ ياشنىڭ سەممىي تەۋسىيىسىگە يۈزۈم پوكاندەك قىزارغان ھالدا رەھمەت ئېيتىپلا دەرھال چاپىنىمنىڭ يېڭىنى سىيىپ مېڭىشقا تەمشەلدىمىۇ، لېكىن تولىمۇ خىجىللىقتا پۇت - قوللىرىم ماغدۇرسىزلىنىپ توختاپ قالدىم. ھېلىقى ياش گېپىمنى ئىلىپ ئالدى دەپ قاراپ مەمنۇنلۇق بىلەن كۈلۈمسىرەپ مەندىن ئۇزاپ كەتتى. تەلىيىمگە، يېنىمدا باشقا ئادەمنىڭ يوقلۇقىنى يادىمغا ئېلىپ دەرھال ئېسىمنى يىغىۋالدىم - دە، يولۇمغا راۋان بولدۇم. كوچىدا ئاڭلىغان بۇ بىرىنچى دەرسنى ھەرگىز ئۇنتۇمىدىم. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ھەر قېتىم كوچىغا چىقىشتىن بۇرۇن كىيىملىرىمنى كىيگەندە ئەينەككە قاراپ ئۆزۈمنى تۈزەشتۈرۈپ چىقىشقا دىققەت قىلىدىغان بولدۇم.

يەنە بىر كۈنى كوچا ئايلىنىپ كېتىۋاتسام بىر تونۇشۇم ئۇچراپ، يانچۇقىدىن بىر سىقىم گازىر ئېلىپ قولۇمغا سېلىپ قويدى. مەن «رەھمەت» دەپ ئېلىپ ئىختىيارسىز چېقىپ مېڭىپتىمەن. دەل شۇ چاغدا ئۇشتۇمتۇت خۇشچىراي بىر مويسىپىت دېھقان كىشى ئالدىمغا كېلىپ توختاپ كۆرۈشۈپ ھال - ئەھۋال سورىغاندىن كېيىن: « ئۆزلىرىگە بىر گېپىم بار ئىدى، دېسەم بولارمۇ» دەپ ماڭا بىر خىل ئىلتىجالىق تەلمۈرۈپ قارىدى. « ئەلۋەتتە بولىدۇ» دېدىممەن خۇشاللىق بىلەن . دېھقان تەمكىن ھالدا : « بىز سىلىنى چوڭ بىلىمىز، لېكىنزە...» دەپ توختاپ قالدى. مەن ھودۇققان ھالدا: «ھە، دەۋەرسىلە» دەپ ئالدىراتتىم. ئۇ، قورۇنۇپقىنە: «بىزنىڭ ئادىتىمىزدە كوچىدا بىر نەرسە يەپ مېڭىش ياخشى ئىش ئەمەس، كۆڭلۈمنى يېقىن تۇتقىنىمدىن ئەدەپسىزلىك بولسىمۇ سىلىگە دەپ قويۇشنى زۆرۈر تاپتىم. كۆڭۈللىرىگە ئالمىغايلا» دېدى. مەن دەرھاللا:« ۋاي ئۇنداق بولامدىغان،

ئەخلاق — ئادەم زىننىتى

ياخشى كۆڭۈللىرىگە رەھمەت» دېدىمىۋ، يۈزۈم قىزىرىپ ئوت ئېپكەتتى. ھېلىقى مويسىپىت دېھقان كىشى شۇ گەپنى دەپ بولۇپ قېشىمدىن قانداق كەتكەنلىكىنى سەزمەي قاپتىمەن. شۇنىڭدىن باشلاپ كوچىدا بىر نەرسە يەپ مېڭىشتىن قاتتىق نومۇس قىلىدىغان بولدۇم.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە يەنە كوچىدا خىيالىمدا يوق قولۇمنى كەينىمگە تۇتۇپ مەغرۇر مېڭىپ كېتىپتىمەن. بىر چاغدا ئۇستىۋېشى رەتسىز ـ ئاۋارە بىر ئايال ئالدىمدا ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولۇپ قاتتىق ھەم قوپال تەلەپپۇزدا: «شوجاڭ! سىلى بىزنى تەربىيىلىگەن، كوچىدا قوللىرىنى كەينىلىرىگە تۇتۇپ، غادىيىپ ماڭسىلا بولمايدۇ ـ جۇمۇ، بەك سەت تۇرىدىكەن»دەپلا كەينىگە بۇرۇلۇپ كېتىپ قالدى. مەن خۇددى ئۇستۇمگە چاقماق چۈشكەندەك چۆچۈپ، نېمە قىلارىمنى بىلمەي ئورنۇمدا قېتىپلا تۇرۇپ قالدىم. بەدىنىمنى سوغۇق تەر بېسىپ كەتتى. سەل ئېسىمنى يىغىپ ئەتراپىمغا قارىسام، ھېلىقى ئايال مەن مۇدىر بولغان مەكتەپتە ئوقۇپ، ئالىي مەكتەپكە ئوقۇشقا بېرىپ پۇتتۇرۇپ، بىر نەچچە يىل ناھىيىمىزدە ئىشلەپ، كېيىن نېرۋىسىدىن ئادىشىپ قېلىپ، كوچىدا ئالاڭزادە سۆزلەپ يۈرۈيدىغان بوپقالغان ئوقۇغۇچۇم ئىكەن. ئۇنىڭ شۇ ھالىتتە تۇرۇپ ماڭا تەنبىھ بەرگەنلىكى مېنى چوڭقۇر ئويغا سالدى. مەندە ئاشۇ نېرۋىسى ئاجىز ئايالچىلىكمۇ يۈرۈش ـ تۇرۇش ئەخلاقى چۈشەنچىسىنىڭ بولمىغانلىقىدىن قاتتىق ئەپسۇسلاندىم. شۇندىن باشلاپ كوچىدا مېڭىش ـ تۇرۇشۇمغا ھەر ۋاقىت دىققەت قىلىدىغان بولدۇم، دەپ گېپىنى ئاخىرلاشتۇردى. دوستۇم كوچىدا ئاڭلىغان بۇ «ئۈچ دەرس»تىن مەنمۇ چوڭقۇر تەربىيە ئالدىم. بىر قېتىم دوست ـ بۇرادەرلەر يىغىلغان سورۇندا ئۇنىڭغا ھېلىقى «دەرس»لەرنى يەنە بىر سۆزلەتكۈزدۈم. سورۇندىكىلەر ئاڭلاپ: «ھەممىمىز ئەستە ساقلاپ، ئىبرەت ئېلىشقا تېگىشلىك مۇھىم دەرس ئىكەن» دېيىشتى قايىللىق بىلەن.

---

ئاپتور: پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى، ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان، ھازىر پېنسىيىدە(M1)

# تەھرىراتىمىزنىڭ ئالاھىدە ئۇقتۇرۇشى

ئاپتورلار تەھرىراتىمىزغا ئەسەر ئەۋەتكەندە تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشى كېرەك:

1.ئاپتورلار كونۋېرتقا ۋە ئەسەرگە ئىسىم ـ فامىلىسى، كەسپى، ئادرېسىنى ئۇيغۇر، خەنزۇ يېزىقلىرىدا ئېنىق ۋە تەپسىلىي يېزىشى، ئالاقىلىشىشقا قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن تېلېفون ۋە يانفونى بارلار ئەسكەرتىپ قويۇشى كېرەك.

2.ئەسەرلەر ئۆلچەملىك ماقالە ياكى ئىش قەغىزىگە قۇر ئارىلىقى كەڭ، ئىملا قائىدىسىگە ئۇيغۇن يېزىلىشى كېرەك. بەتنىڭ ئاستى ـ ئۈستىدىن مۇۋاپىق ئاق تاشلانمىغان، ئالدى ـ ئارقىسىغا يېزىلغان، ئىملاسى سەت، قۇر ئارىلىقى زىچ، سۆز ـ جۈملىلەر گىراماتىكا قائىدىسىگە ئۇيغۇن بولمىغان ئەسەرلەر بىردەك قوبۇل قىلىنمايدۇ ياكى ئىشلىتىلمەيدۇ. كومپيۇتېردا باستۇرۇپ ئەۋەتىش شەرت ئەمەس.

3.ئەسەرلەردە ئېلىنغان نەقىللەرنىڭ ئاپتورلىرى، بېسىلغان كىتاب، گېزىت ـ ژۇرناللارنىڭ نەشر قىلىنغان ۋاقتى، نەشر قىلغان نەشرىياتلار ئېنىق، توغرا، ئەينەن ئەسكەرتىلىشى كېرەك. مەزكۇر تەلەپكە ئۇيغۇن بولمىغان ئەسەرلەر بىردەك قوبۇل قىلىنمايدۇ ياكى ئىشلىتىلمەيدۇ.

4. تەرجىمە قىلىنغان ياكى نەشرگە تەييارلانغان ئەسەرلەرنى ئەۋەتكەندە مەزكۇر ئەسەرلەرنىڭ ئەسلىي نۇسخىسى ياكى كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىنى ئەۋەتىش بىلەن بىرگە، نەشر قىلغان گېزىت ـ ژۇرنال، نەشرىياتلارنىڭ نەشر قىلغان ۋاقتى، نەشر خاتىرىسىنى قوشۇپ قويۇشى كېرەك. بۇ تەلەپكە ئۇيغۇن بولمىغان ئەسەرلەر بىردەك قوبۇل قىلىنمايدۇ ياكى ئىشلىتىلمەيدۇ.

5. يېزا ـ قىشلاقلاردىكى ئاپتورلار، بولۇپمۇ دېھقان ئاپتورلار ئۆز ئادرېسلىرىنى يازغاندا، ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق كەنتلەرنى ئانچىنچى كەنت، مۇنچىنچى كەنت دەپ سان ـ رەقەم بىلەن ئالماي، شۇ يەرلىك ھۆكۈمەت ئورناتقان يەر ـ جاي ناملىرى تاختىسىدا يېزىلغىنى بويىچە ئەسلىي ئاتىلىشى بىلەن ئۆز ئەسەرلىرىگە توغرا يېزىشى كېرەك.

6. ئاپتورلار ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ ژۇرنالغا بېرىلگەن ياكى بېرىلمىگەنلىكىنى ژۇرنالدىن كۆرۈۋالسا بولىدۇ، تېلېفون قىلىپ سۈرۈشتۈرۈش ھاجەت ئەمەس. زۆرۈر تاپسا تەھرىراتىمىز ئاپتورلار بىلەن ئۆزى ئالاقىلىشىدۇ.

7. ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى ژۇرنىلىمىزغىلا تەۋە، رۇخسىتىمىزسىز ئىنتېر تورىغا چىقىرىشقا، توپلام تۈزۈشكە رۇخسەت قىلىنمايدۇ. خىلاپلىق قىلغۇچىلارنىڭ قانۇن بويىچە جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ. ھەر دەرىجىلىك رادىئو ئىستانسىلىرى ژۇرنىلىمىزدىكى ئەسەرلەرنى ئاڭلاتقاندا، ژۇرنىلىمىزدىن ئېلىنغانلىقىنى ئېنىق ئەسكەرتىشى كېرەك.

8. ژۇرنىلىمىزغا ئەۋەتىلگەن ئەسەرلەردىن ئۆزگەرتىش ۋە تولۇقلاشقا تېگىشلىك دەپ قارالغانلىرىدىن باشقىلىرى بىردەك قايتۇرۇلمايدۇ. شۇڭا ئاپتورلار ئەسەر ئەۋەتكەندە ئۆزىدە بىر نۇسخا ساقلاپ قېلىشى كېرەك.

9. پوچتىدىن قەلەم ھەققى سېلىشتا قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن ئاپتورلار تەھرىراتىمىزغا ئەسەر ئەۋەتكەندە كىملىكىنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىنى يازمىسىغا چاپلاپ ئەۋەتىشى كېرەك.

**ــ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى**




— «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2008 - يىلدىكى سەپىرىگە...

ئابدۇقەييۇم ئوبۇلقاسىم

## 1 - سان

«ئىنقىلابچى، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان تىياتىرچىلىقىنىڭ تۇنجى ئەۋلاد يېتەكچىلىرىدىن بىرى، مەدەنىيەت - سەنئەت ئەربابى قاسىمجان قەمبەرىي بىلەن «بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر نەشرىياتچىلىقىدىكى ئۇستاز مۇھەررىر، ئاتاقلىق ئەدەبىي تەرجىمان ماموت سابىت»دېرىزە پەردىسىنى قايرىپ، بىزنىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» كارۋىنىمىزغا ئەزگۈ تىلەكلىرى بىلەن بىر يىللىق سەپىرىمىزدىن نەتىجىلىك قايتىپ كېلىشىمىزنى تىلەپ دۇئا قىلىپ ئۇزىتىپ قويدى.

«بىز ئادەمدەك ياشايلى» دېگەن مەقسەتتە قەھرىتان قىشنىڭ جاندىن ئۆتىدىغان سوغۇقىغا قارىماي يولغا چىقتۇق. بىز« ئەقىدە غەلىيانلىرى» ئىچىدە «تەنھا ھەقىقەت ۋە كۆپلۈك شان - شەرەپ»ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ كېتىۋاتساق، يولدا «قەشقەر دېھقانلىرىنىڭ كىيىمىنى كىيىپ، ئېشەككە مىنىپ كېتىۋاتقان ھوشۇر قارىي»غا يولۇقۇپ سالاملىشىپ ئۆتتۇق. خىيال كەپتىرىمىز بىردىنلا شېئىر ئېتىملىرىغا كۆچۈپ، سۈرىيىنىڭ شائىرى نىزار قەببانىينى ئەسلەپ كېتىۋاتساق، دەل «رىقابەتلىك بۇ دۇنيا» ۋە «بۇ دۇنيا» دېگەن شېئىرلار ئۈستىدە بولۇۋاتقان تەلقىن ئۈستىگە كېپقاپتىمىز. تەلقىندىن كۆڭلىمىز مەمنۇن بولغان ھالدا قايتىپ چىقتۇق. يولىمىزنى داۋاملاشتۇرۇپ« تاغامنىڭ شاپتۇللۇقى»غا ئۇلاشتۇق. بىز قەھرىتان قىشنى مۇشۇ يەردە ئۆتكۈزۈپ ھاۋا ئىللىغاندا يولىمىزنى داۋاملاشتۇرماقچى بولدۇق. بۇ جەرياندا كېسەل بوپقالساق ئەخمەتجان ئىسمائىل ئەپەندى داۋالىدى ۋە پىسخىك مەسلىھەت بېرىپ تۇردى.

## 2 - سان

ھاۋا خېلىلا ئىللىپ قالغانىدى. بىز يەنە سەپىرىمىزنى داۋام قىلىپ بىر رەستىنىڭ ئالدىغا كېلىشىمىزگىلا «شائىر، ئاتاقلىق ئۇستاز مۇھەررىر، ئەدەبىيات سېپىنىڭ قابىل تەشكىلاتچىسى ئابلىز نازىرىي ئەپەندى»ئالدىمىزغا چىقىپ بىزنى قىزغىن كۈتۈۋالدى ۋە ئۆيگە تەكلىپ قىلدى. ئۆي ئىچىدە «تارىخچى مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگان» شىرە ئالدىدا ئولتۇرۇپ «تارىخىي رەشىدىي»نى يېزىپ ئولتۇرغانىكەن. بۇ ئۇلۇغ تارىخچى بىزگە نۇرغۇن تارىخىي بىلىمدىن ساۋاق بەردى. بىز شادلىق ئىچىدە «ئۇيغۇر مۇقاملىرى»دىن بىر نەچچىنى ئورۇنداپ خوشلاشتۇق. سەپەر ئۈستىدە مەكتەپ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، بىردىنلا « مائارىپ ھەققىدە تەلقىن قىلىپ ئوربىتا ئىزدەش»كە چۈشۈپ كەتتۇق. شۇ بايانلارنى ئاڭلاۋاتقان بىر چەت ئەللىك ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ قىسقا — مىغىزلىق كۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇۋىدى، بىز خىجىل بوپكەتتۇق. بۇ چاغدا ئۇ خۇشخۇيلۇق بىلەن: « ھېچقىسى يوق، سىلەر شەرقلىق ئەمەسمۇ»دەپ بىزگە «تەسەللىي» بەردى.

يول ئۈستىدە بىر سەپەردىشىمىز «يېڭى قوشنىسى» ھەققىدە دادلاپ بەردى. ئۇنىڭ دادلاشلىرىنى ئاڭلاپ بولۇپ: «ئى ئاللاھ، بىزنى ناچار قوشنىلارغا يولۇقتۇرمىغايسەن» دېيىشتۇق. بۇنى ئاڭلىغان ئەتراپىمىزدىكىلەر: «توغرا، توغرا» دەپ چاۋاك چېلىشىپ كەتتى. بۇنىڭغا ئۇلىشىپلا بەزىلەر «تېلېۋىزور» ھەققىدە، يەنە بەزىلەر «ياپونىيەدىكى تۇغۇتى»ھەققىدە ئەھۋال ئېيتىشسا، يەنە بىر دوستىمىز«ھاۋاي ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى كۈنلىرى»نى ئەسلەپ بەردى. بىز شۇ پىكىرلەر بىلەن مېڭىپ بىر سەھراغا كېپقاپتىمىز. بىر دەرۋازا ئالدىدا ئۈچ بوۋاي تەبەسسۇم قىلىپ ئولتۇراتتى. بىز بۇ ئۈچ بوۋايغا سالام قىلىپ ئۆتۈپ كەتتۇق. دەرۋازىغا ئۇيغۇرچە ۋە ئەرەبچە يېزىلغان «يا ئاللاھ، ماڭا رەھمەت دەرۋازاڭنى ئاچقىن!» دېگەن سۆزلەر كۆزىمىزگە چېلىقىپ تۇراتتى.

## 3 - سان

يازمۇ كىرىپ قالدى. بىز مېڭىپ بىر سەھرادىكى دۆڭلۈككە ئۇلاشقاندا «قەلبداشلار» بىلەن ئۇچرىشىپ قالدۇق. ئۇچراشقانلار ئىچىدە «ۋاڭ مېڭ ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئۇۋچى دوستلىرى»مۇ بار ئىدى. كۆرۈشمىگىلى ئۇزۇن بولغان دوستلار بىلەن كۆرۈشكەندە گەپلەر تۈگىمەيدىكەن. بىز سۆھبىتىمىز جەريانىدا «ئىناقلىق جەمئىيىتى ۋە ئۇيغۇر ئوبرازى»، «جاھاندارچىلىق پەلسەپەم»، «شەھەرلىشىش، كىملىك كرىزىسى ۋە ياشلىرىمىز ئالدىدىكى قىيىنچىلىقلار» ئۈستىدە پاراڭ سوقۇپ كەچ كىرگىنىنى تۇيماي قاپتىمىز. بىز ھەممىمىز : «ياخشى پىلاستىنكا بولسا كۆرسەككەن» دېيىشىپ، مۇقام سەھنىلەشتۇرۇپ

### بىز باسقان يوللار

ئىشلەنگەن بىر پلاستىنكىنى VCD ئاپپاراتىغا سالدۇق. ئېكراندا لەرزان مۇزىكىلار ئارىسىدىن سەللە يۆگىۋالغان ئاتاقلىق مۇقامچىمىز ئوسمان ئەمەت كۆرۈندى. شۇنىڭ بىلەن بىز «دوپپا» ۋە «سەللە»ھەققىدە بەھس ـ مۇنازىرە قىلىشقا باشلىدۇق. شۇ سۆھبەتلەر بىلەن قاچانلاردا ئۇخلاپ قالغانلىقىمىزنىمۇ بىلمەي قاپتىمىز. چۈش كۆرۈپ«ئاھ، بەخت نەدە؟» دەپ ئويغىنىپ قارىساق تاڭ ئېتىپتۇ.

## 4 ـ سان

سەپىرىمىز پىژغىرىم ئىسسىقتا داۋاملاشماقتا. قاياقلاردىندۇر نەغمە ـ ناۋا ئاڭلاندى. شۇ تەرەپكە يېتىپ بارساق سورۇن تۈزۈلۈپ، «جۇڭگو شىنجاڭ تۇنجى نۆۋەتلىك خەلقئارالىق مىللىي ئۇسسۇل بايرىمى» ئۆتكۈزۈلۈۋاتقانىكەن. سورۇنغا بىزمۇ ئىشتىراك ئەتتۇق. شۇ جەرياندا نۇرغۇن زىيالىي ـ ئەرباب بىلەن «زامان تەقەززا پىكىرلەر» ئۈستىدە توختىلىپ، «يەرشارىلىشىش ۋە بىز»، «ياپونلاردا ئىسلاھات ۋە مىللىي روھ» قاتارلىق مەزمۇنلار ھەققىدە كۆپ پىكىر ئالماشتۇردۇق. شۇ ئەسنادا كۆزىمىز بىردىنلا سورۇننىڭ «چېتىدىنرەك» ئورۇن ئالغان، خوتەن ناھىيىسىدىن چىققان باي كېرەم ئىمىن كۆزىمىزگە چېلىقتى ۋە ھەممىمىز ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ ، يېقىنقىدىكى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ ئۇجمە بىلەن مېھمان قىلىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدۇق. كېرەم باي كامالىي ئېھتىرام بىلەن ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ داستىخان راسلىدى. داستىخان ئۈستىدە نۇرغۇن تېمىدا پىكىرلەر، يېڭى ئىدىيلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى . بىرى «سەھرا بازىرىدىكى ھېكايە»سىنى قىزىقارلىق قىلىپ سۆزلىسە، يەنە بىرى پاكىت ـ دەلىللەر بىلەن «ياغلىق قاپاق ۋە بۇلغانغان كىملىك» ھەققىدە ئۆز پىكىر ـ قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قوياتتى. يەنە باشقا بىرى « مەدەنىيەتنىڭ گېن خەرىتىسى»نى ئوبرازلىق، سىستېملىق چۈشەندۈرۈپ ھەممىمىزنى قايىل قىلدى. بىز بۇ داستىخان ئۈستىدە قورساقنى ئۇجمە بىلەنلا ئەمەس، تەپەككۇرىمىزنى يېڭى ئىدىيە، يېڭى كۆز قاراشلار بىلەن تولدۇردۇق. ئاخىرىدا كېرەم بايمۇ ئۆزىنىڭ «مائارىپ دوقمۇشىدىكى خىياللىرى»نى شەرھلەپ، مەكتەپ، دوختۇرخانا سېلىشتىكى مەقسەت ـ مۇددىئاسىنى ئەينەن ئىزھار قىلدى.

## 5 ـ سان

كۆز شاماللىرى يۈزلىرىمىزنى سىپاپ ئۆتەتتى. بىز «ئەسئەت مۇختار»ئەپەندى ئورۇندىغان مۇڭلۇق قوْمۇل مۇقاملىرى ئىچىدە مەستخۇش بولۇپ بىر دەرۋازا ئالدىغا كېپقاپتىمىز. بۇ دەرۋازىغا «ئۆگىنىش جەمئىيىتى» دەپ يېزىلغان بولۇپ، بىز دەرۋازىنى ئېچىپ ئىچىگە كىردۇق. ئۇنىڭ ئىچى كەڭرى بىر شەھەر بولۇپ، بۇ يەردىكى خەلقلەرنىڭ بەزىلىرى مودا قوغلىشىپ ئۆز ئەنئەنىسىدىن يالتىيىۋاتقان، يەنە بەزىلەر ئۆزىنىڭ «كىملىك»ى ئۈستىدە قىلچە پىكىر يۈرگۈزمەستىن قېچىردەك كېتىپ بارماقتا ئىدى. بىزنىڭ بۇ خىل مەنزىرىلەردىن كۆڭلىمىز سوۋۇپ، بۇرۇلۇپ باشقا يول بىلەن ماڭدۇق. شۇ مېڭىشىمىزچە بىر «لايدىن ياسالغان قەلئە»گە يولۇقتۇق. قەلئەنىڭ سىرىغا قىزىقىپ، سۈرۈشتە قىلىپ بىلىۋىلىپ ئېتىخارلىق ۋە شادلىققا چۆمۈشتۇق. يولىمىزنى «ئىشقي ۋەتەن ۋە پىراقىي يارەن»بىلەن «يېڭى ئىدىيە ھەققىدە جۆيلۈپ» كېتىۋېتىپ قورسىقىمىزنىڭ ئاچقانلىقىنى ھېس قىلىپ «داستىخان» سالدۇرۇپ غىزالاندۇق. غىزادىن كېيىن «غورتەك»نىڭ كىرا ماشىنىسىغا چىقىپ، ياتىقىمىزغا قايتتۇق. ياتىقىمىزغا كىرىپ تېلېۋىزورنى ئېچىۋىدۇق، ناخشا قويۇلدى. لېكىن ناخشا باشلىنىش ئالدىدا رىياسەتچىنىڭ ناخشىنىڭ كومپوزىتورى ۋە تېكىستىنىڭ ئاپتورىنى ئەسكەرتىپ قويمىغانلىقىدىن كۆڭلىمىز غەش بولۇپ: «ئاتقا مىنگۈزگەنلەرنى ئۇنتۇتماسلىق كېرەك» ئىدىغۇ دەپ غۇلغۇلا قىلىشىپ كەتتۇق.

## 6 ـ سان

قەھرىتان سوغۇق يەنە باشلاندى. بىز سەپىرىمىزنى داۋاملاشتۇرۇپ بىر قورۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ قالدۇق. «قورۇ ئىچى ئىنتايىن شادلىققا تولغان بولۇپ»، قىز ـ چوكانلار، يىگىتلەر، بوۋايلار ئۆزىنى ھەر تامانغا تاشلاپ ئىشقىي ـ پىراقى ۋە سەۋدالارچە ئۇسسۇل ـ ساماغا چۈشكەندى. ئۇلارنىڭ بۇنچە خۇشھال بولۇشىنىڭ سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرگەندۇق، ئەسلىدە بۇ سەھرانىڭ مۇھىم بىر ئۆتەڭگە كۆۋرۈك سېلىنىپ، يول راۋانلاشقانىكەن. بىزمۇ ئۇلار سالغان كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ بېقىش مەقسىتىدە مېڭىۋېتىپ، يول ئۈستىدە «دەيۈز تىلەمچىلەر»گە يولۇقۇپ، «دەيۈزلۈك ئەخلاقىنىڭ كېلىپ چىقىشى» ھەققىدە ئويلىنىپ قالدۇق ۋە بۇ ھەقتە يېڭى تونۇغۇلارغا ئېرىشكەندىن كېيىن پىلانىمىز بويىچە «ئۈچ ئەدىب»بىلەن سۆھبەتلىشىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ خانىلىرىغا قاراپ يول ئالدۇق. «ئۈچ ئەدىب بىلەن بولغان سۆھبەت» ئىنتايىن جانلىق ۋە مەزمۇنلۇق بولدى. سۆھبەت ئارقىلىق «يۈرەكتاغنىڭ ئەپسانىۋى قاتلىمى» ھەققىدىمۇ يېڭى بىلىملەرگە ئىگە بولۇپ ياندۇق. «بىر ياخشىلىق كەينىدىن بىر يامانلىق» دېگەندەك، «ئۈچ ئەدىب»نىڭ سۆھبىتىدىن يېنىپ «ھاراق»سورۇنىغا يولۇقۇپ قالدۇق. بىز بۇ سورۇندىن ھەزەر ئەيلەپ سەپىرىمىزنى داۋام قىلدۇق. بىر مەھەللىدىن ئۆتكەندىن كېيىن سەھرا يولىدىن شەھەرگە كىرىپ كەپتىمىز. شەھەرگە كىرىشىمىزگە بۇ يەردە «پۇل ـ مۇئامىلە كرىزىسى، مال باھا، پاي، شىركەت» ھەققىدە قىزغىن گەپ ـ سۆزلەر بولۇۋېتىپتۇ. بىز بۇ ھەقتىكى ئۇچۇرلارغا ئىگە بولغاچ يەنىلا ئەينى مۇددىئا بولغان «ئەقىل ـ پاراسەت، مەۋجۇدلۇق، مەھكۇملۇق»ھەققىدە ئىزدىنىش، مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن بىر يىللىق «مەدەنىيەت»سەپىرىمىزنى ئاياغلاشتۇرۇپ مول تەسرات، يېڭى ئىدىيە ۋە كۆز قاراشلارغا ئىگە بولۇپ ۋە ئۇنى تەشۋىق قىلىپ «كەچ بولۇشىغا قارىماي قايتىپ كەلدۇق».

بىز بىر يىللىق سەپەر ـ مۇساپىمىزغا نەزەر تاشلىۋىدۇق، كۆڭلىمىز بەكمۇ سۆيۈندى: بىز باسقان يول نېمىدېگەن نەتىجىلىك، نېمىدېگەن مەنىلىك بولغان ـ ھە.

ئاپتور: خوتەن ناھىيە خانئېرىق يېزا باشلانغۇچ مەكتەپتە مۇئەللىم(MI)




## قايسىسىنى تاللايسىز؟

مۇنداق بىر يۈزتۇرانە ئىمتىھان سوئالى بار: «ئەگەر سىز يامغۇرلۇق، بوران چىقىۋاتقان كېچىدە ماشىنىڭىزنى ھەيدەپ ئاپتوبۇس بېكىتى ئالدىدىن ئۆتۈپ قالدىڭىز. ئۈچ كىشى كوچا ئاپتوبۇسىنى ساقلاۋاتقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى ھالسىزلىنىپ، ئۆلەي دەپقالغان بىمار، ناھايىتى بىچارە. يەنە بىرى دوختۇر. ئۇ ئىلگىرى سىزنى داۋالاپ، ھاياتىڭىزنى قۇتقۇزۇپ قالغان شەپقەتچىڭىز. سىز ھەمىشە ئۇنىڭ شەپقىتىنى قايتۇرۇپ چۈش كۆرەتتىڭىز. ئۈچىنچىسى بىر قىز، سىز دائىما چۈشىڭىزدە ئۇنى كۆرۈپ، توي قىلىشنى ئويلاپ تۇراتتىڭىز. بەلكىم ھازىر مۇھەببىتىڭىزنى ئىزھار قىلمىسىڭىز پۇرسەت ئۆتۈپ كېتەتتى. لېكىن ماشىنىڭىزغا سىزدىن باشقا ئاران بىرلا ئادەم سىغىدۇ. يۇقىرىقىدەك ئەھۋالدا ، سىز قايسىسىنى تاللايسىز؟ جاۋابىڭىزنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈڭ؟»دېيىلگەن.

200دىن ئارتۇق جاۋاب بەرگۈچى ئارىسىدىن پەقەت بىرىلا تاللانغان. ئۇ جاۋاب بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرمىغان. ئۇنىڭ جاۋابى مۇنداق بولغان: «مەن ماشىنىنىڭ ئاچقۇچىنى دوختۇرغا بېرىپ، ھېلىقى بىمارنى ماشىنىغا ئولتۇرغۇزۇپ، ئۇلارنى دوختۇرخانىغا يولغا سالاتتىم. ئۆزۈم ماشىنىدىن چۈشۈپ، چۈشۈمدە كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان مەشۇقۇمنىڭ يېنىدا قېلىپ ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ، بىرلىكتە ئاپتوبۇس ساقلايتتىم.»

ئاخىرىدا ھەممە ئادەم بۇ جاۋابقا قايىل بولغان.

---

* ماۋزۇ مەسئۇل مۇھەررىر تەرىپىدىن قويۇلدى.

تەييارلىغۇچى: ئابدۇقەييۇم ئوبۇلقاسىم

## «ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە»، ياخشى دەرستۇر، ئىبرەت ئىزدىسە.

### ئابدۇقەييۇم ئوبۇلقاسىم

ھەيھات! جاھان قىسمەتلىرىنىڭ ئەجەبلىكىگە قاراڭكى، ساۋساۋ گۇمانخور ئىدى، گۇمانخورلۇقى جېنىنى ئالدى.جاڭ فېي مەيخور ئىدى، مەيخورلۇقى بېشىغا چىقتى. گۈەن يۈ كاللا كېسەر ئىدى، ئاخىرى رەقىبلىرىنىڭ قولىدا كاللىسى كېسىلدى. جۇگېلياڭ دانالىقى ۋە سۆزمەنلىكى بىلەن تالاي رەقىبىنى يېڭىپ قان يىغلاتقانىدى، ئاخىرى رەقىبى سىماينىڭ ھىيلىسىدىن ئۆزى قان قۇستى. ليۇبېي ھېسسىياتچان ئىدى، ئاخىرى ھېسسىياتى ئەقلىدىن غالىب كېلىپ ھالاك بولدى.

ئاقىلغا ئىشارەت، نادانغا جۇۋالدۇرۇز

www.uyghurkitap.com

قىسقىسى، «سۇنىڭ سۇغا كەتتى، ئۇتنىڭ ئۇتقا.»

※ ※ ※

ھەي جاھان، نېمانچە بىۋاپاسەن! ئۇز زامانىسىدا جاڭ سۇڭ بىرلا كۆرگەننى ئەستە ساقلىيالايدىغان قابىلىيەتكە ئىگە، شۇنداقلا قالتىس مۇنازىرىچى ئىدى. ياڭ شيۇ مەنتىقىي خۇلاسە چىقىرىشقا ماھىر، ئالدىن كۆرەر ئىدى. خۇاتۇ مەشھۇر تېۋىپ ئىدى. ساۋجى «ئون ئۇلۇش تالانتنىڭ سەككىزى مۇجەسسەملەنگەن» دەپ تەرىپلەنگەن ئىستىبدات ئىگىسى ئىدى. ئەمما ھەممىسىنىڭ ئاقىۋىتى خەيرلىك بولمىدى.

ئەگەر ئۇلار شەرق ئەللامىسى شەيخ سەئدىينىڭ: «بۇلبۇل خۇش ناۋا بولغاچ قەپەستە» دېگەن سۆزىدىن خەۋىرى بولسىچۇ كاشكى!

※ ※ ※

يۈەن شاۋ ئادەم ئىشلىتىشكە ئېپى يوق، سەپرا ـ تېرىككەك ئىدى. بۇ نېمىدېگەن يامان سۈپەت ـ ھە؟ مۇشۇ سۈپەتلا «ئۇچ پادىشاھ» لىقنىڭ تىركىشىشى ۋە بىھېساب قان تۆكۈلۈشكە سەۋەب بولدى. يۈەن شاۋ «كەللە ۋە دىمنە» دىكى: « ھەسەت دىندىن چىقىرار، غەزەپ ئەقلنى قاچۇرار» دېگەن ئىبارىلەرنى بىلگەن بولسىچۇ كاشكى!

※ ※ ※

دانىشمەن، پالۋانلار ساقلى بىلەن سۈرلۈك بولىدۇ، زاكونچى ـ مۇنازىرىچىلەر ماقال ـ تەمسىل، نەزمىلىرى بىلەن دانىشمەن بولىدۇ. خەلقىمىز نېمىدېگەن ياخشى ئېيتقان: «ئەر كۆركى ـ ساقال، سۆز كۆركى ـ ماقال».

※ ※ ※

شۇ پادىشاھسى ئەلچىلىرىدىن لى خۇي سۆزدىكى ماھارەت ـ پاساھىتى بىلەن ماچاۋنى ئەل قىلدى؛ دېڭ جۇ بولسا سۇن چۈەن ھۇزۇرىدىكى ياغ قايناپ تۇرغان داڭقان ۋە كاللا كېسەرلەر ئالدىدىمۇ قىلچە ھودۇقماستىن كامىل تىل ماھارىتى بىلەن سۇن چۈەننى قايىل قىلدى.

«كەلىلە ۋە دىمنە» دە نېمىدېگەن توغرا ئېيتىلغان:
نەچچە يۈز مىڭ باتۇر لەشكەر قىلالمىغان ئىشلارنى،
ھەل قىلدۇ ئەقىللىقلەر چىن مۇكەممەل سۆز بىلەن.

※ ※ ※

دۇڭ جۇنىڭ ھاكىمۇتلەقلىقى چېكىگە يەتكەندىن كېيىن، ۋەزىرلەر بىر قېتىملىق مەۋلۇت زىياپىتىدە دۇڭ جۇنىڭ قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىدىن زارلىنىپ يىغا ـ زار قىلىشقاندا پەقەت ساۋساۋلا قاھ ـ قاھلاپ كۈلدى. باشقا ۋەزىرلەر ئەجەبلىنىپ، كۈلۈشنىڭ سەۋەبىنى سوراشقاندا ساۋساۋ جاۋابەن: « پۈتلىسىنى ئېقىتىپ ئولتۇرغاندىن كۆرە، بىر تەدبىر تېپىش كېرەك» دېدى. مۇشۇ روھلا ساۋساۋنى تارىخ سەھىپىسىدىن ئورۇن ئالدۇردى.

مۇتەپەككۇرلار : «ئەڭ يامان ھالىدىن كۈلىدىغان، ئەڭ ياخشى كۈنىدىن يىغلايدىغان ئادەملەر كېمىيىپ بارماقتا» دېيىشكەنىدى.

※ ※ ※

«ئۇچ پادىشاھلىق» نېمە ئۈچۈن شۇنچە ئۇزۇن تىركىشىدۇ؟ چۈنكى گېئومېترىيىدە: «ئۇچ بۇلۇڭ مۇقىملىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە» دېيىلگەن.

※ ※ ※

جۇگېلياڭنىڭ ئاددىي كۈلبىسىگە ئېسىلغان بىر مەسنەۋى باركى: « سۇلار سۈيۈق بولسىمۇ ئىرادە قويۇق، يوللار تۈيۈق بولسىمۇ مەقسەتلەر ئۇلۇغ.» ئەگەر ياشلارنىڭ ئۆيلىرىگىمۇ مۇشۇ نەزمە چاپلانغان ۋە ئەمەلىي ھەرىكىتىگە ئايلانغان بولسا، «رىقابەت، خىرىس» دېگەنلەردىن ۋەھىمە يېمىگەن بولارئىدى.

---

ئاپتور: خوتەن ناھىيە خانئېرىق يېزا باشلانغۇچ مەكتەپتە مۇئەللىم

# زۆرۈرىيەت ھېكمەتلىرى

### ـــ «خان تەسنىپ قىلغان ياخشى ئىشقا راۋاج بېرىدىغان زۆرۈر سۆزلەرنىڭ مۇقەددىمىسى» دىن ھېكمەتلەر

▲ قائىدە بىلەن ئىش قىلىپ ياخشى بولۇش ياكى يامانغا قوشۇلۇپ يامان بولۇش، خۇددى ئاۋاز بىلەن سايىسى ئۆزىگە ھەمراھ بولغانغا ئوخشاش.

▲ قىلغان ياخشىلىق يىغىلمىغۇچە نام چىقارغىلى بولمايدۇ.

▲ يامانلىق يىغىلمىغۇچە ھالاك بولماس.

▲ ياخشىلىقنىڭ چوڭى يوق، يامانلىقنىڭ كىچىكى.

▲ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ياخشىلىق قىلسىمۇ كۆپايە قىلماس؛ بىر كۈن قىلغان يامانلىق ئۆمرىدە قىلغان ياخشىلىقتىن ئېشىپ كېتەر.

▲ ياخشىلىقنى كۆرگەندە (سۇغا) تەشنا بولغاندەك، يامانلىقنى ئاڭلىغاندا گاسقا ئوخشاش بولۇڭلار.

▲ ياخشىلىقنى كۆرگەندە ئۆز ۋۇجۇدۇڭلاردىن چىققاندەك خىيال قىلىڭلار؛ يامانلىقنى كۆرگەندە ئۆز بەدىنىڭلار گىرىپتار بولغان كېسەلگە ئوخشاش كۆرۈڭلار.

▲ بىر كۈن ياخشىلىق قىلسا دەرھاللىققا دۆلەت يېتىپ كەلمىگەن بىلەن جاپا ۋە ھادىسە ئۇنىڭدىن يىراق بولۇر؛ بىر كۈن يامانلىق قىلسا، دەرھاللىققا جاپا ۋە ھادىسە يېتىپ كەلمىگەن بىلەن ئۇنىڭغا كېلىدىغان دۆلەت يىراق بولۇر.

▲ ھەرقانداق كىشىنىڭ ئادەم بولۇپ راۋاج تاپقانلىقى، ئەلۋەتتە كۆپ ساۋابلىق تاپقانلىقىدىندۇر.

ھەرقانداق كىشىگە ھالاكەت يەتكەنلىكى، ئەلۋەتتە يامانلىقنى كۆپ قىلغانلىقىدىندۇر.

▲ ياخشىلىق قىلىدىغان ئادەم خۇددى ئەتىيازدىكى ئوت - چۆپتەك ئۆسكىنى كۆرۈنمىگەن بىلەن، كۈندىن - كۈنگە ئۆسۈپ بارىدۇ؛ يامانلىق قىلىدىغان ئادەم خۇددى بىلەيتاشتەك ئۇپرىشى كۆرۈنمىگەن بىلەن، كۈندىن - كۈنگە ئۇپراپ بارىدۇ.

▲ ساۋابلىق ئىش قىلغان كىشىنىڭ كۆڭلى كۈندىن - كۈنگە تىنچ، يالغانچىلىق قىلغان كىشىنىڭ كۆڭلى كۈندىن - كۈنگە ئەنسىز بولۇر.

▲ مال - دۇنيا ئائىلىگە، ئىلىم ئادەمگە زىننەت بېرۇر.

▲ ئادەم باشقا ئادەمنى ئەيىبلىگەندەك ئۆزىنى ئەيىبلىيەلىسە رەسىم - قائىدىنى، ئادەم ئۆزىنى قانداق ئايىسا باشقا كىشىنىمۇ شۇنداق ئايىسا رەھىمدىللىقنى كامالىغا يەتكۈزگەن بولىدۇ.

▲ ئادەم كىشىگە جەبىر قىلىپ راھەتلىك بولسا، ئاخىرى ئۆزى ھالاك بولۇر.

▲ ئادەم ساۋابلىق ئىش بىلەن كىشىدىن ئۇستۇن كەلسە راۋاج تاپۇر؛ كۈچ ۋە زورلۇق بىلەن غالىب كەلسە ھالاك بولۇر.

▲ مۇلايىملىق ۋە رايىشلىق ساۋابلىق زىيادە بولۇشىنىڭ ئالامىتىدۇر؛ ئاچچىقى يامانلىق، بىشەرمىلىك ۋە ھارامزادىلىك بالا - قازانىڭ ئىپتىداسىدۇر .

▲ كىشى خىيال - پىكرى چوڭقۇر بولسا يەڭگىللىك بىلەن ئىش قىلمايدۇ؛ دائىم قائىدە بويىچە ئىش قىلسا خىزمىتى ھەم ئۆزۈنغىچە بولىدۇ.

▲ دانا كىشىلەر مۇلايىملىق بىلەن ساۋابلىق ئىشلارنى پۈتتۈرىدۇ؛ نادان ئادەملەر تەتۈرلۈك بىلەن ئىش بۇزىدۇ.

▲ ئادەم نەپسىنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ پايدىنى ئىزدەپ تاپقان بىلەن، بالا - قازا ھەم ئەگىشىپ كېلىدۇ.

▲ئادەم تەكەببۇر، يالغانچى، چوڭ سۆزلۈك، بىھۇدە ئىسراپچىلىق بولسا تەڭرى ئۇنىڭغا جاپا ۋە مېھنەت يەتكۈزۈپ ، مۇرادىنى ھاسىل قىلمايدۇ.

▲ راستچىل ۋە توغرا يوللۇق بولسا، بالا - قازا ئۇنداق كىشىدىن يىراق بولۇر.

▲ شۇم خەۋەر، مۇشكۇلات ۋە دىشۋارچىلىق قىلغان ئىش - ئەمىلگە بېقىپ كېلىدۇ.

▲ بالا - قازا دېگەن نەپسىنىڭ ئارقىسىغا كىرگەندىن، يامانلىق دېگەن كىشىنىڭ غەيۋەتنى قىلغاندىن چوڭ ئەمەس.

▲ ياخشىلىق ۋە يامانلىق ئەمەلىي ھەرىكەتتىن چىقىدۇ. جاپا ياكى دۆلەتنىڭ يېتىشى كىشىگە خۇددى ئاۋاز ۋە سايە ئەگەشكەنگە ئوخشاشتۇر.

▲ كىشىگە نەپ يەتكۈزسە دۆلەت كېلۇر.

كىشىنى يىغلاتسا ھادىسە يېتۇر.

▲ تىنچلىق بىلەن كۈن ئۆتكۈزگەن كىشىنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولۇر؛ ئالدىراپ ئۆزىنى كايىتىدىغان ئادەم ياش كېتىپ، مۇرادىغا يېتەلمەس.

▲ يامانلىق ھەددىدىن ئېشىپ كەتسە بالا - قازا، ئاپەت بىر ئەسىرگىچە كەتمەيدىغىنىمۇ راست.

▲ جېنى بار نەرسىگە جەبىر سېلىپ ۋە ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويسا، قىساسى ئۇ كىشىنىڭ بالا ۋە نەۋرىسىگە يېتىدۇ.

▲ ئىنسان بىر كۈن ئۆمۈر كۆرسە ۋە بىر ئېغىز ياخشى سۆز ئاڭلىسا، يا بىر ياخشى ئىش كۆرسە، يا بىر ياخشى ئىش قىلالىسا، شۇ بىر كۈنلۈك ئۆمرىنى مەنىسىز ئۆتكۈزمىگەن بولىدۇ.

▲ ئادەم باي بولمىسىمۇ راستچىل، ئېھتىياتلىق، ئېغىر - بېسىق، تەمكىن بولغاندا، ئەلۋەتتە ئىززەتلىك بولىدۇ.

▲ يامانلىق قىلماق خۇددى ئورا كولىغانغا ئوخشاشكى، كولاۋەرسە شۇ ئورىغا تۇيماي ئۆزى يىقىلغاندەك.

▲ پىنھاندا ئەيىبلەيدىغان كىشى يوق، ئاشكارا بولسا لەنەت ئوقۇمايدىغان ئادەم يوق.

▲ ئادەم ئۆزىنى ئويلاپ پىكىر قىلمىغاندا، ئەلۋەتتە يېقىندا ھادىسىگە يولۇقىدۇ.

▲ قائىدىگە توغرا كەلمىسە ئەسلا قارىماڭلار.
قائىدىگە مۇۋاپىق كەلمىسە ئەسلا ئاڭلىماڭلار.
قائىدىگە مۇناسىپ كەلمىسە ئەسلا سۆزلىمەڭلار.
قائىدىگە توغرا كەلمىسە ئەسلا قىلماڭلار.

▲ ياخشى ئادەمنى چېقىپ ئەيىبلەيدىغان ئادەملەر ئاسمانغا قاراپ تۈكۈرگەنگە ئوخشايدۇكى، تۈكۈرۈك يېنىپ ئۆز يۈزىگە چۈشكەندەك.

▲ كۈچىگە ئىشىنىپ يۈرۈيدىغان ئادەملەر ئۆز ئەجىلىدە ئۆلمەيدۇ.

▲ كىشىنى مات قىلىپ غالىب كېلىمەن دېگەن ئادەملەر ئەلۋەتتە ئۆزىنى مات قىلىدىغان كىشىلەرگە ئۇچرايدۇ.

▲ ھۆرمەت قىلسا ھادىسە، ، سەۋر قىلسا رەسۋالىق يوق.

▲ ناھايىتى چوڭ ھادىسە بىر دەم سەۋر - تاقەت قىلالمىغاندىن چىقىدۇ.

▲ ئۆز ھالى بىلەن تىنچ بولسا راھەتتۇر.

▲ ئۆزىنى بىلىدىغانلار كىشىگە ھەسەت قىلمايدۇ.

▲ ئەقىل - پاراستى زورنىڭ دۆلىتى ھەم چوڭ، ھىيلىسى تولا ئادەمنىڭ ئۇچرايدىغان پالاكىتىمۇ تولىدۇر.

▲ زالىملىق ۋە پەسلىك بىلەن باي بولسا، ئەۋلادلىرىغا بالا - قازا قالدۇرغان بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

▲ ئادەم تەمەنى ئاز قىلسا، ئىشرەتكە تولا مايىل بولمىسا ئۆمرى ئۇزۇن بولۇر.

▲ قۇشلار دان ئۈچۈن ئۆلىدۇ، ئادەملەر مال ـ دۇنيا ئۈچۈن ھالاك بولىدۇ.

▲ ئېغىر ـ بېسىق بولمىسا ئابرۇي كېتۇر.

▲ زىناغا ھېرىس بولمىسا ناپاكلىق يوق،
شارابقا ھېرىس بولمىسا رەسۋالىق يوق.

▲ ئۆزىنى بۇزىدىغان ئادەمنىڭ ئاچچىقى تېز بولۇر.

▲ ئۆزىنى ماختايدىغان ئادەم ئۇزۇنغا بارمايدۇ.

▲ كىشى بىلەن ياخشى سۆز ـ سۆھبەتتە بولسا ، ئۇنىڭ مۇھەببىتى ئېسىل لىباسنىڭ ئىسسىقىدىن زىيادىرەك.

▲ كېلىدىغان زاماننىڭ ۋەقەلىرىنى ئۇقاي دېسەڭ، ئەينى زاماندا قىلغان ئىشلىرىڭنى بىل.

▲ ئىنساندا بىر پىنھان ساۋابلىق ۋە ياخشى ئىش بولسا، تەگرىنىڭ ياندۇرۇشى ئۇزۇنغىچە بولىدۇ.

▲ نىيىتىڭ دۇرۇس بولسا ھەممە خاتا ۋە يامان ئىش سەندىن يىراق بولۇر.

▲ ياخشىلىقىڭ بولمىسا، ياخشى ئات كۆتۈرۈشۈڭ ئۇزۇنغا بارمايدۇ.

▲ ھادىسە، بالا ـ قازا يامانلىق يىغىلغانلىق، دۆلەت ياخشىلىق يىغىلغانلىق سەۋەبىدىن بولۇر.

▲ كىشى راستچىل بولسا ئەيىبتىن، ئېھتىيات بىلەن پىكىر قىلسا رەسۋالىقتىن قۇتۇلىدۇ.

▲ ئەينەكتىن ئۇستىۋاشىنى كۆرۈپ ئۇگۈلىغىلى، كىشىنى ئەينەك قىلسا پايدا ۋە زىيانىنى پەرق قىلغىلى بولىدۇ.

▲ كىشى ئاڭلىمىسۇن دېسە ئۆزى دېمىگەنگە يەتمەيدۇ؛ كىشى بىلمىسۇن دېسە ئۆزى قىلمىغانغا يەتمەيدۇ.

---

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ش ئۇ ئا ر قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىنىڭ ئالىي مۇھەررىرى ئەركىن ئىمىنىياز قوتلۇق

# سۆكۈت

## ئېلشاد رەخىم

سۆكۈت قىلىشنى ئۆگەنمەك بولدۇم. ئەمما سۆكۈتنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيتتىم. زامانداشلىرىم «سۆكۈت»دەپ ۋارقىرايدۇيۇ، گېزى كەلگەندە ماڭا ئوخشاش سۆكۈتنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدۇ.

ــ ھوي تەنقىدچى،ــ دەپ كايىدى بىراۋلار ــ ئۆزۈڭنى ئۇيۇپراتقىچە سۆكۈت قىلمامسەن؟!

ــ كايىغىنىڭ بىكار. ھەركىم قىلسا ئۆزىگە قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ قىلمىشى ئۈچۈن سەن جازالانمايسەن. سۆكۈت قىل!

سۆكۈت، سۆكۈت، سۆكۈت...

مەن جاھاننىڭ سىرى ـ ئەسرارلىرىنى خېلى ئوبدان بىلگەن دانا زاتتىن سۆكۈت توغرىسىدا سوراپ باردىم:

ــ ئى ئۇلىمايى كىرام، سۆكۈت نېمىدۇر؟

ــ ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتىنى كۈتمەكتۇر.

ــ كىشى سۆكۈت قىلىۋەرسە بوزەك بولمامدۇ؟

ــ ئاگاھلاندۇرغىنىڭ باشقا، سۆكۈت باشقا.

ــ چۈشەنمىدىم.

ــ سەن بىلگىنىڭنى ئەلدىن ئايىما. ئۇلارنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ ، يامانلىقتىن توس. ئەمما چالۋاقاپ كەتمە!

ــ نېمە ئۈچۈن؟

ــ ئىشلارنىڭ ئىختىيار تىزگىنى سېنىڭ قولۇڭدا ئەمەس.

ــ يەنىلا چۈشەنمىدىم.

ــ زامانداشلىرىڭنىڭ تولىسى، ئەڭ ئەقەللىيسى ئەۋرەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. سەن سۆزلىسەڭ زاڭلىق قىلىدۇ. چۈنكى بۈگۈن ھېچكىم سەندىن «يۈز، چاچ ئەۋرەتمۇ ـ ئەمەس؟»دەپ سورىمايدۇ. ئۇلار ھەتتا ياپىدىغان يەرلىرىنىمۇ ياپمايۋاتسا، سۆزۈڭنى ئەڭ يېقىن ھەمرىھىڭمۇ قېتىغا ئالمايدۇ. شۇڭا سۆزۈڭنى ئېيتالايسەنكى، ئاڭلىتالمايسەن.

ــ سەۋەبى نېمىدۇر؟

ــ زامانداشلىرىڭ ئېتىقاد بىلەن ئادەتنى ئارىلاشتۇرۇۋالغان. بىلگىنكى، ئېتىقاد بىلەن ئادەت ئارىلىشىپ كەتكەن قەۋم نادانلىققا مايىل بولىدۇ.

ــ ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى بۇلارنى بىلمىدىغۇ؟

ــ شۇنداق. ئىشلارنىڭ كۆپى بىلمەسلىكتىن، نادانلىقتىن بولىدۇ. يەنە بىلىپ تۇرۇپ ، خۇپسەنلىكتىنمۇ بولىدۇ.

ــ مەن نېمە قىلسام بولىدۇ؟

ــ سۆكۈت قىل!

ــ ئۇنى قانداق ئۆگىنىمەن؟

ــ زاماننىڭ رەپتارى ئۇنى ساڭا ئۆگىتىدۇ. بىراق تەقۋالىق ئۇنىڭغا تېخىمۇ يېقىندۇر.

---

ئاپتور: قورغاس ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3 ـ يىللىق 5 ـ (قوش تىللىق تەجرىبە) سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

# سۇرتۇلگەن ئەينەك

## مەتتۇرسۇن مۇھەممەت

### ئۈمىد

بىر توپ كارۋان ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقتىن دەشتى چۆلدە ئۆلۈمنى كۈتۈپ يېتىپتۇ. ئارىدىن بىرسى توغراقنىڭ تۈۋىنى كولاپ، يىلتىزىنى كېسىپ سۇ چىقىرىپ، بىر ئادەم ئاران قانغۇدەك سۇنى قاپاققا قاچىلاپ، ھەمراھلىرىغا سۇ تېپىپ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىپتۇ. ئۇلارغا دەرھال جان كىرىپ، ھەممىسى قاپاققا ئولىشىپتۇ.

— ئالدىرىماڭلار، سۇ ھەممىمىزنىڭ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرۇشقا يېتىدۇ. ئەمما شەرت شۇكى، ماڭا ئەگىشىپ ماڭىسىلەر، مەلۇم جايغا بارغاندىن كېيىن قولۇمدىكى بۇ بىر قاپاق سۇ بىلەن ھەممىڭلارنى قاندۇرىمەن، — دېگىنىچە ئادەملەرنى باشلاپ مېڭىپتۇ-مېڭىپتۇ. ئاخىر بىر كېچە-كۈندۈز ماڭغاندىن كېيىن بىر چوڭ دەرياغا ئۇلىشىپتۇ. يول باشلىغۇچى كۈچۈلۈكە:

— بۇ قاپاقتىكى سۇ ئەمەلىيەتتە بىر ئادەمنىمۇ قاندۇرالمايدۇ. ئەمما مەن سىلەرنى ئالداپ ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ قالدىم. سىلەر ئىچمەكچى بولغان سۇ ئەنە دەريادا تۇرمامدۇ؟! — دەپتۇ.

خۇلاسىكالام، تەدبىر دېمەك — ئۈمىد دېمەكتۇر، ئۈمىد دېمەك — ھايات دېمەكتۇر...

### تۈلكە

كىچىك چاغلىرىمدا بوۋامغا ھېكايە ئېيتىپ بېرىڭ، دەپ تۇرۇۋالسام، بوۋام پادىچى بولغاچقا تۈلكە ھەققىدە ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن بۇ ھېكايىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى:

— چۆلدە (تەكلىماكان چۆلىنى دېمەكچى) بۆرە، تۈلكە قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار كۆپ بولۇپ، ھەر ۋاقىت قوي، كالا، تۆگىلەرگە ھۇجۇم قىلىپ تۇراتتى. بىر كۈنى ئەتىگەندە بىر تۆگە ئېچىنىشلىق تىۋۋلىغىنىچە كەپە ئالدىغا كەلدى. قارىسام، بىر كىچىك تۈلكە تۆگىنىڭ بويىنىغا چاپلىشىۋالغانىكەن. تۈلكە مېنى كۆرۈپلا تۆگىنىڭ بويىنىدىن ئاجراپ قېچىپ كەتتى. « قارا، ئوغلۇم، تۈلكە كىچىك بولغىنى بىلەن تۆگىنى يېڭىشكە جۈرئەت قىلغان؛ تۆگە چوڭ بولغىنى بىلەن بىر كىچىك تۈلكىگە تەڭ كېلەلمەي ئادەمدىن پاناھ ئىزدەپ كەلگەن... تۈلكىنىڭ باتۇرلۇقى— ئۇنىڭ ياۋايى تەبىئىتىدىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن.»

چۆلدە ياۋا توشقان تۇتۇپ يەيتتۇق. بىر كۈنى يۇلغۇن تۈۋىگە تۇمۇر قىسماق قۇرۇپ قويۇپ، ئەتىسى توشقان چۈشتىمۇ-يوق، يوقلاپ بارسام، قىسماق دۈم كۆمتۈرۈلگەن ھالەتتە تۇرۇپتۇ. قارىسام، قىسماق بارلىقىنى بىلىپ قالغان تۈلكە ئىككى مېتىر نېرىدىن ئاكوپچىلاپ كولاپ كېلىپ، قىسماقنى دۈم قىلىۋېتىپ،«خەتەرنى يوق قىلىۋەتكەن»ئىكەن.

بۇنىڭدىن تۈلكىنىڭ خەتەردىن ئەگىپ ئۆتمەي، «خەتەر»نى تەلتۆكۈس يوق قىلىۋېتىشى ئادەمنى ھەقىقەتەن ھەيران قالدۇرىدۇ.

بىر كۈنى قويلارنى قومۇشلۇققا قويۇۋېتىپ ئېگىز دۆڭگە چىقىپ ئەتراپقا قاراپ ئولتۇراتتىم. كۆز ئالدىمدىكى كۆلچەكنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سۇ چىقمىغان جايدا بىر قانچە ياۋا ئۆردەك ئاپتاپقا قاقلىنىپ ئۇخلاۋاتاتتى. توساتتىن قومۇشلۇقتىن بىر تۈلكە چىقىپ، ئۆردەكلەرنى نىشانلاپ سۇغا شۇڭغۇپ كىرىپ كەتتى. قاراپلا قالدىم. خېلى ۋاقىتتىن كېيىن ئۆردەكلەرنىڭ يېنىدىنلا سۇدىن بېشىنى چىقىرىپ، بىر سەكرەپلا ئۆردەكتىن بىرنى تۇتۇۋالدى-دە، چىشلەپ سۆرىگىنىچە سۇغا ئەكىرىپ كۆزدىن غايىب بولدى.

بوۋامنىڭ يەنە دېيىشىچە، تۈلكە توخۇغا ئامراق بولۇپ، توخۇلارنى كۆپ ھالدا يامغۇر يېغىۋاتقان ۋاقىتتا قونداقتىن تۇتۇپ ئەكېتىدىكەن. ھەر قېتىم تۇتقاندا بىر قانچىنى بىراقلا ئۆلتۈرۈپ، بىر-بىرلەپ ئۇۋىسىغا توشۇپ كېتىدىكەن. ئەگەر يامغۇر ياغمىغاندا توخۇ تۇتماقچى بولسا ئاغزىدا سۇ ئاپىرىپ توخۇلارغا پۈركۈيدىكەن-دە، ئاندىن مەقسىتىگە يېتىدىكەن. چۈنكى يامغۇر ياغقاندا توخۇلار ھۆل بوپكەتكەچكە قاقاقلىماي جىم تۇرىدىكەن-دە، تۈلكىمۇ بىخەتەر ئوغرىلىق قىلالايدىكەن.

تۈلكە ھەققىدىكى بۇ ھېكايىلەر بوۋام ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ھەم راست بولغان ئىشلار ئىكەن.

---

ئاپتور: لوپ ناھىيە ناۋا يېزا مەدەنىيەت پونكىتىنىڭ خادىمى

# كلاسسىك كىتابلاردىن ھېكمەتلەر

▲ خوجىسىغا خائىنلىق قىلغۇچى — خوجىسىدىنمۇ ئېغىرراق كۈنگە قالغۇچىدۇر.

▲ ياخشىلىقنى كۆپرەك ۋە بۇرۇنراق قىلغىن. چۈنكى ئۆلۈم بەتلەنگەن ئوقياغا، ئادەم كېتىۋاتقان ئاھۇغا ئوخشايدۇ.

▲ نەپسىگە چەك قويالماسلىق — ئادەمنىڭ خار ۋە زەبۇن بولمىقىغا سەۋەبتۇر.

— «سوپى ئاللايار»ناملىق كىتابتىن

▲ ئۆزىنىلا ئويلايدىغانلار گەرچە ھايات بولسىمۇ ئۆلۈكتۇر؛

ئۆزگىلەرنىمۇ ئويلايدىغانلار ئۆلۈپ كەتكەن بولسىمۇ تىرىكتۇر.

▲ نەپسى ـ بالادىن كېچەي دېسەڭ، كۆزۈڭنى يۇمۇپ تەپەككۇر قىل.

▲ مال ـ دۇنيا چىراغقا، نامەردلەر پەرۋانىغا ئوخشايدۇ.

▲ زالىم پادىشاھ بولمىسا قەھرىمان مەيدانغا كەلمەيدۇ.

▲ ئاشىق ئۇچۇن مەشۇقى جاندىن يېقىن، دوستتىن يىراق تۇرغۇچىدۇر.

▲ خاتىرجەملىك ئىزدىسەڭ، ماڭار يولۇڭ بىر غېرىچلىق بولسىمۇ يالغۇز يۈرمە.

ـــ «ھۆۋەيدا» ناملىق كىتابتىن

---

تەييارلىغۇچى: مەتتۇرسۇن مۇھەممەت

# لىڭگىرتاقتاق پەلسەپىسى

## ئابلىز ئىبراھىم دولان

**1**

لىڭگىرتاقتاق ئويۇنى باشلاندى. لىڭگىرتاقتاقنىڭ بىر ئۇچىدا ئەر، يەنە بىر ئۇچىدا ئايال تۇردى. ئەر يۇقىرى كۆتۈرۈلسە، ئايال پەسلىدى، ئايال يۇقىرى كۆتۈرۈلسە، ئەر پەسلىدى. ئويۇن مۇشۇنداق داۋاملىشىۋەردى. لېكىن ئەر بىلەن ئايال ھەرگىزمۇ تەڭلىشەلمىدى.

مۈشۈك قوپسا چاشقان يېتىۋالدى، چاشقان قوپسا مۈشۈك يېتىۋالدى. شۇنداق قىلىپ بۇ ئويۇندا مۈشۈك چاشقاننى تۇتالمىدى.

يىگىت قىزنى ياخشى كۆرۈپ قالدى، ھەدەپ ئۇنى قوغلاشتى. لېكىن قىز نەزىرىنى ئۈستۈن قىلىپ ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويمىدى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي قىز يىگىتنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ ئۇنى قوغلاشتى. ئەمما يىگىت ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمىدى. شۇنداق قىلىپ قىز ـ يىگىت ئوتتۇرىسىدا ھەقىقىي سۆيگۈ مەۋجۇد بولمىدى.

**2**

ئامېرىكىدا رەئىس جۇمھۇر سايلىمى بولدى. دېموكراتلار پارتىيىسى تەختكە چىقسا، جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسى تەختتىن چۈشتى؛ جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسى تەختكە چىقسا، دېموكراتلار پارتىيىسى تەختتىن چۈشتى. ئەمما تەختنىڭ ماھىيىتى ئۆزگەرمىدى.

كەمبەغەل باي بولدى، باي كەمبەغەل بولدى. بىراق يەنىلا كەمبەغەل بىلەن باي تەڭلىشەلمىدى.

پۇل ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا ئۆتسە، ئادەمىيلىك، ئەخلاق پەسلىدى؛ ئادەمىيلىك، ئېتىقاد، ئەخلاق تەشەببۇس قىلىنسا، پۇلغا سەل قارالدى. ئىشقىلىپ پۇل بىلەن ئادەمىيلىكنىڭ نىسبىتى تەڭشەلمىدى.

تۇرمۇش گويا بىر لىڭگىرتاقتاققا ئوخشايدۇ. ئىشلار ۋە ئادەملەر ئارا مۇناسىۋەت لىڭگىرتاقتاق پەلسەپىسىدىن ئىبارەت.

---

ئاپتور: مەكىت ناھىيە غازكۆل يېزا باغېرىق ئوتتۇرا مەكتەپتە مۇئەللىم

# تۇنۇگۈن، بۈگۈن ۋە ئەتە

«مەن كىم؟ نەدىن كەلدىم؟ نەگە بارىمەن؟»

ـــ جالالىددىن رۇمىي

※ ※ ※

ئۆلۈم كىشىگە يېتەرلىك پەند ـ نەسىھەتتۇر.

ـــ ئەلىشىر نەۋائىي

※ ※ ※

ئۆلۈمنى ئويلىسا ھەركىم، بىلۇر ئۆز زاتىنى ئاندىن،
تۇغۇلماق، سوڭرە ئۆلمەكلىك ئايانىدۇر ھەممىگە ئاندىن،
لېكىن نەدە، قاچان، قانداق ئۆلۈشنى كىم بىلۇر ئالدىن،
يېشىلمەس بىر تۈگۈن بولدى بۇ ماۋزۇ دەۋرۇ ـ دەۋراندىن،
غەنىيمەت بىل ئادەمزاتقا بىرەر تۆھپە ۋە خىزمەتنى.

جاھان باقىي ئەمەس، لوقمان چېغىدا تاپمىدى دەرمان،
مىسالدۇر رۇمىي ئىسكەندەر ۋە ھەتتا ئەركە چىڭگىزخان،
كېلىپ ـ كەتمەك بىلەن مەشغۇل جاھانغا بىھېساب كارۋان،
ئۆتەر دۇنيا، كېچەر دۇنيا، پەقەت خەلقلا سۈرەر دەۋران،
ئۆمۈر مەنزىلىدە تاپتىم ناھايەت شۇ ھەقىقەتنى.

ـــ ئابدۇرەھىم ئۆتكۈر

※ ※ ※

ئۆمۈرنىڭ بىناسى، ھاياتنىڭ قورۇلۇشى قارارسىز. ھەر دەقىقىنى غەنىيمەت بىل.

— ئىمىر ھۈسەيىن سەبۇرىي

※ ※ ※

ئەتىگە قالمىسا بۈگۈننىڭ ئىشى،
بۇدۇنيادا غالىب ياشار شۇ كىشى.

— خۇسراۋ دېھلىۋىي

※ ※ ※

بەختىڭنى تېپىپ ئۆرۈمە يۈزۈڭ،
ئۆچكە بۆلۈنسۇن كېچە-كۈندۈزۈڭ.
بىرىنى ئۆتكۈز ئىلىم ئۆگىنىپ،
ئىلىمسىزلىك سەت ، ئۆتمە ئۆكۈنۈپ.
ئىككىنچىسىدە سەن ئىلىمنى ئىشلە،
ئۈچىنچىسىدە ئۆگەت ئۆزگىگە.
مەن شۇنداق قىلىپ بولغانمەن دانا،
ھەم جاھالەتتىن بولغانمەن ئادا.

— ئابدۇرەھمان جامىي

※ ※ ※

ياخشىدۇر كەتمەستىن ئۇشبۇ جاھاندىن،
خالاس بولسا ئەقىللەر ھەر پۇشايماندىن.
قولۇڭدىن كەلمىگەننى قىلىشقا ئەتە—
ئاجىزسەن، پايدىلان بۈگۈن ئىمكاندىن.

— ئىبىن سىنا

※ ※ ※

سەن توختىدىڭ. ھالبۇكى، توختىغان كىشىنىڭ ئۆلۈشىدە شەك يوق.

※ ※ ※

ھەرقانداق ئاساۋ ئاتقا يۈگەن بار، لېكىن ۋاقىت دېگەن ئاساۋ ئاتنى ئارقىسىغا ياندۇرغىلى بولمايدۇ.

※ ※ ※

سەن مۇقىم بولماس بىر دۇنيادا باقىي قېلىشنى ئويلايسەن. سەن يۆتكەلمەس سايە بار دەپ ئاڭلىغانمىدىڭ؟...

— ئابدۇقادىر داموللا

※ ※ ※

ئەگەر ئەقىللىق كىشىلەرنىڭ قاتارىدا بولغۇڭ كەلسە، كۈندە بىر قېتىم، بولمىسا ھەپتىدە بىر قېتىم، ئەڭ بولمىغاندا ئايدا بىر قېتىم ئۆزۈڭگە سوئال قويۇپ ئۆز-ئۆزۈڭدىن ھېساب ئال! ئەنە شۇ ھېساب ئالغاندىن كېيىنكى ئۆمرۈڭنى قانداق ئۆتكۈزىدىغانلىقىڭنى. ئۇ ياكى بىلىم ئېلىشقا، ياكى ئاخىرەتكە، ياكى بولمىسا جەمئىيەتكە يارامدۇ؟ بىر كۈنلىرى كەلگەندە ئۆمرۈڭنى ئۆزۈڭ ئۆتكۈنمەيدىغان، پۇشايمان قىلمايدىغان ئىشلار بىلەن ئۆتكۈزۈۋېتىدىنمۇ؟ ياكى بولمىسا نېمە قىلىپ ئۆتكۈزگىنىڭنى بىلمەي يۈرۈۋېرىدىنمۇ؟

— ئاباي قۇنانباي

※ ※ ※

نوھ ئۆمرىگە باھا يوق، ئىسكەندەرمۇ ياش كەتتى،
«ئۆتكەن ئۆمۈر— ئاتقان ئوق»، مىنۇت-سائەت غەنىيمەت.

※ ※ ※

ئىت ھۈرەر، كارۋان يۈرەر،قايتماس ئىزىدىن ئارسلان،
بىلسە ئادەم بۇ ئۆمۈرنىڭ ھەر كۈنى بىر ئىمتىھان.

— ئابدۇرەھىم ئۆتكۈر

※ ※ ※

نۆۋەت ئېلىپ ئۆتسە بۈگۈن، ئەتىنىڭ —
كېلىشىنى بىلمەيتتىمۇ ئارقىدىن.
مەن ھەيرانمەن،
شۇنچە رەنجىپ بۈگۈندىن،
نېمە تېپىپ ئالماقچىدىڭ ئەتىدىن؟

مىنۇت ساناپ كۈن ئۆتكۈزۈش كۆڭۈلسىز،
غاپىل ئۆچۈن ھەرقاچان ئۇ يۈگەنسىز.
دوستۇم، ئەتەڭ قانچە قىزىق بولسىمۇ،
بىلىپ قويغىن، كەلمەيدۇ ئۇ بۈگۈنسىز.

— تېيىپجان ئېلىيېف

※ ※ ※

تامامەن تەنھا بۈگۈن ئىچىدە ياشاش كېرەك! ئۆتكەن ئۆمۈر — ئاققان سۇ. چۈنكى ئۇ نادانلارنى گۆرگە باشلايدىغان ئەرۋاھ. ھەرقانچە قەيسەر ئادەم بولغاندىمۇ تۈنۈگۈن بىلەن بۈگۈندىن ئىبارەت ئىككى ئېغىر يۈكنى يۈدۈۋالىدىغان بولسا، بىر غېرىچ ئىلگىرىلىشىمۇ قىيىنغا توختايدۇ. كەلگۈسىنىمۇ ئۆتمۈشىڭىزگە ئوخشاشلا ئۇزۇل-كېسىل ئايرىۋېتىڭ! ئەتىكى ئېغىر يۈككە تۈنۈگۈنكى ئېغىر يۈك قوشۇلسا زور توسالغۇغا ئايلىنىپ قالىدۇ. كەلگۈسى بۈگۈننىڭ ئىچىدە بولىدۇ. ئىنسانلار قۇتۇلدۇرۇۋالىدىغان كۈن ھازىردىن ئىبارەت. زېھنىي كۈچ ئىسراپچىلىقى، روھىي پەرىشانلىق كەلگۈسى ئۈچۈن غەم يەيدىغان كىشىگە چىڭ ئەگىشىۋالىدۇ....

— دالى كارنېگ

※ ※ ※

دۇنيادا ئۈمىدسىز ئادەم — بىچارىلەر ئىچىدىكى ئەڭ

بىچارە ئادەمدۇر.

ــ سېرگىي يېسىنىن

※ ※ ※

ئادەم ئالەمگە ئۆمرى بىلەن بازارنى، ئۆلۈكى بىلەن مازارنى ئاۋات قىلىش ئۈچۈن كەلگەن ئەمەس...

ــ م. گوركىي

※ ※ ※

ۋاقىت ئۈچ خىل قەدەم بىلەن ماڭىدۇ: كېلەچەك ئاستا قەدەم تاشلاپ كېلىدۇ، ھازىر ئۇچقاندەك تېز قەدەم تاشلاپ ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئۆتمۈش تاشلانغان قەدىمىدە مەڭگۈ قوزغالمايدۇ.

ــ شىللىر

※ ※ ※

ۋاقىت ئۆزگەرمەس ساندۇر، لېكىن تىرىشچانلار ئۈچۈن ئۆزگىرىشچان ساندۇر. ۋاقىتنى «مىنۇت»لاپ ھېسابلايدىغان ئادەمنىڭ ۋاقتى «سائەت»لەپ ھېسابلايدىغان ئادەمنىڭكىدىن 59ھەسسە كۆپ بولىدۇ.

ــ رىباكوف

※ ※ ※

ھەربىر سۇبھى تاڭنى ئۆز ھاياتىڭنىڭ ئىپتىداسى، كۈننىڭ ھەربىر پېتىشنى ئۆز ھاياتىڭنىڭ ئاخىرلىشۋاتقانلىقى دەپ بىل. شۇ كۈندىلىك قىسقا ھاياتىڭ قانداقتۇر بىر خەيرلىك ئىش بىلەن، بىرەر ئىشىڭدا غەلبە قىلىش ياكى قانداقتۇر بىر نەرسىنى ئۆگىنىش بىلەن نىشانلانسۇن.

ــ ژ. رېسكىن

※ ※ ※

ئەگەر مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنى ئۈمىد قىلىدىكەنسەن، قەتئىي ئىرادىنى دوست تۇتۇشۇڭ، ئەجرنى مەسلىھەتچى،ئېھتىياتنى قېرىنداش،ئۈمىدنى قاراۋۇل قىلىشىڭ كېرەك.

ــ ئېدىسون

※ ※ ※

سىزنىڭ ئېرىشەلەيدىغىنىڭىز پەقەت ھازىرقى ۋاقىت. كەلگۈسى يېتىپ كەلگەندە يەنە باشقا ھازىر بارلىققا كېلىدۇ. ھازىرقى پەيت ــ سايىڭىزغا ئوخشاش سىزدىن ئايرىلمايدىغان ھەمدە تېگىگە يېتىش ناھايىتى تەس بولغان ۋاقىت. ئەگەر پۈتۈنلەي مۇشۇ ۋاقىت ئىچىگە چۆكەلىسىڭىز تېخىمۇ گۈزەل كەچۈرمىشلەردىن بەھرىمەن بولىسىز. چوقۇم ھازىرقى ھەر مىنۇت، ھەر سېكۇنتتىن تولۇق بەھرىمەن بولۇشىڭىز، ئۆتكەن كۈنلەرنى ۋە تەبىئىي ھالدا يېتىپ كېلىدىغان كەلگۈسىنى ئويلىماسلىقىڭىز لازىم. ھازىرقى پەيتنى چىڭ تۇتۇش كېرەك. چۈنكى بۇ سىزنىڭ نى ـ نى ئىشنى قىلالايدىغان بىردىنبىر ۋاقتىڭىز.

ــ ۋ. ۋايت دېيىر

※ ※ ※

كىشىلىك ھايات بىر قېتىمدا بىركۈنلا ياشاش بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. شۇڭا تۈنۈگۈنكى دىشۋارچىلىقنى بۈگۈنگە ئەكەلمەسلىك، يەنە بۈگۈنكى ئاۋارىچىلىكنى ئەتىگىمۇ سوزماسلىق كېرەك. شۇنى ئەستە تۇتۇش كېرەككى، بۈگۈنكى بۇ كۈن ــ دەل نۇرغۇن ئىشنى قىلماقچى بولغان تۈنۈگۈننىڭ ئەتىسىدۇر. يەنە شۇنى ئۇنۇتماسلىق كېرەككى، قىممەتلىك بۈگۈن ئۆزۈن ئۆتمەيلا كەتسە كەلمەس ۋاقىت دەرياسىدا غەرق بولىدۇ.

ــ ساڭمىڭ يىياڭ

## ئاتىلار سۆزى بويىچە خۇلاسكالام:

بۈگۈننى غەنىيمەت بىل، ئەتىنى خىيال قىلما.

ئۆتكەننى ئويلىما ئۆمرۈڭ خورايدۇ؛ قاچقاننى قوغلىما، ئېتىڭ چارچايدۇ.

تۇغۇلماق ھەق، ئۆلمەك بەرھەق.

ــ نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن

---

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئۈچتۇرپان ناھىيە سۇ ئىدارىسىدىن ئابدۇۋاھىد مۆلجەرىي

* سەرلەۋھە مەسئۇل مۇھەررىر تەرىپىدىن قويۇلدى(M1)

بۇ سان 2008 ـ يىل 10 ـ دېكابىردا تىزىشقا يوللاندى، 2009 ـ يىل 30 ـ يانۋاردا نەشردىن چىقتى. تەھرىرلىگۈچى: قۇربان مامۇت (M1)، رىسالەت مۇھەممەت (M2)، نۇرىمۇھەممەت ئۆمەر ئۈچقۇن(M3). بېكىتكۈچى: قۇربان مامۇت (ئالىي مۇھەررىر)



ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى نادىر ئەسەرلەرنى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىش
يولىدا ئۈنۈملۈك ئىشلەۋاتقان ئىجتىھاتلىق تىلماچ دىلمۇراد تەلئەت ئەپەندى


《新疆文化》（维吾尔文）
综合性文学双月刊

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 2009-يىل 1-سان (ئومۇمىي 295-سان)
(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

主管单位：新疆维吾尔自治区文化厅
主办单位：新疆维吾尔自治区艺术研究所
编辑出版：《新疆文化》杂志编辑部
国际标准刊号：ISSN1008－6498
国内统一刊号：CN65－1073/I
海外发行：中国图书进出口（集团）总公司出口部
代理者地址：中国北京朝阳区工体东路16号
P.O.BOX 88, 16 Gongti East Road, Bejing 100020, China
海外发行代号：6498BM
发行范围：国内外发行
地　　址：乌鲁木齐市胜利路193号
邮　　编：830001 电话：（0991）2856942
印　　刷：《新疆日报》印务中心
发　　行：乌鲁木齐市邮局
订　　阅：全国各地邮局

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى
چىقارغۇچى: ش ئۇ ئا ر سەنئەت تەتقىقات ئورنى
تۈزۈپ نەشر قىلغۇچى: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1008－6498
مەملىكەتلىك نومۇرى: CN65－1073/I
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو كىتاب
ئىمپورت- ئېكسپورت (گۇرۇھى)
باش شىركىتى ئېكسپورت بۆلۈمى
چەت ئەللەرگە قارىتا ۋاكالەت نومۇرى: 6498BM
مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەرگە تارقىتىلىدۇ
ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 193-نومۇرلۇق قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830001 تېلېفون نومۇرى: (0991)2856942
باسقۇچى: «شىنجاڭ گېزىتى» باسما مەركىزى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

邮发代号：58—22　定价：6元

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 22 — 58 باھاسى: 6 يۈەن




قەشقەر كوچىلىرى (ماي بوياق)    رەسسام: ئابدۇشۇكۇر كىرەم كۆك

www.uyghurkitap.com